مۇھەممەد يۈسۈپ

# پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز

## تەربىيەنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ۋە چارىلىرى

ئىسلامىي ئەسەرلەر نەشرىياتى

ⓗ محمد يوسف محمد تورسون،1433هـ

فهرسة مكتبة الملك فهد الوطنية أثناء النشر

محمد تورسون، محمد يوسف

كيف نربي أولادنا / محمد يوسف محمد تورسون.

النص باللغة الأويغورية

– الرياض،1433هـ

400ص؛ 14×20 سم

ردمك: 978-603-01-1089-6

التربية الإسلامية أ. العنوان

ديوي377.1 1433/9114

رقم الإيداع: 1433/9114

ردمك: 978-603-01-1089-6

# كيف نربي أولادنا

تأليف

محمد يوسف محمد تورسون

الطبعة الأولى

# پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز

ئاپتورى: مۇھەممەد يۇسۇپ

بىرىنچى نەشرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: لۇتفىيە ئەمىن

بۇ ئەسەرنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىلىرى بولغان قىممەتلىك پەرزەنتلىرىنى يارامىلىق
ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش يولىدا جان كۆيدۈرۈۋاتقان ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە
چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن بېغىشلايمەن.

— ئاپتور

﴿وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾

(من سورة الفرقان الأية: 74)

﴿ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلاتلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن﴾

( 25ـ سۈرە فۇرقان 74ـ ئايەت)

# مۇقەددىمە

بسم الله الرحمن الرحيم

ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ۋە ئەڭ ئېسىل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن ۋە شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت، دۇئا ۋە سالام يوللايمەن. ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تا قىيامەتكىچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت-سائادەت تىلەيمەن.

پەرزەنت ئاللاھ تائالانىڭ چوڭ ئامانىتى ۋە كاتتا نېمىتىدۇر. ھەر قانداق ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرىنى ئىمانلىق ۋە ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا مەسئۇل. ئەكسىچە بولغاندا ئۇلار پەرزەنتلەرنىڭ ئاقىۋىتىگە جاۋابكاردۇر. شۈبھىسىزكى، ھاياتتا ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قىلىدىغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى ۋە ھاياتىدىن كېيىنمۇ قالدۇرىدىغان ئەڭ قىممەتلىك مىراسى پەرزەنتلىرىنى قەلب رىشتىسى ئاللاھ تائالاغا تۇتاشقان، دىيانەتلىك قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

بەزى كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ كېيىنچە يوقسۇللۇق تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا كۆپ مال- دۇنيا، ئۆي-ئىمارەت ۋە ياكى يەر-زېمىن قالدۇرۇپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ. ئەمما ئۇلار ھەقىقىي يوقسۇللۇق ئىمان ۋە ئەخلاقتىن نېسىۋىسىز قېلىش ئىكەنلىكىنى

ئويلىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىمان ۋە ئەخلاقنىڭ يوقسۇللۇقى دۇنيادىكى جىمى يوقسۇللۇقلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.

يەنە بەزى كىشىلەر پەرزەنتلىرىگە ئەڭ ئاۋۋال سادىق ئىمان، گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئەمەلدىن ئىبارەت مەنىۋى بايلىق قالدۇرۇشنى ئەۋزەل بىلىدۇ. شۇ ئېنىقكى، بەخت-سائادەت دېگەن پۇل-مالنىڭ كۆپلۈكى بىلەن، ياكى چوڭ مەنسەپلەرگە ئېرىشىش بىلەن، ياكى خەلق ئىچىدە ئابرۇي قازىنىش بىلەن بولمايدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەر بولۇپ، بۇگۈن بار، ئەتە يوقتۇر. ئەمما ئىمان ۋە ئەخلاق بايلىقى پەرزەنتلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرۈشكە كاپالەت قىلالايدىغان ھەقىقىي بايلىق بولۇپ، ماددىي جەھەتتىكى يوقسۇللۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدۇ.

پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە خەلقىمىزگە ياخشىراق بىر نەرسە سۇنۇش ئۈمىدى بىلەن كۆپ ئىزدەندىم. ئىسلامدىكى پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە يېزىلغان ئەرەبچە كىتابلاردىن ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ۋاراقلاپ چىقتىم. كۆپۈنچىلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتىم. ئەمما بۇ كىتابلار تولىراق ئاپتورلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى ئەخلاقىي مۈشكۈلاتلارنى ھەل قىلىشقىلا قارىتىلغان، مېنىڭ خىيالىمدىكى پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى سەۋەبىدىن يۇقىرىقى كىتابلاردىن بىرەرسىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى خالىمىدىم، چۈنكى بۇ كىتابلارنى يېتەرسىز كۆردۈم. چەتئەللەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بەزى ئىسلامىي ئەسەرلەرنى، ھەتتا ئانا ۋەتەندە نەشر قىلىنغان ئەخلاق ۋە تەربىيەگە

دائىر ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇپ چىقتىم. ئەمما ھېچبىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلالمىدىم. چۈنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تەربىيە توغرىلىق ئاساسلىق نەزەرىيەلەر ۋە نەسىھەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، تەربىيەنىڭ باسقۇچلىرى، ئۇسۇل ۋە چارىلىرىدىن سۆز ئېچىلمىغاننىڭ ئۈستىگە، خەلقىمىزنىڭ ئېتىقادىغا، تۇرمۇش سەۋىيەسىگە ۋە ھازىرقى شارائىتىغا ئۇيغۇن شەكىلدە تەكلىپ ۋە پىكىرلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان.

شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىسلام تەربىيەسى ھەققىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇزۇن يىللىق ھاسىلاتلىرىمنى ۋە يېقىندا ئوقۇپ ئۆگەنگەنلىرىمنى توپلاپ، «تەربىيە» ماۋزۇسىدىكى بارچە بوشلۇقلارنى تولدۇرالايدىغان، چۈشىنىشلىك ۋە ئاممىباب بىرەر ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا جىددىي كىرىشتىم. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن بۇ مۇرادىممۇ ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشتا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەرلەر ۋە ماتېرىياللاردىن پايدىلاندىم. كىتابىمغا ئىسلام دۇنياسىدىكى تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەممە ئېتىراپ قىلغان پىكىر-قاراشلىرىنى ۋە مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن تەربىيە ئۇسۇللىرىنى تاللاپ ئالدىم.

جانابى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئادىدىي ئەمگىكىمنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە بۇ ئەمەلنى مۇسۇلمان خەلقىم ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىلىملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇرۇشىنى سورايمەن.

بۇ ئەسەر 2013-يىلى بەيرۇتتا بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

ـ مۇھەممەد يۇسۇپ

ھىجرىيە 1435- يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 12- كۈنى.

مىلادىيە 2013- يىلى 15- نويابىر، جۈمە.

# ئاپتور ھەققىدە

مۇھەممەد يۈسۈپ 1968-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا قارىيلىققا كىرىشكەن بولۇپ، كىچىك يېشىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغان. 1984 - يىلى ناھىيىلىك چوڭ جامەدە تۇنجى خەتمىنى ئوقۇغاندا كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغىغان.

1984- ۋە 1985-يىللار ئارىسىدا يوشۇرۇن مەدرىسەدە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلاپ، دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1986 - يىلى 6- ئايدا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتى بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋە شۇ يىلى ھەج پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، مىسىرغا ئوقۇشقا كەتكەن.

1986-يىلى9-ئايدا مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. تولۇقنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇسابىقە ئارقىلىق تۆتىنچى يىللىققا ئاتلىغان. شۇنداق قىلىپ 4 يىللىق تولۇق ئوتتۇرىنى 3 يىلدا پۈتتۈرگەن.

1989 - يىلى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1993- يىلى تاماملىغان.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1995 - يىلىنىڭ بېشىغىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى «ئۈسكۈدار رايونلۇق قۇرئان

يادلاش مەدرىسەسى»دە، ئەرەب تىلى ۋە قىرائەتتىن دەرس بەرگەن.

1995 ـ يىلىدىن 2001 ـ يىلىغىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى«قازاق-تۈرك ئىنىستىتوتى»دا ئەرەب تىلىدىن مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا قازاقىستاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە « يېڭى هايات» گېزىتلىرىدە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

2001 ـ يىلىدىن بىرى سەئۇدى ئەرەبىستان رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ پىكىر-قارىشى**

مۇھەممەد يۇسۇپ دىنىي جەھەتتە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغان ئىلغار پىكىر-قاراشقا ئىگە بولۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە چەكلىك مۇھىت تەسىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مۇھەممەد يۇسۇپ ھازىرغىچە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغاننىڭ سىرتىدا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا 10 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەرجىمە قىلغان ھەمدە ھەر قايسى تور بەتلىرىدە 100 پارچىدىن كۆپرەك ماقالە ئېلان قىلغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ نەشر قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرى:**

1. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» بىرىنچى نەشرى 1996ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2002ـ يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2010ـ يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

2.« ئىسلام ئەقىدىلىرى» بىرىنچى نەشرى 1997_ يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 1998_ يىلى قەشقەردە، ئۈچىنچى نەشرى 2003_ يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتا، تۆتىنچى نەشرى 2004_ يىلى ئىستانبۇلدا، بەشىنچى نەشرى 2005-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئالتىنچى نەشرى 2006-يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتىدا، يەتتىنچى، سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى نەشلىرى2008- 2009- ۋە 2010-يىللىرى ئالمۇتىدا ئارقا-ئارقىدىن (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) نەشر قىلىنغان.

3. «ناماز ۋە ئۇنىڭ قائىدە- تەرتىپلىرى» بىرىنچى نەشرى 1998_ يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 2007-يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2008-يىلى، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

4. «ناماز ھەققىدە ساۋات» بىرىنچى نەشرى 1998_ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2008-يىلى، تۆتىنچى نەشرى 2009-يىلى، بەشىنچى نەشرى 2010-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئالتىنچى نەشرى رۇس تىلىدا 2013-يىلى ئالمۇتىدا بېسىلغان.

5.«روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» بىرىنچى نەشرى 1999_ يىلى ئەرەب ۋە سىلاۋيان يېزىقلىرىدا ئالمۇتىدا، 2004-يىلى ئىككىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

6.« دىنىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغدايلى» ( يېڭى ھايات ۋە ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى)، بىرىنچى نەشرى 1999-يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2005-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر

قىلىنغان.

7.« زاكات كىتابى» بىرىنچى نەشرى 2003ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

8. «دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى» بىرىنچى نەشرى 2004-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

9.«ئىلاھىي قورغان» بىرىنچى نەشرى 2005ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010-يىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

10.« غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

11. « ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» بىرىنچى نەشرى 2005 - يىلى ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2007- يىلى رىياد، ئۈچىنچى نەشرى 2009-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

12. « ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى (سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى بەيرۇتتا قاتتىق مۇۋاپىقىيەتلىك قىلىپ بېسىلغان. قىسقارتىلغان ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەشرلىرى 2012-يىلى بەيرۇتتا ۋە ئىستانبۇلدا،

تۆتىنچى نەشرى 2013-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، بەشىنچى نەشرى2013-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

15. « دىن ۋە ھايات (1600سوئالغا جاۋاب)» 2009-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان. كېيىنچە تولۇقلىنىپ، «دىن ۋە ھايات(2000سوئالغا جاۋاب)» دېگەن ئىسىم بىلەن ئىككىنچى نەشرى 2010-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2011-يىلى بەيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرىنىڭ ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى2013-يىلى ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى2013-يىلى بەيرۇتتا، ئالتىنچى نەشرى يەنە سىلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا 2013-يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

16. «ئىسلام ئەخلاقى» بىرىنچى نەشرى 2010-يىلى بەيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى2013-يىلى يەنە بەيرۇتتا، ئۈچىنچى نەشرىنىڭ ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى2013-يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

17. « بەدەل ھەج تىجارىتىنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە ئوچۇق سۆز» بىرىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا، ئىككىنچى نەشرى 2013-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

18. « پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟» بىرىنچى نەشرى 2013-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان

**نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئەسەرلىرى:**

1.«قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».

2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).

3.«يۈرەك سىرى»(شېئىرلار توپلىمى).

4. « مانا بۇ ئىسلام ».

5.«قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىز».

6.« پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى!»(ماقالىلار توپلىمى).

**ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى:**

1.«التفسير الواضح»( روشەن تەپسىر). ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد ھىجازى.

2. «الأديان في القرآن»(قۇرئاندىكى دىنلار). ئاپتورى: دوكتور مەھمۇد شەرىف.

3.«مختصر كتاب إظهار الحق»(ھەقىقەتنىڭ ئىپلانى). ئاپتورى: ئەللامە رەھمەتۇللا ھىندى.

4.«كتاب التوحيد»(تەۋھىد كىتابى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفوزان.

5.«العقيدة الصحيحة» (توغرا ئەقىدە). ئاپتورى: سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى باز.

6. «شرح أصول الإيمان»( ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى). ئاپتورى مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇسەيمىن.

7.« منهج اهل السنة والجماعة»(ئەھلى سۈننەلەرنىڭ يولى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.

8.«النصرانية في الأصل والواقع»(خرىستىئان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۈگۈنى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللا سەھىم.

9. «صفة صلاة النبي»(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيىتى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانى.

10. «الوسائل المفية للحياة الطبية» ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدى.

11. «الدروس المهمة لعامة الأمة»(مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار). ئاپتورى: ئىبنى باز.

12. «33سببا للخشوع في الصلاة»(نامازدا خۇشۇنىڭ33 سەۋەبى). ئاپتورى: مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەججىد.

## مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە ........................................ 7**

**ئاپتور ھەققىدە .................................. 11**

**مۇندەرىجە .......................................... 19**

**بىرىنچى باب...................................... 31**

**تەربىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان ................. 31**

**تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەجىر-مۇكاپاتى .......... 33**

بالىلىرىمىز بىزنىڭ بايلىقىمىزدۇر ........................... 33

ھەممىلا ئادەم پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ...................... 34

بالىلىرىمىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېلەچىكىدۇر ..................... 35

بالىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىدۇر.............................. 36

تەربىيە قىيىن ۋە شەرەپلىك مەجبۇرىيەتتۇر ...................... 38

ياخشى تەربىيەنىڭ پايدىسى ئۈزۈلمەيدۇ ......................... 40

ئاتا-ئانىنىڭ ياخشىلىقىدىن بالىلار نەپ ئالىدۇ.................... 41

ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ........................................ 43

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمىدۇر ............................ 45

**تەربىيەنىڭ  مەقسىتى ................................... 48**

چىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ......................... 48

بۇ غايىگە قانداق يەتكىلى بولىدۇ؟.................................. 52

**يېتىملەر ھەققىدە سۆز ............................... 53**

يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەرزدۇر.......................... 53

يېتىمنى باققان ئادەم چوڭ مەرتىۋە قازىنىدۇ ........................... 55

يېتىملەرنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈش كېرەك ........................ 55
يېتىملىك نۇقسانلىق ياكى ئەيىب ئەمەس ........................ 56
يېتىمنى خورلاش چوڭ گۇناھتۇر ........................ 57
يېتىمنى باققانىنىڭ مۇكاپاتى ........................ 57
يېتىمنى باققان ئايال ئانىنىڭ ئورنىدا ........................ 59
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى پاجىئەلەردىن بىر ئۆرنەك ........................ 60
ھالالنىڭ ھېسابى، ھارامنىڭ ئازابى بار ........................ 61
يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاشنىڭ يوللىرى ........................ 64

**تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ........................ 66**

1. ئىخلاس ........................ 67
2. تەقۋالىق ........................ 68
تەقۋالىقنىڭ مەنىسى ........................ 69
3. ئىلىم ........................ 73
4. مەسئۇلىيەتچانلىق ........................ 75
5. چىدام ۋە مەرھەمەت ........................ 75
6. مېھىر-شەپقەت ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت ........................ 78
7. ئاللاھ تائالاغا يۈلىنىش ........................ 79

**ئىسلامدا بالىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ........................ 82**

بالىلىق بولۇش نېمەت، ئەكسىچە بالىسىزلىقمۇ جازا ئەمەس ........................ 82
پەرزەنت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تەۋسىيەلەر ........................ 83
پەرزەنتى بولمىغانلارغا خۇشخەۋەر ........................ 86

**تەربىيەنىڭ ۋاقتى ........................ 87**

بالىنى تەربىيەلەش قاچاندىن باشلىنىدۇ؟ ........................ 87
بالا تۆرۈلۈشتىن بۇرۇنقى ھەق-ھوقۇقلىرى ........................ 87

1. بالىغا ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ تاللىنىشى ........................ 87
2. توغرا كەسىپ قىلىپ ھالالدىن پۇل تېپىش ........................ 92
3. ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئاتاش ۋە دۇئا........................... 95

**بالىنىڭ تۆرەلگەندىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلىرى ............... 97**

1.ئايالنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى تەبرىكلەش ........................ 97
2. تۆرەلمىنىڭ مىراستىكى ھەققىنى قوغداش ........................ 101
3.تۆرەلمىنىڭ ھاياتىنى قوغداش......................................... 102

**بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلىرى..............103**

بىرىنچى كۈندە قىلىدىغان ئىشلار ........................................ 103
ئېغىزلاندۇرۇش ئۇسۇلى .................................................. 104
بالىنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ ھېكمىتى ....................... 105
بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قىلىدىغان ئىشلار ......................... 107
ئىسىملارنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھۆكۈمى ...................................... 108
بالىنىڭ ئېمىش ۋە بېقىلىش ھەققى ....................................... 113
ئانا سۈتىنىڭ پايدىسى ..................................................... 114
ئېمىتىش ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر ......................................... 115
ئاتا-ئانىسى ئايرىلىپ كەتكەن بالىلار....................................... 115
ئاجرىشىشنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ ...................................... 118

**بالا تەربىيەسىدە ئاتا-ئانىنىڭ رولى .....................121**

بالا تەربىيەسىدە ئانىنىڭ رولى ........................................... 122
ئانىنىڭ تەربىيەدىكى مەسئۇلىيىتى......................................... 124
بالا تەربىيەسىدە ئاتىنىڭ رولى ........................................... 125
ئاتىنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى ........................................... 128
ئايال ئېرىگە قانداق ياردەم قىلىشى كېرەك؟.................................. 130
بالا تەربىيەسىدە مۇھىتنىڭ تەسىرى ...................................... 134

ئائىلىدىكى جېدەللەرنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى.................. 135

**ئىككىنچى باب................................. 141**

**ئەڭ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇللىرى ......................... 141**

**مۇقەددىمە ............................................... 143**

**ئۈلگە بولۇش بىلەن تەربىيەلەش.......................... 149**

بالىلار بىز ئويلىغاندىنمۇ بەك ئەقىللىق كېلىدۇ ........................ 149
بالىلاردىكى قوبۇل قىلىش ۋە تەقلىد قىلىش قابىلىيىتى .............. 151
ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەشنىڭ تۈرلىرى ......................... 152
يېگانە ئۈلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر ........................... 154
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسىدىن ئۆرنەكلەر ................. 156
بالىنىڭ  ھاياتىدىكى ئۈلگىلەر ......................................... 167
چوڭلاردا سۆز بىلەن ئەمەلىيەت بىردەك بولماسلىقنىڭ خەتىرى ....... 169

**ئادەتلەندۈرۈش (كۆندۈرۈش)  ئۇسۇلى ئارقىلىق تەربىيلەش ...172**

ئادەتلەندۈرۈش  ئۇسۇلى ئارقىلىق تەربىيەلەشنىڭ ئەھمىيىتى ........ 172
ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى ........................... 175
يامان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ قېلىشتىن توسۇش............................ 176
تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشنىڭ خەتىرى ........................... 177
بالىلارنى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش چارىلىرى .... 178
تاماكا ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتۇر............................ 179
تاماكا چېكىشتىن ساقلىنىش چارىلىرى ............................ 180

**نەسىھەت بىلەن تەربىيەلەش............................... 182**

نەسىھەت ئادەمنى ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە ........................... 184
نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى............................................ 184

مەسجىدكە تەرەت قىلغان ئادەمنىڭ قىسسىسى............... 186
نامازدا سۆز قىلغان ئادەمنىڭ قىسسىسى ............... 187

**ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن تەربىيەلەش ............... 192**

**قىسسىلەر بىلەن تەربىيەلەش............... 195**

قىسسىلەرنىڭ تەسىر كۈچى ............... 195
قىسسىلەردىن تەسىرات ئېلىشنىڭ يولى ............... 195
بالىلارنى قىسسە ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ............... 196

**كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەش............... 198**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىتىشىدىن ئۆرنەكلەر............... 200
يولنىڭ ھەققىنى بېرىشنى ئۆگىتىش ............... 201
ھارامدىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىش ............... 203
كىچىكلەرنى تەربىيە قىلىش ............... 205
كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەشنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىكى............... 206

**مۇكاپاتلاش بىلەن تەربىيەلەش............... 214**

مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەشنىڭ ئەھمىيىتى............... 214
مۇكاپاتلاش بىلەن تەربىيەلەش ھەققىدە تەۋسىيەلەر ............... 215
بالىلارنى مۇكاپاتلاشنىڭ تۈرلىرى ............... 219

**جازالاش بىلەن تەربىيەلەش ............... 223**

جازالاش دېگەنلىك ئۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس............... 223
ئىسلامدىكى جازا بىلەن تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى ............... 224
جازا دەرىجىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ............... 224
بالىلارنىڭ يۇرۇش-تۇرۇشىنى تۈزەش ئۇسۇللىرى ............... 226
بالىلارنى ئۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي نەتىجىلەر............... 235

بالىلارنى ئۇرۇشنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى ......................... 236
بالىلارنى ئۇرۇشنىڭ شەرتلىرى...................................... 236

**سۆھبەت ۋە دىيالوگ بىلەن تەربىيەلەش.......................238**

ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت............................. 238
ھېسداشلىقنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت.......................... 240
قىزىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت......................... 241
بىرەر ئىشتا كېلىشىشنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت .................. 241
بالىلارنى گەپكە كىرگۈزۈش چارىسى ............................... 242
بالىلارغا قانداق «ياق» دېيىش كېرەك؟ .............................. 245
قانداق قىلغاندا بالىلاردىن «ياق»نى ئازايتقىلى بولىدۇ؟............ 247

**ئائىلىنىڭ قائىدە-تۈزۈمى قانداق بولۇشى كېرەك؟ .............248**

قائىدە-تۈزۈمنى قانداق تۈزۈش كېرەك؟ .............................. 248
ئائىلە مەجلىسىنىڭ(ياكى سۆھبىتىنىڭ) زۆرۈرلۈكى ..................... 249

**بالىلارنىڭ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ..........252**

بالىلارنىڭ سوئال سورىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار.................. 252
تەربىيەچىلەرنىڭ سوئاللارغا قارىتا سەلبىي مۇئامىلىسى ..................... 253
جاۋاب بېرىشتىكى سەلبىي مۇئامىلىلەر............................... 253
تەربىيەچىنىڭ سوئاللارغا قارىتا مەسئۇلىيەتلىرى ........................ 255
بالىلارنىڭ ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرى.......................... 256

**پەرزەنت تەربىيەسىدىكى بەزى خاتالىقلار ........................259**

دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش ............................. 259
بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى ........................................... 260
بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى................................ 260
كىچىك بالىلارنى چوڭلاردىن قاچۇرۇش ئادىتى .............................. 261

بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى ......................................... 261
ئۆلگىلىك رولىنىڭ يوقىلىشى................................ 262
بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى............................ 263
ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچنىڭ يوقىلىشى............ 264
بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى ......................................... 264
بالىلاردا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق كېرىزىسى ................... 266
بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى............................ 267
بالا ئۈچۈن ئارتۇقچە قورقۇش ....................................... 267
بۇخاتالىقنىڭ زىيانلىرى ........................................... 268
بالىلارغا ئۆزىنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى تېڭىش.................. 269
بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى ......................................... 270

**پەرزەنت تەربىيەسىگە ئائىت بەزى تەۋسىيەلەر .................273**

بالىلارغا ئۆزىگە تايىنىپ چارە ئىزدەشنى ئۆگىتىش ............... 273
بالىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇشىغا مەدەت بېرىش.......... 273
بالىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ............... 274
بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىغا ئىشىنىش ......................... 274
بالىلارنى ئارتۇقچە قائىدە-تۈزۈملەر بىلەن باغلىۋالماسلىق........ 275
بالىلارنى مەغلۇپ بولغانلىقى سەۋەبلىك جازالىماسلىق............ 275
بالىلارغا ھەممىلا ئىشنى قىلىپ بەرمەسلىك ....................... 276
بالىلارغا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىش............................. 276

**بالىلارغا ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ...............278**

**ئۈچىنچى باب..................................................282**

**بالىلار ئۈچۈن دەسلەپكى دىنىي ساۋاتلار ........................282**

**ئەقىدە .......................................................284**

بالىغا كەلىمە تەييىبەنى ئۆگىتىش ........................ 284
بالىغا ئاللاھ تائالانى سۆيدۈرۈش.............................. 286
بالىلارغا بۇ ھەدىسنى ئۆگىتىپ يادقا ئالدۇرۇش ياخشى ......... 287
بالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيدۈرۈش ...................... 288
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋابىئاتلىرى ............................ 289
پەيغەمبەر سۆيگۈسى قانداق ھاسىل بولىدۇ؟ ........................ 290
بالىغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش ...................................... 290
بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىش قاچاندىن باشلىنىدۇ؟ ....................... 292
بالىلارغا قۇرئان يادلىتىش قانداق باشلىنىدۇ؟......................... 292
قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى ...................................... 293
بالىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش.................................... 294
تىلىمىز دىنىمىزنى قوغدايدۇ........................................ 295
ئانا تىلىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىراسىدۇر ........................... 297
بالىلارغا زىكىر ۋە دۇئالارنى يادلىتىش................................ 298
بالىلارغا دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىش ...................................... 300
بالىنى ئەقىدىسىدە مەھكەم قىلىپ تەربىيەلەش ........................ 302

## ئىبادەت ........................................ 304

بالىلار ۋە ئىبادەت ........................................... 305
ناماز ............................................................ 305
بالىلارنى نامازغا كۆندۈرۈش ........................................ 306
قىز-ئاياللىرىمىز ھەققىدە سۆز ..................................... 310
قىزلارنى كىيىندۈرۈشتىكى خاتالىقلار.................................. 311
ئىسلامىي يوسۇندا كىيىنىش قانداق بولىدۇ؟ .......................... 312
روزا ............................................................. 315
زاكات............................................................. 316
بالىلارنى خەير-ئېھسان قىلىشقا كۆندۈرۈش............................ 317

ھەج ..................................... 318
**ئەخلاق..................................... 320**
گۈزەل ئەخلاق ..................................... 321
يامان ئەخلاق ..................................... 322
**سۆيگۈ-مۇھەببەت ..................................... 324**
سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ مەرتىۋىلىرى..................................... 324
ئاللاھ سۆيگۈسى ..................................... 324
ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ قىممىتى..................................... 325
پەيغەمبەر سۆيگۈسى..................................... 325
ۋەتەن سۆيگۈسى ..................................... 326
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سۆيگۈسى ..................................... 327
تەبىئەت سۆيگۈسى ..................................... 329
باللارغا سۆيگۈ-مۇھەببەتنى قانداق ئۆگىتىش كېرەك؟..................................... 329
**راستچىللىق ..................................... 332**
**ئامانەت ..................................... 335**
كىشلىك مۇناسىۋەتنىڭ كۆچىتى ئىشەنچتىن كۆكلەيدۇ ..................................... 337
باللارنى ئامانەتكە رىئايە قىلىشقا قانداق كۆندۈرۈش كېرەك؟..................................... 338
سىر ساقلاشتىكى ئامانەت..................................... 341
**تىلنى ساقلاش..................................... 341**
باللارنىڭ تىلنى تۈزەشتە ئاتا-ئانىنىڭ رولى ..................................... 342
**دىنىي ۋە مىللىي كىملىكنى قوغداش ..................................... 348**
مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ ..................................... 352

**كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت ۋە يانفون نازارىتى ........................ 357**

بالىلارنىڭ كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشى .......................... 357
بالىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىشى............................................. 359

**هالال-هارام ................................................................ 361**

يېمەك-ئىچمەكلەردىكى هالال............................................. 362
يېمەك-ئىچمەكلەردىكى هارام ............................................ 362
هالال بىلەن هارامنى بىلىشنىڭ ئەهمىيىتى ............................... 363
هارامنىڭ تۈرلىرى ............................................................ 363
هالال-هارام پىرىنسىپلىرى ................................................. 364
ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەر ................................................ 368
باشقىلارنىڭ هەق-هوقۇقلىرى ................................................ 369

**يېمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرى ............................................. 370**

**مېهماندارچىلىقتىكى ئەدەپلەر ........................................... 375**

**ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئەدەپلەر........................... 377**

1. نامەھرەمگە تىكىلىپ قارىماسلىق........................................ 377
تىكىلىپ قاراش بىلەن نورمال قاراشنىڭ پەرقى......................... 378
2. نامەھرەم بىلەن يالغۇز قالماسلىق ....................................... 379
3. گۇمان قوزغايدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش............................. 381
4. قىستىلاڭ جايلاردىن يىراق تۇرۇش ..................................... 381
5. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا گۇناھتىن ساقلىنىش ............................ 382

**بالىلارغا ئۆگىتىش زۆرۈر بولغان سۆزلەر ................................ 384**

**ئەتىگەن-ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار....................... 389**

**هەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار.............. 396**

پايدىلانغان مەنبەلەر ....................................402

# بىرىنچى باب

# تەربىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان

—تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەجىر-مۇكاپاتى

—تەربىيەنىڭ مەقسىتى

—يېتىملەر ھەققىدە سۆز

—تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەر

—بالىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى

—ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيەدىكى رولى

# تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەجىر-مۇكاپاتى

## بالىلىرىمىز بىزنىڭ بايلىقىمىزدۇر

بالىلىرىمىز ھاياتىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتى ھەم ئامانىتىدۇر. باللار كۆزىمىزنىڭ نۇرى، كۆڭلىمىزنىڭ شادلىقى، ھاياتىمىزنىڭ زىننىتى ۋە بىزنىڭ نام-نىشانىمىزنى داۋام قىلدۇرغۇچى نەسلىمىزدۇر. بىز بالىلىرىمىزنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مۇمكىن ئەمەسلەرنى رويابقا چىقىرالايمىز، خەتەرلەرگە ئۆزىمىزنى ئاتالايمىز، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن خۇشال بولىمىز، ئۇلارنىڭ خاپىلىقى بىلەن غەمكىن بولىمىز، ئۇلار بىزنىڭ جېنىمىز ۋە ھاياتىمىزدىكى ھەممە بايلىقىمىز.

كىچىكىدە ياخشى تەربىيەلەپ، ئىمان ۋە ئەخلاق بىلەن يېتىشتۈرگەن بالىلىرىمىز بىز ياشانغان ۋاقتىمىزدا بىزگە ئەسقاتىدۇ. ياخشى باللار بىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئالىي مەرتىۋىلەرنى قازىنىشىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «قانداقلا بىر ئۆيگە بىرەر بالا تۇغۇلىدىكەن، ئۇ ئۆينىڭ ئىززىتى ئاشىدۇ»[1] دېگەن. خەلقىمىزدىمۇ «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەيدىغان ھېكمەت بار.

بالا سۆيگۈسى ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىلارنىڭ قەلبىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن تەبىئىي سۆيگۈ بولۇپ، ئىنسانلارلا ئەمەس، بەلكى

---

(1)تەبەرانى «المعجم الاوسط» (مۇئجەمۇل ئەۋسەت) ناملىق ئەسىرىنىڭ 7- توم، 244- بېتىدە؛ بەيھەقى «شعب الإيمان» (شۇئەبۇل ئىمان) ناملىق ئەسىرىنىڭ 6- توم، 408- بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ھەر قانداق بىر جانلىق ئۆز بالىسىنى سۆيىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىدۇ.

## ھەممىلا ئادەم پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ

دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن پەرزەنتلىرى بولۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن خۇشال بولۇپ، ئۇلار بىلەن سائادەتكە تولۇپ ھايات كەچۈرۈشنى ئارمان قىلىدۇ. ئەمما قەلب رىشتىسى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان، ئىمانلىق ۋە ئىنسابلىق پەرزەنت تەلەپ قىلىش مۆئمىنلەرگە خاس خىسلەتتۇر. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ــ نۇھ، ئىبراھىم، ياقۇپ، زەكەرىيا ئەلەيھىسسالاملارنىڭــ پەرزەنت كۆرۈشكە بولغان ئىشتىياقى ۋە پەرزەنت تىلەپ قىلغان دۇئالىرى بايان قىلىنغان.

﴿ رَبِّ هَبْ لِي مِنَ الصَّالِحِينَ﴾ يەنى ﴿رەببىم! ماڭا ياخشى پەرزەنتلەردىن ئاتا قىلغىن﴾[1]

﴿ وَزَكَرِيَّا إِذْ نَادَى رَبَّهُ رَبِّ لَا تَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنْتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ ﴾ يەنى﴿زەكەرىيا ئۆز ۋاقتىدا رەببىگە «رەببىم مېنى (بالىسىز) يالغۇز قويمىغىن، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىسسەن»دەپ ئىلتىجا قىلدى ﴾[2]

( وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا) يەنى(ئۇلار: «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ

---

(1) 37- سۈرە سافقات 100- ئايەت.

(2)21-سۈرە ئەنبىيا 89- ئايەت.

پېشۋاسى قىلغىن» دەيدۇ﴾ (1)

﴿ هَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ وَلِيًّا﴾ يەنى﴿پەزلىڭدىن ماڭا ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾ (2)

﴿ هُنَالِكَ دَعَا زَكَرِيَّا رَبَّهُ قَالَ رَبِّ هَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً إِنَّكَ سَمِيعُ الدُّعَاءِ﴾ يەنى﴿زەكەرىيا رەببىگە دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلىغۇچىسەن» دېدى﴾ (3)

يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئالىرىنى مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ پەقەت پەرزەنتلا تەلەپ قىلماستىن، بەلكى قەلبى ئاللاھ تائالاغا تۇتاشقان، ياخشى پەرزەنت تەلەپ قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرىمىز.

دېمەك، پەرزەنت كۆرۈشتىن مەقسەت ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىي ئارزۇسىنى قاندۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ۋە ئاتا-ئانىسىنى ئىككىلا ئالەمدە بەختلىك قىلالايدىغان ياخشى پەرزەنت كۆرۈشتۇر.

## باللىرىمىز ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېلەچىكىدۇر

ھازىرقى زاماندا ھەرقانداق بىر ئەقىللىك كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىر كۈنلەرنى ئويلىغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن خارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق ئوبرازىغا لايىق ھېچ ئىش قىلالمىغانلىقىدىن ئېچىنىدۇ ۋە ئىسلام ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن نېمە قىلالايدىغانلىقى ھەققىدە چوڭقۇر

(1) 25- سۈرە فۇرقان 74- ئايەت.

(2) 19- سۈرە مەريەم 5- ئايەت.

(3) 3- سۈرە ئال ئىمران 38- ئايەت.

ئويغا چۈكىدۇ. ئەمما ئوبدانراق ئويلانغىنىمىزدا، ئىسلام ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كاتتا خىزمەتلەرنى قىلىش قولىمىزدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز، ئۇ بولسىمۇ بالىلىرىمىزنى ئىمان ۋە ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەشتۇر. بۇنى ھەممىمىز قىلالايمىز، چۈنكى ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇغان ئەمەس.

## باللار ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىدۇر

باللار ئاتا-ئانىلارغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ھەم شەرەپلىك، ھەم خەتەرلىك بىر ئامانەتتۇر. ئاتا-ئانىلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنى بۇ جاۋابكارلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ:﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ ﴾يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار﴾[1] دېگەن.

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە بالا-چاقىلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىنىڭ بىردىن-بىر چارىسى گەدىنىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش يولىدا، باللارغا كىچىكىدىن باشلاپلا ئىمان، ئىسلامنى ئۆگىتىپ، ياخشى-ياماننى بىلدۈرۈپ، ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىتىپ بۇ ئامانەتنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاتا-ئانىلار يۇقىرىقىلارنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان بويىچە ئادا قىلغاندىن كېيىن،

---

(1) 66- سۈرە تەھرىم 6- ئايەت.

ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى تۈگەيدۇ. كېيىنكى ئىشلارغا باللار ئۆزلىرى جاۋابكار بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت ئارقىلىق بىزنى ئۆزىمىزنىلا دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىشقا ئەمەس، بەلكى بالىلىرىمىزنىمۇ دوزاخ ئازابىدىن ساقلاشقا بۇيرۇيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بالا ئىسلام فىترىتىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خرىستىئان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[1].

دېمەك، ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ قانداق يېتىشىپ چىقىشىغا مەسئۇلدۇر. ئۇلار بالىلىرىنى ئىسلام نۇرى ئاستىدا، ياخشى تەربىيەلەپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم كۆرىدۇ. ئەگەر بالىلىرىنى ئۆز ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە قويۇپ بېرىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېتىلدۈرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تارتىدۇ. يامان بالىنىڭ پالاكىتى ئاتا-ئانىلارنى تۈرلۈك بالالارغا دۇچار قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلمايدۇ. ئامانەتنى زايە قىلغان كىشى قانداق جاۋابكارلىققا تارتىلسا، بالىلىرىنىڭ كېلەچىكىنى زايە قىلىۋەتكەن ئاتا-ئانىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئېغىرراق جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ[2].

ئىمام ئەبۇل ھامىد ئەل غەززالى مۇنداق دېگەن: «بالا ئاتا-ئانىغا ئامانەتتۇر. ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچنېمىنىڭ تەسىرىگە

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.
(2) پېقىرنىڭ«ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى»ناملىق ئەسىرىدىن.

ئۇچرىمىغـان سـاپ گـۆھەرگە ئوخشـايدۇ. بـۇ مەزگىلـدە ئـۇ كـۆزىگە چېلىققـان يـاكى تەسـىر قىلغـان ھەر قانـداق نەرسـىنىڭ قىيـاپىتىنى زېھنـىدە قالدۇرىـدۇ. مايىـل قىلىنىـدىغان ھەر قانـداق نەرسـىگە دىلـى مايىـل بولىـدۇ. نـېمىگە ئۆگىتىلسـە شـۇنىڭغا ئادەتلىنىـپ چـوڭ بولىـدۇ. ياخشىلىققا ئۆگىتىلسە ياخشىلىق ئۈستىدە چـوڭ بولىـدۇ. بۇنىـڭ سـەۋەبى بىـلەن ئاتـا-ئانىسـى ئىككـى ئالەمـدە ياخشـىلىققا ئېرىشـىدۇ. نـاۋادا، ئـۇ يامـانلىق ئۈسـتىگە كۆندۈرۈلسـە، ئۇنىـڭ تەربىيەسـىگە سـەل قارالسا، ئـۇ يامان تەبىئەتلىك ئادەم بولـۇپ چىقىـدۇ. بۇنىڭغـا ئـۇنى تەربىـيەلىگەنلەر جاۋابكار بولىـدۇ. بـالا تەربىـيەلەش خـۇددى باغۋەنلىـك ئىشـىغا ئوخشـاپ كېتىدۇ. باغدىكى گۈل-چېچەكلەرنىڭ ساغلام ئۆسـۈپ يېتىلىشـى ئۈچـۈن بـاغۋەن گـۈل-چېچەكلەرنىـڭ ئارىسـىدا ئـۈنگەن يـاۋا ئـوتلارنى ۋە تىكەنلەرنى يۇلـۇپ ئېلىۋېتىدۇ»[1].

## تەربىيە قىيىن ۋە شەرەپلىك مەجبۇرىيەتتۇر

تەربىـيە ئـادەم باللىرىغـا خاسـتۇر. چـۈنكى باشـقا جانلىقلارنىـڭ خاراكتېرى ئاخىرغىچە خـۇددى باشـتا يـارىتىلغىنى بـويىچە داۋام قىلىـدۇ، قىلـچە ئۆزگەرمەيـدۇ. ئەممـا ئـادەم بالىسـى ئەقىـل-ئىـدراكلىق قىلىـپ يارىتىلغـانلىقتىن، ئـۇ تەربىيەنـى قوبـۇل قىلىـدۇ، تەربىـيە بىـلەن ئۆزگىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسان تەربىيەگە ھەمىشە موھتاجدۇر.

بەزىـلەر دېيىشـى مـۇمكىن، ھـازىرقى زامانـدا بـالىلارنى ئىسـلام كۆرسەتمىسـى بـويىچە تەربىـيەلەپ چىقىـش قىـيىن ئىـش. چـۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « كىشىلەرگە بىـر زامـان كېلىـدۇكى، ئـۇلاردىن

---

(1) ئىمام ئەبۇل ھامىد ئەل غەززالىنىڭ«إحياء علوم الدين» (ئىھيائۇ ئۇلۇمىد دىن) ناملىق ئەسىرىدىن.

دىنىدا چىڭ تۇرغانلار خۇددى چوغنى تۇتۇپ تۇرغاندەك تەسلىكتە تۇرىدۇ»[1] دېگەن. مانا شۇ زامان بىزگە يېتىپ كەلدى.

ئەمما بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا شارائىت قانچىلىك ناچار، ئەھۋال نەقەدەر ئېغىر ۋە قىيىن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئىسلامنىڭ باشلىنىش دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ۋە توسقۇنلۇقلارنى ئويلىغىنىمىزدا، قۇرەيشلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئىمانىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ۋەھشىيلىكلىرىنى، قىيناپ ئۆلتۈرۈشلىرىنى، ئىماننى قوغداش يولىدا تۇنجى ئىسلام شېھىدلىرى بولۇپ تارىختا قەيت قىلىنغان ھەزرىتى ياسىر بىلەن ھەزرىتى سۇمەييەلەرنى ئەسلىگىنىمىزدە، ھازىر بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىۋاتقانلارنىڭ ھېچقانچە ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

شۇنىسى ئېنىقكى، دۇنيادا بالىلىرىنى ئىسلامىي ئاڭ ۋە ئىسلامىي ئەخلاق بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن پايدىلىق ۋە ئۇلۇغ ئىش يوقتۇر. بالىلارنى تەربىيەلەش ئىشى ۋاقىتقا، چىدام ۋە سەۋرگە باغلىق. بالىلىرىمىزنى ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە ئىمان ۋە ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ دىن ۋە مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا ياراملىق بولۇپ چىققانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، خۇشاللىقىمىزنى يوشۇرالمايمىز ۋە قانچىلىك سائادەتكە تولغانلىقىمىزنى تەسۋىرلەپ بولالمايمىز. شۇ سەۋەبتىن ئۇلاردىن ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىقلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ بەختلىك ئىنسانلاردىن بولۇپ قالغىنىمىزنى بىلىمىز.

---

1(1)ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2260- ھەدىسى.

نــاۋادا تەربــىيە جايــدا ئېلــىپ بېرىلــىدىغانلا بولســا، چوقــۇم بىــر مىللەتنــى ئۆزگــەرتىــۋەتكىلى بولىــدۇ. تەربــىيە ئــادەم باللىرىغــا خاســتۇر. چۈنكى ئادەم باللىرى تەربىيە بىلەن ئۆزگىرىدۇ، ھەمــدە تەربــىيە بىلەنــلا ھەقىقــي ئــادەم بولالايــدۇ. ئەممــا باشــقا جانلىقلارنىــڭ خــاراكتېرى ئــاخىرغىچە خــۇددى باشــتا يــارىتىلغىنى بــويىچە داۋام قىلىــدۇ، قىلــچە ئۆزگەرمەيــدۇ. بىــراق ئــادەم بالىســى بولســا ئەقىــل-ئىــدراكلىق قىلىــپ يارىتىلغــانلىقتىن، ئــۇ تەربىيەنــى قوبــۇل قىلىــدۇ، تەربــىيە بىــلەن ئۆزگىرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسان ھەمىشە تەربىيەگە موھتاجدۇر.

## ياخشى تەربىيەنىڭ پايدىسى ئۈزۈلمەيدۇ

دۇنيــادا بــاللارنى ھالالــدىن ئوزۇقلانــدۇرۇپ، ھالالــدىن كىيگــۈزۈپ، ئىمان ۋە ئەخلاقلىق ھالدا تەربىيەلەپ چىقىشتىن كاتتا ساۋابلىق ئەمەل يــوق. ئــاللاھ تائالاغــا بۇنىڭــدىن ئــارتۇق يېقىملىــق بولىــدىغان ئىبــادەت يــوق. بىــز بــاللىرىمىزنى ئىسلام تەربىيەسى بىــلەن ياخشى يېتىشتۈرۈپ چىقساق، ئاللاھ تائالا بىزگە دۇنيا ۋە ئــاخىرەتتە تــۈگىمەس ياخشىلىقلارنى ۋە ئــالى مەرتىــۋىلەرنى ئاتــا قىلىــدۇ. ياخشــى بــالا يېتىشــتۈرگەننىڭ مۇكاپاتى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئــادەم بالىســى ئۆلگەنــدىن كېــيىن ئۇنىــڭ پۈتــۈن ئەمەللىــرى توختايــدۇ، پەقەت ئــۈچ ئىشــتىلا داۋام قىلىــدۇ. ئــۇلار: ســەدىقە جــارىيە، مەنپەئەتلىــك ئىلىــم ۋە ئۇنىڭغــا دۇئــا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنتتۇر.»(1)

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1376- ھەدىسى.

## ئاتا-ئانىنىڭ ياخشىلىقىدىن بالىلار نەپ ئالىدۇ

ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كـەرىـمـدە: ﴿ وَلْيَخْشَ الَّذِينَ لَوْ تَرَكُوا مِنْ خَلْفِهِمْ ذُرِّيَّةً ضِعَافًا خَافُوا عَلَيْهِمْ فَلْيَتَّقُوا اللَّهَ وَلْيَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا﴾ يەنـى﴿ئۆزىـدىن كېـيىن چارىسىز كىچىك بالىلىرى قېلىپ قالغان تەقدىردە، (ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانـداق بـولاردەپ) ئەنسىرەيدىغانلار(يېتىملەرگە ھەقسىزلىق قىلىشتىن) قورقـۇپ تىترىسـۇن، ئـاللاھتىن قورقسۇن ۋە تـوغرا گەپنـى قىلسـۇن﴾ [1] دەيدۇ. يەنـى بـۇ ئـاللاھ تائـالا تەرىپىـدىن بېرىلگەن سـۈغۇرتا ۋەسىقىسـى بولـۇپ، ئۆزىـدىن كېـيىن قالـدىغان چارىسـىز ۋە ئـاجىز كىچىـك بالىلىرىنىـڭ ئەھۋالىـدىن ئەندىشـە قىلىـدىغان ئادەمنىـڭ سۈغۇرتىسـى ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىـق قىلىـش، باشـقىلارنىڭ ھەق-ھوقـۇقىنى قوغـداش، يېتىملەرنىـڭ بېشـىنى سـىلاش، ئۆزىنىـڭ زىيىنىغـا بولغـان تەقـدىردىمۇ، ھەر جايدا توغرا ۋە لىللا گەپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئـــان كەرىـــم يەنە ئـــاللاھ تائالانىـــڭ ئاتـــا-ئانىســـىنىڭ، ھەتتـــا ئەجدادلىرىنىڭ ياخشـىلىقى سـەۋەبلىك بـۇ دۇنيـادا ئۇلارنىـڭ بـالىلىرىنى قوغدايـــدىغانلىقىغا ئىشـــارەت قىلماقتـــا. قۇرئـــان كەرىمنىـــڭ كەھـــف سۈرىســـىدە مۇنـــداق بايـــان قىلىنغـــان: خىزىـــر ئەلەيھىســـسالام مۇســـا ئەلەيھىسسالامنى باشـلاپ بىـر شـەھەرگە ئېلىـپ بارغـان ۋە ئـۇ شـەھەردە ئۆرۈلـۈپ چۈشـەي دەپ قالغـان بىـر تـامنى تـۈزەپ قويغـان. مۇسـا ئەلەيھىسسـالام بۇنىـڭ سـەۋەبىنى سـورىغىنىدا، خىزىـر ئەلەيھىسسـالام ئۇنىڭغـا شـۇ ھامـان جـاۋاب بەرمەسـتىن، سـەپەرنىڭ ئاخىرىـدا مۇنـداق

[1] 4- سۈرە نىسا 9- ئايەت.

چۈشەندۈرۈپ قويغان:﴿وَأَمَّا الْجِدَارُ فَكَانَ لِغُلَامَيْنِ يَتِيمَيْنِ فِي الْمَدِينَةِ وَكَانَ تَحْتَهُ كَنْزٌ لَهُمَا وَكَانَ أَبُوهُمَا صَالِحًا فَأَرَادَ رَبُّكَ أَنْ يَبْلُغَا أَشُدَّهُمَا وَيَسْتَخْرِجَا كَنْزَهُمَا رَحْمَةً مِنْ رَبِّكَ﴾ يەنى﴿تامغا كەلسەك، ئۇ شەھەردىكى ئىككى يېتىم بالىنىڭ ئىدى، تام ئاستىدا ئۇلارنىڭ (ھەققى بولغان) خەزىنىسى بار ئىدى (تام ئۆرۈلۈپ كەتسە، خەزىنىسى ئېچىلىپ قېلىپ كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى)، ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى ئادەم ئىدى. رەببىڭ ئۇلارنىڭ چوڭ بولغاندا تام ئاستىدىكى خەزىنىسىنى چىقىرىۋېلىشىنى ئىرادە قىلدى، بۇ رەببىڭنىڭ (ئۇلارغا قىلغان) رەھمىتىدۇر﴾ [1]

ئىبنى كەسىرنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، ئايەتتىكى ﴿ياخشى ئادەم﴾ باللارنىڭ يەتتىنچى ئەجدادى ئىكەن. دېمەك، ئاللاھ تائالا بۇ بىر ئادەمنىڭ ياخشىلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ يەتتىنچى نەۋرىسىگىچە ئىنئام قىلغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىلىرى تەھەججۇد ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان نارەسىدىسىگە قاراپ: «سېنىڭ ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن، ئەي سۆيۈملۈك ئوغلۇم!» دەيدىكەن ۋە يىغلاپ تۇرۇپ: ﴿ئۇلارنىڭ ئاتىسى ياخشى ئادەم ئىدى﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلاتتىكەن.

باللار ئەگەر ئىمانلىق بولسا، ئاتا-ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتىدىن ئاخىرەتتىمۇ بەھرىمەن بولىدۇ. چۈنكى قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا ياخشىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۈپ بىر يەردە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: «ئاللاھ تائالا مۇئمىن ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۇنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ، گەرچە پەرزەنتلەرنىڭ مەرتىۋىسى ئاتىسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ

(1) 18- سۈرە كەھف 82- ئايەت.

كۆڭلى شادلانسۇن ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ» دەيدۇ ۋە مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلىدۇ: ﴿ وَالَّذِينَ آمَنُوا وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُمْ بِإِيمَانٍ أَلْحَقْنَا بِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَمَا أَلَتْنَاهُمْ مِنْ عَمَلِهِمْ مِنْ شَيْءٍ كُلُّ امْرِئٍ بِمَا كَسَبَ رَهِينٌ ﴾ يەنى﴿ئۆزلىرى ئىمان ئېيتقان، ئەۋلادلىرىمۇ ئەگىشىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئۇلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە قىلىمىز، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدىن قىلچىمۇ كېمەيتىۋەتمەيمىز، ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ بەدىلىنى ئالىدۇ﴾[1] ئاندىن: «بالىلىرىغا بەرگەنلىك سەۋەبلىك ئاتا-ئانىسىدىن كېمەيتمەيمىز»[2] دەيدۇ.

## ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىنى ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە تەربىيەلەپ چىقىش بۇرچىنى يۈكلىگەن. ئاتا-ئانا بالىلىرىنى ئىمان ۋە ئەخلاقلىق، ھاياتلىقنىڭ يۈكلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتەلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا مەسئۇلدۇر. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئورۇندىمىغان ياكى كەمتۈك ئورۇندىغان ئاتا-ئانا ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلغان بولىدۇ.

---

(1) 52- سۈرە تۇر 21- ئايەت.

(2) بەززاز رىۋايەت قىلغان ۋە ئەبۇ نەئىم«حلية الاولياء» (ھىليەتۇلئەۋلىيا) ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا ﴾يەنى﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق بولغىن﴾ [1] دەپ ئەمر قىلغان.

بۇ ئايەت، ئائىلە ئەزالىرىنى نامازغىلا ئەمەس، بەلكى جىمى ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش ۋە ئۆزىنىڭمۇ بىرگە چىدامچانلىق بىلەن ئادا قىلىشىنى ئەمر قىلىدۇ. ناماز ئىبادەتنىڭ ۋە ياخشىلىقنىڭ بېشى بولغانلىقتىن، ئايەتتە نامازلا تىلغا ئېلىنغان بولۇشى ئېھتىمال.

ئەپسۇسكى زامانىمىزدا، قانچىلىغان مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ناماز ئوقۇيدۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، تۇغقانلىرىغا سىلەر-رەھىم قىلىدۇ، ئەمما ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇ ئىبادەتلەرگە بۇيرۇمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. خۇددى ئۆزىلا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئائىلىسىنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغاندەك ئۆزىنىلا ئويلايدۇ، ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ. مۇنداق قىلىش ئۆز ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى تونۇمىغانلىق ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئەر ئۆز ئەھلىگە، ئايال ئۆي ئىچىگە مەسئۇلدۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن. ھەربىر ئاتا-ئانا ۋە ھەربىر تەربىيەچى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە مەسئۇلدۇر. ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاتىنىڭكىگە قارىغاندا چوڭ ۋە مۇھىم. چۈنكى باللار كۆپىنچە ئانىسى بىلەن بولىدۇ ۋە ھاياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئانىسىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ئۆچرىشىدۇ.

---

(1) 20- سۈرە تاھا 132- ئايەت.

(2) بۇخارى رىۋايىتى 2751- ھەدىس.

11ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا داڭلىق «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە، ئاتا ـ ئانىلارغا پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە ئۆگۈت بېرىپ مۇنداق دېگەن:

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،

ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلار بول.

مىسىرلىق شائىر ھافىز ئىبراھىم ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىدىكى رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

الأُمُّ مَدْرَسَةٌ إِذَا أَعْدَدْتَهَا

أَعْدَدْتَ شَعْباً طَيِّبَ الأَعْرَاقِ

تەرجىمىسى:

ئانا ئۆزى بىر مەكتەپ، يېتىشتۈرسەڭ سەن ئۇنى،

يېتىشتۈرسەن تېگى پاك، ئېسىل بىر مىللەتنى.

## ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇل تېمىدۇر

بىر ئائىلىنىڭ تەربىيەسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ تەربىيەسىنىڭ يېتەرسىز قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئۇلىدۇر. ئۇلى مەھكەم بولمىغان بىنا ئۆرۈلۈشكە

مەھكۇم بولغاندەك، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى ئېلىپ بېرىلمىغان جەمئىيەت ۋە مىللەت ھەر قاچان ۋەيرانلىققا مەھكۇمدۇر.

شائىرلارنىڭ ئەمىرى دەپ ئاتالغان مىسىرلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىي بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن:

إنما الأمم الأخلاق مابقيت

فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا

تەرجىمىسى:

ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر،

ئايرىلغانلار ئەخلاقتىن زاۋاللىققا ھامان كېتەر.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى ئۇچۇن كۆپرەك ۋاقىت ئايرىشى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىر ھەدىستە: «بىراۋنىڭ بالىسىنى ياخشى تەربىيەلىشى ئۇنىڭ سەدىقە بەرگىنىدىن ئەۋزەلدۇر»[1] دەپ كەلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «بىراۋنىڭ بالىسىغا قىلغان ئەڭ چوڭ سوۋغىسى ئۇنى ياخشى تەربىيەلىگىنىدۇر»[2] دەپ كەلگەن.

بالىلارغا كىچىكىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىلىغا

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۇنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1951- ھەدىسى.
(2) ئىمام ئەھمەدنىڭ«مسندالإمام أحمد» (مۇسنەد ئىمام ئەھمەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 3- توم، 412- بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

پەيغەمــبەر سۆيگۈســىنى ۋە ســاھابە سۆيگۈســىنى ئــورنىتىش، قۇرئــان تــىلاۋەت قىلىــپ تۇرۇشــقا ئادەتلەنــدۈرۈش، مەســجىدلەرگە بېرىشــقا كۆنــدۈرۈش ناھــايىتى زۆرۈردۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام بــۇ ھەقــتە: «بــالىلىرىڭلارنى ئــۈچ خىسلەتكە كۆنـدۈرۈڭلار، ئـۇلار: پەيغەمبىرىڭلارنــى سۆيۈش، ھەم يەنە پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئـائىلە-تاۋابىئـاتلىرىنى سـۆيۈش ۋە قۇرئان ئوقۇشتۇر»[1] دەپ تەلىمات بەرگەن.

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# تەربىيەنىڭ مەقسىتى

تەربىيەنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بالىلارنى ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى بەختلىك قىلالايدىغان، ئاللاھ تائالانى رازى قىلالايدىغان، دىنىغا، مىللىتىگە ۋە جىمى ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان، ھاياتلىقتا توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان، يارامىلىق، چىن مۇسۇلمان قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر.

چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇش دوختۇر بولۇشتىن، ئىنژېنېر بولۇشتىن، فىزىكا مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن، بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسى بولۇشتىن، بىرەر ئالىي ھۆنەرنىڭ ئۇستىسى بولۇشتىن ۋە جاھاندىكى بارلىق نەرسىدىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام مىللىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى شەخسلەرنىڭ چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇشىدىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ماددىي ئىمكانىيەتلەرگە تايىنىپ ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە يېتىشىپ چىقىش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمان دوختۇر، مۇسۇلمان مۇئەللىم، مۇسۇلمان دېھقان، مۇسۇلمان تىجارەتچى، مۇسۇلمان كادىر، مۇسۇلمان ئىشچى ۋە مۇسۇلمان ھۆنەرۋەن بارلىققا كەلگەن بىر ئۆلگىلىك جەمئىيەتنى قۇرۇپ چىقىش غايە قىلىنىدۇ. ئىمام ھەسەن ئەل بەننا مۇنداق دېگەن: «چىن مۇسۇلمان تېپىلغان يەردە غەلىبىنىڭ بارلىق ئامىللىرىمۇ تېپىلغان بولىدۇ.»

## چىن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ مەنىسى چوڭقۇر

چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولۇش دېگەنلىكتىن، قانداقتۇر شۇ زاھىرى ئىبادەتلەرلا مەقسەت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالا تەلەپ قىلغان

يوسۇندا بولۇش ۋە پۈتۈن يۈرۈش-تۇرۇش، ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز، مۇئامىلە قاتارلىق ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەسىنى ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن ئۆلچەمدە قېلىپلاشتۇرۇش، دېگەنلىكتۇر. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قەدىر-قىممىتى ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانى تەقۋالىقتۇر. ﴿إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ ﴾يەنى﴿ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر﴾ (1)

چىن مۇسۇلمانلىق ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن باشلىنىدۇ. مۇسۇلمانىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۇنىڭ تاشقى دۇنياسىدىن كۆركەم بولغاندا، چىن مۇسۇلمانلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. مۇبادا ئادەمنىڭ تاشقى دۇنياسى ئىچكى دۇنياسىدىن كۆركەم بولۇپ قالسا، ئۇتتۇرىغا مۇناپىقلىق كىرىپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى مۇناپىقلارنىڭ تاشقى دۇنياسى چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىچكى دۇنياسى خارابىلىقتۇر.

چىن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۆزى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋايىغا يەتمىگىچە ئىمان تولۇقلانمايدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسى ئاللاھ تائالانى لايىقىدا ئۇلۇغلاش ۋە ئۆزىنى كىچىك ساناش بىلەن بولىدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۇنىڭغا تەقۋالىق

---

(1)49- سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەت.

قىلىش، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، غەزىپىدىن ھەزەر قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

چىن مۇسۇلمانلىق ھەر كىمنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ. چۈنكى چىن مۇسۇلمان ئادەم جەمئىيەتتە ئەڭ ياخشى شەخس، ئائىلىسىدە ئەڭ ياخشى ئەزا، مەھەللىسىدە ئەڭ ياخشى قوشنا، ئىش ئورنىدا ئەڭ ياخشى خىزمەتداش بولىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم ئايالى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ئاتا، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئۈلگىلىك بالا، قوشنىلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك قوشنا، خىزمەتداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك خىزمەتداش، ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن ئۈلگىلىك ساۋاقداش بولالايدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ سۆيگۈ-نەپرىتى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۈچۈنلا بولىدۇ. ئۇ ياخشىلىق يولىدا توختىماستىن ئىلگىرىلەيدۇ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. خاتالاشقان ياكى بىرەر گۇناھ ئىشنى قىلىپ سالغان ھامان، تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشنى بىلىدۇ.

چىن مۇسۇلمان بولغان ئادەم خۇددى خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇ نەگە بارسا ۋە كىم بىلەن ئۇچراشسا، خۇددى گۈلنىڭ يېقىملىق پۇرىقىغا ئوخشاش ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم مۇئامىلە قىلغان ئادەمنىڭ يەنە مۇئامىلە قىلغۇسى كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم ھەمسۆھبەت بولغان ئادەمنىڭ قايتا ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولغۇسى كېلىدۇ.

چىن مۇسۇلمان ئادەم خۇددى قۇياشتەك ئىللىق بولۇپ، جورىسىنىڭ، پەرزەنتلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ، قوشنىلىرىنىڭ،

خىزمەتداشلىرىنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ۋە يۇرت-جامائىتىنىڭ كۆڭۈللىرىنى سۆيگۈ-مۇھەببىتى، دورۇسلۇقى، گۈزەل خۇي-پەيلى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ھەمىشە ئىللىتىپ تۇرىدۇ.

بىزنىڭ ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئالاھىدە ئەخلاق-پەزىلىتى ئارقىسىدا، چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى كىشىلەرنى قايىل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزىدا يۈرگەنلەرمۇ مۇشۇ ئەخلاق-پەزىلەت سايىسىدا ئىسلام دىنىمىزنى دۇنياغا تارقاتقان، جۈملىدىن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى قايىل قىلىشقان.

چىن مۇسۇلمان ئادەم ھەربىر مۇسۇلماننىڭ چامى يېتىشىچە ئورۇندىشى تەلەپ قىلىنغان «كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش»تىن ئىبارەت پەرزنى سۆزى بىلەنلا ئەمەس، ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ.

مەلۇمكى، ئېغىز بىلەن قىلىنىدىغان ۋەز-نەسىھەتنى ھەر جايدا ۋە ھەركىمگە قىلغىلى بولمايدۇ. ئادەم چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ. ئەمما ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىش ۋە قايىل قىلىش بىلەن قىلىنىدىغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى ھەركىم قىلالايدۇ. چۈنكى توغرىلىق، ياخشى مۇئامىلە، گۈزەل ئەخلاق، سۆيگۈ-مۇھەببەت دېگەنلەر ھېچبىر يەردە چەكلەنمەيدۇ، بەلكى تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

## بۇ غايىگە قانداق يەتكىلى بولىدۇ؟

بـالىلارنى چىـن مەنىـدە مۇسـۇلمان قىلىـپ تەربىـيەلەپ چىقىشـتىن ئىبـارەت بـۇ ئۇلۇغـۋار غـايىگە قۇرئـان كەرىـم بىـلەن سـۈننەتنى[1]مەنـبە قىلغان ئىسلامىي تەربىيە ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ.

(1)سۈننەت ــ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش-پائالىيەتلىرى، ئەمەل-ئىبادەتلىرىدە باشقىلاردىن سادىر بولغان ئىشلاردىن شەرئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەنلىرى دېمەكتۇر.

# يېتىملەر ھەققىدە سۆز

ئادەتتە ئاتا-ئانىسى بولمىغان بالا «يېتىم بالا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما ئىسلام قانۇنىغا كۆرە، بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالا «يېتىم» ھېسابلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنىڭ بىرى يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاشتۇر. چۈنكى يېتىملەر ياردەمگە، مېھىر-شەپقەتكە ۋە ھېسداشلىققا ئەڭ كۆپ ئېھتىياجلىقتۇر.

ئىسلام دىنى رەھىم-شەپقەتنى ئالدىنقى ئورۇندا قويىدىغان ۋە ئۇنى ئەڭ قاتتىق تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولۇپ، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشنى ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەرنىڭ قاتارىدىن سانايدۇ.

## يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەرزدۇر

جەمئىيەتتىكى يېتىم بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، بېشىنى سىلاش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىش، ئوقۇتۇش ۋە تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي تەرەپلەردىن مۇكەممەل، ياخشى بىر مۇسۇلمان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش شۇ جەمئىيەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز كۇپايىدۇر.[1]

(1)پەرز كۇپايە ــ مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن بەزىلەر ئادا قىلسا باشقىلاردىن ئۇنى ئادا قىلمىغانلىقنىڭ جاۋابكارلىقى ساقىت بولىدىغان پەرز بولۇپ، بىرەر كىشىمۇ ئادا قىلمىسا، شۇ جەمئىيەتتىكى مۇسۇلمانلار جامائەسى ۋە ئۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ.

بۇ دېگەنلىك بىر مەھەللىدە يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىسا، شۇ مەھەللە خەلقىنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە جازاسىغا ئۇچرايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

يېتىملەرنىڭ ئىشىنى ھەممە ئادەم باشقىسىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولسا، يېتىملەرنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقماي قالىدۇ. شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان بۇنى ئۆز مەسئۇلىيىتىم دەپ تونۇشى لازىم.

يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش باي-كەمبەغەل، كادىر-دېھقان، زىيالىي-ئاۋام ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. بۇنىڭغا ئۆزرە قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش دېگەن ئىقتىساد بىلەنلا بولمايدۇ. يېتىملەر ئىقتىسادتىن كۆپرەك مېھىر-شەپقەتكە، كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى باغرىغا بېسىشىغا موھتاجدۇر. بۇنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ.

شۇڭا قول ئىلكىدە بارلار ئىقتىسادى بىلەن، قول ئىلكىدە بولمىغانلار چىرايلىق سۆز قىلىش، ھېسداشلىق قىلىش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، ھال-ئەھۋالىنى سوراش، داۋاملىق يوقلاش، ئۆيىگە چاقىرىپ بىرگە تاماق يېيىش، دەرد-ئەلەملىرىنى تىڭشاش، چىرايلىق تەسەللىي بېرىش، يول كۆرسىتىش، تەربىيەلەش قاتارلىقلار بىلەن يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىيالايدۇ. خەلقىمىزدە: «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دەيدىغان ھېكمەت بار.

ئاللاھ تائالا يېتىملەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىغان:( وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ

السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ ﴾ يەنى﴿ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار﴾ (1)

## يېتىمنى باققان ئادەم چوڭ مەرتىۋە قازىنىدۇ

باللار ھاياتلىقنىڭ زىننىتى، كۆڭۈلنىڭ شادلىقىدۇر. بالىسى يوق كىشىلەر يېتىملەرنى بېقىپ، بېشىنى سىلاپ، قاتارغا قوشۇش ئارقىلىق جەننەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن يېتىمنى باققان ئادەم بىلەن جەننەتتە خۇددى مۇشۇنداقمىز»(2)، دەپ ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي، ئۇنىڭدا يېتىم بولۇپ، ئۇ يېتىمگە ياخشىلىق قىلىنغان ئۆي، ئەڭ يامان ئۆي ئۇنىڭدا يېتىم بولۇپ، ئۇ يېتىمگە يامانلىق قىلىنغان ئۆيدۇر»(3).

## يېتىملەرنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈش كېرەك

يېتىم باللارنى بېقىپ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە يۇقىرى مەرتىۋە قازىنىشنىڭ شەرتى: يېتىملەرنى باققان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۇلارنى ئازراقمۇ يەكلىمەي، ئۆز باللىرىغا ئوخشاش كۆرۈپ، ئوخشاش

(1) 4- سۈرەنىسا 36- ئايەت.

(2) بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.

(3) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

كىيىندۈرۈپ، ئوخشاش يېگۈزۈپ، ئوخشاش تەربىيە قىلىپ، ئوخشاش ئوقۇتۇپ، مېھرى-مۇھەببىتىنى ئوخشاش بېرىپ قاتارغا قوشۇشىدۇر. ئەمما يېتىملەرگە ئايرىم مۇئامىلە قىلىش ياكى ئۇلارنى يەكلەش چوڭ گۇناھتۇر.

ئۆگەي بالىلارنىمۇ ياخشى بېقىپ، ياخشى تەربىيەلەپ قاتارغا شۇنداق قوشۇش كېرەك. ئۆگەي بالىنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، مېھىر-شەپقىتىنى بېغىشلىغان ئادەم مەيلى ئاتا بولسۇن، مەيلى ئانا بولسۇن، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلىغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.

مۇھىم بولغىنى يېتىم بالىلارغا ئۆزلىرىنىڭ يېتىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرماسلىق، ئۆزلىرىنى شۇ ئائىلىنىڭ ئىززەتلىك بىر ئەزاسى قاتارىدا ھېس قىلىشى ۋە ھېچقانداق بىر ئايرىمچىلىق ياكى يەكلەشنى كۆرمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

### يېتىملىك نۇقسانلىق ياكى ئەيىب ئەمەس

يېتىملىك ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قىسمىتىدۇر. ئەگەر يېتىملىك نۇقسانلىق ياكى ئەيىب ياكى يامانلىق بولسا ئىدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ يېگانە نەمۇنىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتىم بولمىغان بولار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ يېتىم قالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى تەربىيەلىگەن ۋە بۇ كامالەتكە يەتكۈزگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرىلىق: «مېنى رەببىم ئەڭ مۇكەممەل تەربىيەلىدى»[1] دېگەن.

---

(1) مۇتتەقىينىڭ «كنزالعمال» (كەنزۇل ئۇممال) ناملىق ئەسىرىنىڭ 31895- ھەدىسى.

## يېتىمنى خورلاش چوڭ گۇناھتۇر

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿ فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ﴾ يەنى ﴿يېتىمنى خارلىما﴾ دېگەن.[1]

يېتىمنى خورلاش ــ ئۇنى ئۇرۇش، ھاقارەتلەش، مەسخىرە قىلىش، پەس كۆرۈش، كۆزگە ئىلماسلىق، ئاچ قويۇش، ھېسسىياتىنى كەمسىتىش، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا زورلاش، يامان ئىشلارغا بۇيرۇش، ئۆز بالىلىرىدىن ئايرىم مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا يېتىملەرنى خورلىغانلارنى دىننى ئىنكار قىلغانلار قاتارىدا ئەيىبلىگەن: ﴿ أَرَأَيْتَ الَّذِي يُكَذِّبُ بِالدِّينِ. فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ . وَلَا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ يەنى﴿دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۇڭمۇ؟ ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدۇ، يوقسۇلغا تائام بېرىشنى تەرغىب قىلمايدۇ﴾ [2]

## يېتىمنى باققانىنىڭ مۇكاپاتى

بىزنىڭ ئۇلگىمىز ۋە يولباشچىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشتا، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەرغىب قىلىشتا ئەڭ ئالدىنقىلاردىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن بىر ئادەمگە مۇنداق دېگەن: «سەن قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى ۋە بۇ ھاجىتىڭنىڭ راۋا بولۇشىنى خالامسەن؟ ئۇنداقتا، يېتىملەرگە

(1) 93- سۈرە زۇھا 9- ئايەت

(2) 107- سۈرە مائۇن 1~3- ئايەتلەر.

شەپقەت قىل، ئۇلارغا ئۆزۈڭ يەيدىغان تائامدىن يېگۈزگىن. شۇ ۋاقىتتا قەلبىڭ يۇمشايدۇ ۋە ھاجىتىڭ راۋا بولىدۇ.»[1]

چۈنكى ھەركىم ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ئۆيلىسا، باللىرىنى شۇ چارىسىز ۋە قاناتسىز قالغان يېتىم باللارنىڭ ئورنىدا قويسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبىمۇ يۇمشايدۇ، كۆڭلى سۇنىدۇ ۋە ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىغا كېلىدۇ-دە، ياردەم قىلىشقا بەل باغلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە مۇشۇ نۇقتىنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن، يېتىملەرگە مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنىڭ قەلبلەرنىڭ يۇمشىشىغا ۋە ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇشىدىكى سەۋەب: بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانى ئەڭ كۆپ مەمنۇن قىلىدىغان خالىسانە ئىبادەت بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. چۈنكى يېتىملەر قاناتلىرى سۇنغانلىقتىن ئۇچالمىغان قۇشلارغا ئوخشاش پەرىشان، كۆڭلى سۇنۇق. چارىسىز قالغانلىقتىن بىراۋلارنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ بېرىشكە ناھايىتى ئېھتىياجلىقتۇر.

خەلقىمىزدە: «ئاتىسى بارنىڭ تېغى بار، ئاتىسى يوقنىڭ دېغى بار» دەيدىغان تەمسىل بار. چۈنكى يېتىمنىڭ قەلبىدە تۈگىمەس-پۈتمەس دېغى بولىدۇ. بۇنى يېتىم بولمىغانلار بىلمەيدۇ. جەمئىيەتتە ئىچ ئاغرىتىشقا تېگىشلىك بىرى بولسا، ئۇ دەل يېتىم باللاردۇر.

---

(1)ئەبۇ نەئىمنىڭ «حليةالأولياء» (ھىليەتۇل ئەۋلىيا) ناملىق ئەسىرىنىڭ 3679-ھەدىسى. تەبەرانىمۇ «المعجم الأوسط» (مۇئجەمۇل ئەۋسەت) ناملىق ھەدىس توپلىمىدا رىۋايەت قىلغان. ئابدۇرازىقلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە رىۋايەت قىلغان.

## يېتىمنى باققان ئايال ئانىنىڭ ئورنىدا

ئانىلىق ئاللاھ تائالا ئاياللارغا ئاتا قىلغان شۇنداق ئۇلۇغ بىر خىسلەتكى، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئەرلىرى بىرلىشىپمۇ بۇ خىسلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ھەقىقىي مەنىدە «ئانىلىق» قىلالمايدۇ.

بۇ خىسلەت بالا تۇغقان ئاياللارغىلا خاس بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئايال جىنسىغا ئورتاق خىسلەتتۇر. كۆرۈۋاتىمىزكى، بالا تۇغۇپ باقمىغان بەزى ئاياللارمۇ بېقىۋالغان بالىلىرىنى، ياكى ئۆگەي بالىلىرىنى باغرىغا بېسىشتا، ئۇلارغا «ئانىلىق» مېھرىنى بېرىشتە بالىلارنىڭ ئۆز ئانىلىرىغا ئوخشاش بولالايدۇ، گاھىدا ئۆز ئانىلىرىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنى بېقىپ چوڭ قىلغان «ئانا» پىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان.

ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن كاتتا ئۆلىمالاردىن ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇنتۇلماس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەردىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆگەي، ياكى بېقىۋالغان ئانىلارنىڭ قولىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن.

دېمەكچىمىزكى، ئۆزى تۇغمىغان ئاياللارمۇ تەربىيەسىگە كەلگەن بالىلارنى شۇنداق ياخشى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئانىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن بۇ تەڭداشسىز مېھىر-شەپقەت ئۇلارنى ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز شۇنداق قىلدۇرىدۇ.

بېقىۋېلىنغان بالىلارمۇ شۇ ئائىلىدىكى ئانىنى ئۆز ئانىسىغا ئوخشاش كۆرۈشى ۋە ئاتا-ئانىغا قىلىشقا تېگىشلىك ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن ئىنتائەتچانلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈشى كېرەك.

## ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى پاجىئەلەردىن بىر ئۆرنەك

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە خەلقىمىز ئىسراپچىلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، ھەتتا بەزىلەر پۇل خەجلەشنىڭ ئورنىنى تاپالماي ئاۋارە بولماقتا. رېستورانلىرىمىز ئىسراپچىلىقنىڭ مەنبەسى، توي-تۆكۈنلىرىمىز بۇزۇپ چېچىشنىڭ پۇرستى بولۇپ قالماقتا.

تەقۋادارلىرىمىز، ياكى ئۆزلىرىنى تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلار تەكرار ھەج قىلىش يولىدا يۈز مىڭلارچە پۇلنى سەرپ قىلىدۇ. توغرا، قۇدرىتى يەتكەن مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشى پەرز. ئەمما تەكرار ھەج قىلىش نەپلە ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. نەپلە ئىبادەتلەر ھەرگىز پەرزلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلمايدۇ. نەپلە ئىبادەتلەر ئۈچۈن پەرزگە ئوخشاش ساۋابمۇ يېزىلمايدۇ. ھالبۇكى، جەمئىيەتتىكى يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئوقۇش چىقىملىرىنى كۆتۈرۈش شۇ جەمئىيەتتىكى قول ئىلكىدە بارلار ئۈچۈن پەرز بولۇۋاتقان يەردە، بۇنداق زۆرۈر بولغان بىر ئىجتىمائىي پەرزنى قايرىپ قويۇپ، پەرز بولمىغان تەكرار ھەج ۋە تەكرار ئۆمرىنى قىلىشقا شۇنچىلىك كۆپ پۇل خىراجەت قىلىش ھەرگىزمۇ تەقۋالىقتىن ئەمەس، بەلكى يا رىياكارلىق، ياكى بىلىمسىزلىكتۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەللامە ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك[1] ھەج سەپىرىگە چىقىپ، يولنىڭ يېرىمىغا كەلگىنىدە، يول بويىدا ئاچلىقتىن

---

(1) ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك (118~181ھ) قەدىمكى خۇراساننىڭ مەرۋە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن، تەقۋادارلىقى، دىن ھەم دۇنيالىق مول بىلىمى بىلەن تونۇلغان، «الزهد» (ئەززۇھدۇ) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان، مۇجتەھىد ئالىم.

قىينىلىپ ياتقان يوقسۇللارنى كۆرۈپ: «بولدى، مەن ھەج قىلىپ بولدۇم. ھەجگە ئاتىغانلىرىمنى شۇ يوقسۇللارغا ئاتىدىم» دەپ، پۇل-ماللىرىنى ئۇلارغا بېرىۋېتىپ، قايتىپ كەتكەن ئىكەن. مانا بۇ ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق. مانا بۇ تەقۋالىق. مانا بۇ مەسئۇلىيەتچانلىق.

## ھالالنىڭ ھېسابى، ھارامنىڭ ئازابى بار

ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ياكى قوشنىلىرى، ياكى مەھەللىسىدىكىلەرى ئىچىدە، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش، داۋالىنىش ۋە باشقا ئېھتىياجلىرى سەۋەبلىك پۇلغا زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولغانلارنىڭ، ياكى قارىيلىقتا ۋە باشقا دىنىي ئىلىملەردە ئوقۇۋاتقان ھەم ئوقۇتىۋاتقانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماستىن، خۇددى جەمئىيەتتە ئىقتىساد بىلەن قىلىنىدىغان ياخشىلىق يوللىرى تۈگەپ قالغاندەك، تاپقان پۇلنى تەكرار ھەج، تەكرار ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا قانداق جاۋاب بېرەر؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت مەيدانىغا بەندىنىڭ قەدىمى قويۇلغان ھامان تۆت نەرسىدىن سورىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، پۇل-مالنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن».[1]

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا بىزدىن: «تاپقان پۇلنى نەگە خىراجەت قىلدىڭ؟» دەپ سورىسا، بىز: «تەكرار ھەج قىلىشقا» دەپ جاۋاب بەرسەك، ئاللاھ تائالا بىزدىن: «ئۇستۇڭدىكى ئىجتىمائىي پەرزلەرنى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

بىلمىدىڭمۇ؟ پالانى قوشناڭنىڭ، ياكى پالانى تۇغقىنىڭنىڭ ئىقتىسادقا زۆرۈر ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭغۇ؟ نېمشقا بۇ پەرزنى ئادا قىلماي نەپلىگە ئېسىلىۋالدىڭ؟» دەپ سورىماسمۇ؟ بۇ سوئالغا بىز نېمە دەپ جاۋاب بەرمەكچى؟

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: «تاپقان پۇلنى هارام يوللارغا، كېچىلىكلەردىكى رەڭلىك ئولتۇرۇشلارغا ۋە هەر تۈرلۈك ئىسراپچىلىققا چىقىم قىلىدىغانلار سان-ساناقسىز تۇرۇپ، نەپلە بولسىمۇ ئىبادەت ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلغانلارغا بۇنچىلىك كايىپ كېتىشنىڭ نېمە هاجىتى؟»

دەيمىزكى، تاپقان پۇلنى هارام يوللارغا سەرپ قىلىدىغانلار ۋە ئىسراپ قىلىدىغانلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم تارتىدۇ. ئۇ باشقا بىر جىنايەت. ئۇنى سۆزلەشنىڭ ئورنى باشقا ماۋزۇدا بولىدۇ.

ئەمما بىز ئىبادەت نامى بىلەن سادىر قىلىنىۋاتقان ئىسراپچىلىق هەققىدە توختىلىۋاتىمىز، هەمدە كۆپرەك ياخشى ئەمەل قىلىپ ساۋاب ئىزدەۋاتقان قېرىنداشلارغا سۆزلەۋاتىمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت بىراۋلارنى ئەيىبلەش ئەمەس، بەلكى «ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەك»لىكىنى ۋە ساۋاب قازىنىشنىڭ ئەڭ كاپالەتلىك يولىنى چۈشەندۈرۈشتۇر.

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن: «بىز يېتىملەرنىمۇ بېقىۋاتىمىز، قايتا هەجنىمۇ قىلىۋاتىمىز، چۈنكى پۇلىمىز هەممىگە يېتىدۇغۇ؟»

دەيمىزكى، سىز هەممە يېتىملەرنى بېقىۋاتامسىز؟ ياكى جەمئىيەتتە يېتىم تۈگەپ قالدىمۇ؟ ياكى باشقا ئىجتىمائىي پەرز يوقمۇ؟ ياكى نەپلىنى پەرزدىن ئەلا كۆرۈشكە دەلىلىڭىز بارمۇ؟

راستتىنلا ساۋاب ئىزدىگەن ئادەم ئەلۋەتتە ساۋابى كۆپ بولىدىغان ئەمەللەرگە ئالدىرايدۇ. پەرزلەرنى نەپلىنىڭ ئالدىغا قويمايدۇ. ھەرەمگە كەلگەن ئادەم ساۋابنى خۇددى تاغارغا مال قاچىلىغاندەك قاچىلاپ ئېلىپ كېتىدۇ، دېيدىغان گەپ يوق. ساۋاب ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ نىيىتىگە ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بېرىدۇ.

يەنە نۇرغۇن كىشىلەر «بەدەل ھەج قىلىدۇرىمىز»، دەپ پۇل خىراجەت قىلىدۇ. ئەمما كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتىمىزكى ، ئۇلارنىڭ ئەۋەتكەن پۇللىرى مەككىدىكى بەدەل ھەج تىجارەتچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن ئۆزۈم بىۋاسىتە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. «بەدەل ھەج قىلىمىز» دەپ كىشىلەردىن پۇل ئالغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى بەدەل ھەجنى قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى 50~60 ئادەمنىڭ بەدەل ھەج پۇلىنى يىغىدۇ. بىر ئادەم بۇنچىلىك كۆپ كىشىنىڭ ھەج بەدىلىنى قانداق قىلىپ بولسۇن؟ شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «تەپىمە ھالال قىلىش» ئارقىلىق كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغانلار ئالغان بەدەل ھەج پۇلىنىڭ ئىنتايىن ئاز مىقدارىنى بېنگاللىق، ياكى ئافرىقىلىق ئىشچىلارغا تاپشۇرىدۇ ، ئاندىن ئۇلار بەدەل ھەج قىلىمىز، دەپ قويۇپ يوقاپ كېتىدۇ. ئاخىرىدا كىتابخانىلاردىن 2 رىيالغا (تەخمىنەن 3 يۈەنگە) بىرەردىن «ھەج بەدەل شاھادىتى»نى سېتىۋېلىپ ئۆزلىرى خالىغانچە ئىسىملارنى يېزىپ، ئۇنى تولدۇرۇپ چىقىدۇ ۋە پۇل بەرگەنلەرگە تاپشۇرىدۇ. ئۇلار ۋەتەنگە قايتقاندا: «پالانى ھاجىم بولدى» دەپ ئېلان قىلىدۇ، خالاس.[1]

---

(1)بۇ توغرىسدا ئاپتورنىڭ «بەدەل ھەج تىجارىتىنىڭ ھارامىلىقى ھەققىدە ئوچۇق سۆز»ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

ئەمما ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى، تۇغقانلىرى ۋە تونۇشلىرى، ھەتتا يات كىشىلەر ئۈچۈنمۇ پۇل ئالسىمۇ ئىلىپ، ھەقىقىي يوسۇندا بەدەل ھەج قىلىدىغان ئايرىم شەخسلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ قىلغىنى بىز دەۋاتقان خاتا ھالدىكى بەدەل ھەج تىجارىتىگە ياتمايدۇ.

**يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاشنىڭ يوللىرى**

جەمئىيەتتىكى يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە بېشىنى سىلاشنىڭ يوللىرى كۆپ. مەسىلەن:

1. قول ئىلكىدە بار ئائىلىلەر مەھەللىسىدىن، ياكى تۇغقانلىرى ئارىسىدىن بىرەردىن يېتىم بالىنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىش ۋە ئۇنى ئۆز بالىسىدەك تەربىيەلەپ، ئوقۇتۇپ جەمئىيەتكە، مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق، ئىمان ۋە ئەخلاقلىق بىر ئىنسان قىلىپ چىقىش. مانا بۇلارنى قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جەننەتلەردە بىرگە بولۇشنى خالايدىغان مۇسۇلمان ئۈچۈن قىيىن ئەمەس.

2. يېتىم باللار ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا ئايلىق پۇل توختىتىپ قويۇپ، ئۇلارنى چوڭ بولۇپ، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولغۇچىلىك تەمىنلەپ تۇرۇش.

ئەرەب ۋە ئىسلام مەملىكەتلىرىدە «يېتىملەرنى كاپالەتلەندۈرۈش» نامى ئاستىدا كۆپلىگەن جەمئىيەتلەر بار. ئۇلار يېتىملەرگە ياردەم قىلماقچى بولغانلارنى تىزىملاپ، ئۇلاردىن ئايلىق ياردەم توپلايدۇ ۋە يېتىملەرگە ھەر ئايدا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئانا ۋەتەنىدە بۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، شەخسلەر ئۆز ئالدىغا بىرەردىن، ياكى كۆپرەك يېتىم بالىنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرسە بولىدۇ.

3. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىرىش ئۈچۈن جىددىي ئىقتىسادقا موھتاج بولغان يېتىملەرنىڭ ئوقۇش چىقىملىرىنى كۆتۈرۈش.

4. يېتىملەر بار ئائىلىگە نەق پۇل، ياكى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش.

5. دىنىي مەدرىسىلەردە ئوقۇۋاتقان، يېتىم تالىپلارنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى كۆتۈرۈش.

6. چوڭ ياردەملەرنى قىلالمايدىغانلارنىڭ مەھەللىدىكى يېتىم باللارنى ھەپتىدە بىر قېتىم، بولمىغاندا ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆيىگە چاقىرىپ تاماقلاندۇرۇش، كىيىم-كېچەكلىرىنى يېڭىلاپ قويۇشى. بۇ يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاشتىكى ئەڭ ئاددىي تەلەپ.

ئاخىرىدا دەيمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بىر كىشىنى ھىدايەت قىلسا، بۇ سېنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»[1] دېگەن سۆزىنىڭ روھى بىلەن ئېيتقاندا، بىر يېتىم بالىنى بېقىپ، تەربىيەلەپ، ئوقۇتۇپ، ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك، يارامىلىق بىر مۇسۇلمان ئىنسان قىلىپ چىقىشنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە كاتتا ئەمەل-ئىبادەت ئىكەنلىكىنى سۆز بىلەن بايان قىلىشقا كۈچىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ساۋابلىق ئىش بارمۇ؟

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

## تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

ـ ئىخلاس

ـ تەقۋالىق

ـ ئىلىم

ـ مەسئۇلىيەتچانلىق

ـ چىدامچانلىق ۋە مەرھەمەتلىك بولۇش

ـ مېھىر-شەپقەت ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت

ـ ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىش

# تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى تونۇشتىن ئاۋۋال «بىراۋ ئۆزىدە بولمىغاننى ھېچكىمگە بېرەلمەيدۇ» دەيدىغان ئەقلىي قائىدىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئاتا، ياكى ئانا، ياكى مۇئەللىم، ياكى قانداقلا بىر تەربىيەچى ئۆزى ئەخلاقلىق بولمىسا، ئۇ ھېچكىمنى ئەخلاقلىق قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىدە بولمىغان ئەخلاقنى ھېچكىمگە بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئاتا-ئانا، ياكى مۇئەللىم، ياكى ھەر قانداق بىر تەربىيەچى ئۆزىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئاساسلىق سۈپەتلەرنى ئۆزىدە يېتىشتۈرۈشكە موھتاج. بۇ سۈپەتلەرنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئىخلاس

ئىخلاس—ھەر بىر ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش دېگەنلىكتۇر. تەربىيەدىكى ئىخلاس يېتەرلىك سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قېتىرقىنىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاتا بالىسىنى تەربىيەلەش يولىدا ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس باغلاپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇنى تەربىيە ئىشىدا غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر ئاتا-ئانا ياكى مۇئەللىم نىيىتىنى رۇسلاپ ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراشقا موھتاج. شۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئۆتۈملۈك تەربىيە يوللىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە مەدەت قىلىدۇ.

ئىنسان ئاللاھ تائالاغا چىن ئەقىدە قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش سايىسىدا، ئۆزىدە بولمىغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېنېرگىيەلەرگە

ئىگە بولالايدۇ. دوختۇر كېسەلگە دىياگنوز قويۇشتا ئىخلاس قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا توغرا دىياگنوز قويۇشنى ۋە ئۈنۈملۈك داۋالاشنى ئىلھام قىلىدۇ. ئادۋوكات ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش يولىدا ئىخلاس قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئاتا-ئانا ياكى مۇئەللىم باللارنى تەربىيەلەش ئىشىدا ئىخلاس قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا چوقۇم غەلبە ئاتا قىلىدۇ.

چۈنكى ئىسلامدا ھەر ئىشنىڭ بېشى ئىخلاستۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق سائادىتى، ماددىي ۋە مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئىخلاستىن بۆلەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم قىلىش، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش قاتارلىق ھەممىلا ئىشتا ئىخلاس باغلاپ ئىش قىلىش لازىم.

ئىخلاسسىز قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەت ئاللاھ تائالاغا قوبۇل بولمىغاندەك، ئىخلاسسىز قىلىنغان تەربىيەنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

## 2. تەقۋالىق

تەقۋا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ساقلىنىش» دېگەنلىك بولۇپ، تەقۋالىقنىڭ شەرئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ تەرىپلىرى تۆۋەندىكىچە بولغان:

—ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش سايىسىدا ئۆزىنى ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش.

—ھارامدىن قېچىش ۋە ھالالنى ئىلغاشتا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇش.

ــ گۇنـاھ-مەسـىيەتلەرگە چۈشـۈپ قالماسـلىق ئۈچـۈن ئېھتىياتچـان بولۇش.

ئىككىنچـى خەلىـپە ئـۆمەر ئـىبنى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئـۇبەييە ئـىبنى كەئـب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن تەقۋالىـق ھەققىـدە سـورىغاندا، ئـۇ: «سـىز تىكەنلىـك يولـدىن مېڭىـپ باققـانمۇ؟» دەپ سـورىغان. ھەزرىتـى ئـۆمەر: «ھەئە» دېگەنـدە، ھەزرىتـى ئـۇبەييە يەنە ئۇنىڭـدىن: «قانـداق ماڭدىڭىز؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر: « پۈتۈمغـا تىـكەن كىرىـپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچـانلىق بىـلەن ماڭـدىم» دەپ جـاۋاب بەرگەن. بـۇ ۋاقىتتـا ئۇبەييە ئۇنىڭغا: «تەقۋالىق دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[1] دېگەن.

يەنـى تىكەنلىـك جايـدىن ماڭغـان ئـادەم « پۈتۈمغـا تىـكەن كىرىـپ كەتمىسۇن دەپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مېڭىش ئـارقىلىق ئـۆزىنى زىيـان-زەخمەتتىن قوغدىغاندەك، تەقۋادار ئادەممۇ ھاياتلىق مۇساپىسـىدە گۇنـاھ، يامان ئىشلارنى سادىر قىلىـپ قويـۇپ ئـاللاھ تائالانىـڭ جازاسـىغا ئـۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەمىشە ئېھتىياتچان بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ».

## تەقۋالىقنىڭ مەنىسى

تەقۋالىقنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئىخچام مەنىسـى «مەسئۇلىيەتچانلىق»تـۇر. ئىنسـان ھەر ئىشـتا مەسـئۇلىيەتچان بولـۇپ، مەسـئۇلىيەت تۇيغۇسـى ئىچىـدە ھەرىـكەت قىلىـدىغان بولسـا، ئـۇ چوقـۇم ئـاللاھ تائالانىـڭ ھىمايىسـى ئاسـتىغىمۇ كىرىـدۇ، ھـارام ئىشـلاردىنمۇ ئـۆزىنى سـاقلايدۇ ۋە جـازاغىمۇ ئۇچرىمايـدۇ. چـۈنكى «مەسـئۇلىيەتچانلىق» دېـگەن قىلىشـقا تېگىشـلىكنى ۋاقتىـدا قىلىـش، قىلماسـلىققا تېگىشـلىكنى قىلماسـلىق،

(1)«تەپسىر ئىبنى كەسىر»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1- توم، 28- بەتتىن.

دېگەننى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى راھەت، كېلەچەكى كاپالەتلىك ۋە قورقۇنچلاردىن خاتىرجەم بولىدۇ.

خەلقىمىزدە «ئۆزىنى سورىغان خاننىڭ ئالدىغا بارماپتۇ» دېگەن ھېكمەت بار. چۈنكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىغان ئادەم خەلقنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ھېچقاچان ئەيىبكار بولمايدۇ.

**«ئاللاھتىن قورقۇش» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟**

تەقۋالىق ئاللاھ تائالادىن قورقۇش دەپمۇ تەبىرلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار» دېگەن ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەدىسلەردىمۇ ۋە بارچە ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ كۆپ تەكرارلىنىدۇ.

دۇنيادا نۇرغۇنلىغان قورقۇش تۈرلىرى بار بولۇپ، ئىنسانلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، قانۇننىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ، مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ، قاراقچىدىن قورقىدۇ، يۈز-ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن قورقىدۇ، ئۆزلىرىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە زىيان-زەخمەت يېتىشتىن قورقىدۇ، بىراۋنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقىدۇ، بىرەر باشلىقنىڭ ياكى جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىدۇ، ئۆزىگە ياخشىلىق ۋە ئاتا-ئېھسان قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقىدۇ.

قىز-ئوغۇللار مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

ھەتتا باللارمۇ ئاتا-ئانىسىدىن تاياق يېيىشتىن قورقىدۇ، مۇئەللىمنىڭ جازالىشىدىن قورقىدۇ، كىچىك باللار بولسا قاراڭغۇدىن قورقىدۇ، جىن-ئالۋاستىدىن قورقىدۇ، يالغۇز قالسا ئېخىمۇ قورقىدۇ.

ئەمدى «ئاللاھتىن قورقۇش» قايسى تۈردىكى قورقۇشقا كىرىدۇ؟

شەكسىزكى، «ئاللاھتىن قورقۇش»دېگەن ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان كىشىسىنى رەنجىتىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن قورقۇشقا ئوخشايدىغان بىر قورقۇشتۇر. بۇ تۈردىكى قورقۇش ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا تولىمۇ يارىشىدىغان قورقۇشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇشمۇ مۇشۇ قورقۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى مۇناسىۋەت بۇزۇلغان ۋە ئاتا-ئېھسان ئۈزۈلگەندىن كېيىن، كۈتۈلىدىغان نەرسە جازادىن باشقىسى بولمايدۇ.

ئۇنداق بولمىغاندا، ئاللاھ تائالادىن خۇددى قورقۇنۇچلۇق ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى ئاچچىقى يامان ئادەمدىن قورققاندەك، ياكى زالىمدىن قورققاندەك قورقۇلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئەكسىچە، ئۇ مەخلۇقاتىغا ئەڭ مېھرىبان، ئەڭ كۆيۈمچان ۋە ئەڭ شەپقەتلىك زاتتۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر كەلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىسىنى ئىزدەۋاتقان بىر ئايال بار ئىدى. ئايال بالىسىنى تاپتى ۋە ئۇنى باغرىغا چىڭ باسقىنىچە ئېمىتىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەرگە ئايالنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن: «بۇ ئايالنى مۇشۇ بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولىدۇ، دېسە ئىشىنەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ياق، ھەرگىزمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ، دېيىشتى. ئاندىن

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھ بەندىلىرىگە مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بولغان شەپقىتىدىنمۇ بەك شەپقەتلىكتۇر»[1] دېدى .

ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق شەپقەتلىكتۇر. ئۇ بەندىلىرىنى ئازابلاشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ دوزاخنى ياراتقانلىقى جەننەتنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈش ۋە ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى، بەندىلىرىنىڭ قېنىنى ئىچكەن ۋە ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى ئەدەپلەش ئۈچۈندۇر.

تەربىيەچىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاساسلىق سۈپەت تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىق مەڭگۈلۈك ئامانلىققا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىششىنىڭ كاپالىتىدۇر.

**تەقۋالىق توغرىلىق كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر:**

﴿ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا ﴾يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار﴾ [2]

﴿ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ يەنى﴿ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر﴾ [3]

﴿ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ ﴾يەنى﴿ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك سانىلىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلاردۇر﴾ [4]

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخارى» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 5653- ھەدىس، «صحيح المسلم» (سەھىھۇل مۇسلىم)دىكى 2754- ھەدىس.
(2) 33- سۈرە ئەھزاب 70- ئايەت.
(3) 2- سۈرە بەقەرە 194- ئايەت.
(4) 49- سۈرە ھۇجۇرات 13- ئايەت.

﴿ وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا﴾ يەنى﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ﴾ (1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسە نېمە؟ دەپ سورالغاندا، « تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاق»(2) دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «نەدە بولمىغىن، چوقۇم ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلغىن، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن ئۆچۈرگىن، كىشىلەرگە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن.»(3)

## 3. ئىلىم

ئىلىمنىڭ ھاياتتىكى ئەڭ ھەقىقىي يولباشچى ئىكەنلىكىنى تالايلىغان دانالار ئېيتىپ كەلمەكتە. ھەربىر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلمى بولغىنىدەك، تەربىيەنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىلمى بار. تەربىيە ھەققىدە بىلىمى بولمىغان ئادەم تەربىيە ئىشىنى بېجىرەلمەيدۇ. تەربىيەچىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى، ھالال-ھارام مەسىلىلىرىنى، ئىسلام ئەخلاقىنى ياخشى بىلگەنلىكىنىڭ سىرتىدا، ئىسلام تەربىيەسىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئۇسۇل-چارىلىرىنى مۇكەممەل بىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بالىلارنى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالايدۇ. ناۋادا ئاتا-ئانا ياكى مۇئەللىم بولارنى بىلمىسە، بالىلارنىڭ تەربىيەسى نە

(1) 65- سۈرە تالاق 2- ئايەت.

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3)ئىبنى ھىببان«صحيح» (سەھىھ) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2- توم، 224- بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

ئەخلاقىي، نە ئىجتىمائىي، نە پىسخىكا تەرەپتىن ياخشى بولماي قالىدۇ. شۇڭا بالىلارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن چوقۇم بىلىملىك بولۇش شەرت. قارايدىغان بولساق ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى توغرىلىق كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ.

﴿ يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ يەنى﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[1]

﴿ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾يەنى﴿بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار تەڭ بولالامدۇ؟﴾[2]

قۇرئان كەرىمدىكى تۇنجى ئايەتنىڭ ﴿ئوقۇ﴾ دېگەن بۇيرۇق شەكلى بىلەن چۈشكەنلىكىمۇ ئىلىمنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىلىم ئېلىش ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىگە پەرزدۇر»[3]. ئۇ يەنە: « كىمكى بىلىم ئېلىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[4] دېگەن.

---

(1) 58- سۈرە مۇجادىلە11- ئايەت.
(2) 39- سۈرە زۇمەر 9- ئايەت.
(3) بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ھاكىم «المستدرك» (مۇستەدرەك) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1-توم، 291- بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

## 4. مەسئۇلىيەتچانلىق

تەربىيەچى باللارنى ئىمانىي، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىن مۇكەممەل قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ھەمىشە ھېس قىلىپ تۇرۇشى لازىم. تەربىيەچىنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى بۇ چوڭ مەسئۇلىيەتنى داۋاملىق ھېس قىلىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ تەربىيە يولىدا تېخىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە ۋە قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىنى قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

تەربىيەچى مەيلى ئاتا، مەيلى ئانا، مەيلى مۇئەللىم بولسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئۇنۇتماسلىقى لازىم. تەربىيەچى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئورۇندىمىسا، ئۆزىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئاددىي ئەھۋالىغىچە نازارەت قىلىپ، بىلىپ تۇرۇش بۇرچىنى ئۇنۇتسا، ئۇ تەربىيە ئىشىدا مەغلۇپ بولغان بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا تەربىيەسى ئاستىدىكىلەرنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ.

## 5. چىدام ۋە مەرھەمەت

سەۋرچانلىق، مېھرىبانلىق، تەمكىنلىك، ئېغىر بېسىقلىق، يۇمشاقلىق ۋە مەرھەمەتلىك قاتارلىق سۈپەتلەر تەربىيەچىنى تەربىيە ئىشىدا غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن سانىلىدۇ. ھەر قانداق تەربىيەچى مۇشۇ سۈپەتلەر ئارقىلىق باللارنىڭ سۆيگۈسىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. نەتىجىدە، باللار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ، دېگەنلىرىنى ئورۇندايدۇ.

سەۋرچانلىق بىلەن ئىغىر بېسىقلىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئېسىلى سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ خىسلەتنىڭ ئىگىلىرىنى تەقۋادارلاردىن سانىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان: ﴿الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى﴿ئۇ تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ (ئاللاھ يولىدا پۇل-مال) سەرپ قىلىدىغان، ئاچچىقىنى يۇتىدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ [1]

﴿ وَلَمَنْ صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾ يەنى﴿كىمكى سەۋر قىلسا ۋە كەچۈرۈۋەتسە، شەكسىزكى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئالىيجانابلىقتۇر﴾ [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇ قەيس دېگەن بىر ئادەمگە: «سېنىڭدە ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدىغان ئىككى خىسلەت بار. ئۇلار: سەۋرچانلىق ۋە ئىغىر بېسىقلىقتۇر»[3] دېگەن.

قاتتىقلىق بىلەن قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى يۇمشاقلىق ۋە سىلىقلىق بىلەن قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىغىر بېسىقلىق قايسى نەرسىگە كىرسە، ئۇنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قايسى نەرسىدىن يۇلۇپ ئېلىنسا، شۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ»[4] دېگەن.

---

(1) 3- سۈرە ئال ئىمران 134- ئايەت.

(2) 42- سۈرە شورا43 - ئايەت.

(3) ئىمام مۇسلىم «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1- توم، 48- بېتىدە رىۋايەت قىلغان.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كۆيۈمچانلىق بىلەن مېھرىبانلىق ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق سۈپەتلەردىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «مېھرىبانلىقتىن مەھرۇم قالغان ئادەم جىمى ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ»[1] دېگەن.

غەزەپلىنىش، تېز ئاچچىقلىنىش ۋە ئۆزىنى تۇتالماسلىق سەلبىي سۈپەتلەردىن بولۇپ، ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي ئىشلاردا، خۇسۇسەن تەربىيە ئىشلىرىدا ئۇنىڭ زىيىنى كۆپتۇر. چۈنكى ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ئاچچىقىنى باسالمايدىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا چوڭ خاتالىقلارغا دۇچار بولىدۇ. مۇنداق ئادەم تەربىيە ئىشلىرىدىمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ. چۈنكى تەربىيە ئالاھىدە سەۋرچانلىق ۋە ئېغىر-بېسىقلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر مەسىلەك. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇغان ئەمەس. ئاچچىقنى بېسىۋېلىشنى ۋە غەزەپنى يېڭىشنى ئۆگىنىش تىرىشقان ئادەم ئۈچۈن ئانچە قىيىن ئەمەس. ھەممە ئىش جاپاغا چىداپ ئۆزىنى كۆندۈرۈش ۋە مەشىق قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئاچچىقنى بېسىۋېلىش ۋە ئىچىدە ئوتتەك يېنىۋاتقان غەزەپنى يېڭىش ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەمنىڭ سۈپىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن: «سىلەر قانداق ئادەمنى ئەڭ كۈچلۈك دەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچكىم يىقىتالمايدىغان ئادەمنى ئەڭ كۈچلۈك دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر

---

(1) ئىمام مۇسلىم «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 4- توم، 2003- بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم ھەقىقىي كۈچلۈك ئادەمدۇر»[1] دەيدۇ.

## 6. مېھىر-شەپقەت ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت

ھەر قانداق بىر تەربىيەچىنىڭ تەربىيەدە ئۈنۈملۈك نەتىجە ئېلىشىدا ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينايدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى باللارغا مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشى ۋە سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئۇلارغا ئىزھار قىلىپ تۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىشتۇر. تەربىيەچى باللارغا ئۆزىنى سۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى قوبۇل قىلدۇرالايدۇ. باللارغا ئۆزىنى قوبۇل قىلدۇرغاندىن كېيىن، باللار ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەرەبلەردە «ھەركىم ئۆزى سۆيگەن كىشىگە بويسۇنغۇچىدۇر» دەيدىغان ماقال بار.

سۆيگۈ-مۇھەببەت شۇنداق بىر مۆجىزىلىك ۋە سېھىرلىك نەرسىكى، ئۇنىڭ بىلەن قەلبلەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ھەر ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال قولغا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك نەرسە سۆيگۈ-مۇھەببەتتۇر.

باللارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەتكە بولغان ئېھتىياجى خۇددى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك يېمەك-ئىچمەكلەرگە بولغان ئېھتىياجىغا ئوخشاش تەبىئىي ئېھتىياجلاردىن بىرىدۇر. ئەگەر ئۇلارغا سۆيگۈ-مۇھەببەتنى كەم بەرسىڭىز، ئۇلار بۇنى سىرتتىن تولۇقلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالىسىز. شۇڭا باللار

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بىلەن كۆپرەك سىرداشلىشىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ماختاپ قويۇش لازىم.

### 7. ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىش

ھەر قانداق بىر تەربىيەچى ئۆزىنىڭ تەربىيە ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىشى، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەدەت تىلىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى ھەر قانداق بىر مۇۋەپپەقىيەت ئاۋۋال ۋە ئاخىر چوقۇم ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، تەربىيە ھەمىشە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن بىللە بولۇشى، تەربىيەچى ھەمىشە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراشنى ئۇنۇتماسلىقى لازىم.

تىلەكلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا بىلەن سەۋەب ھەر ئىككىلىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇلار بىر-بىرىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا ئىنسان ھەربىر ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە، قولىدىن كەلگەنچە سەۋەبلەرنى قىلىشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى دۇئا مەقسەتكە يېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇش ۋە يوللىرىنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشنى سەۋەبلەرگە باغلىق قىلغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:﴿ وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾ يەنى﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1]. ئەمما سەۋەبكىلا چوقۇنۇپ كېتىپ، ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قېلىش توغرا بولمىغاندەك، دۇئاغىلا يۆلىنىپ سەۋەبتىن بىھاجەت بولۇشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى

---

(1) 53- سۈرە نەجم 39- ئايەت

ئالدىنقىسى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقانلىقتۇر. چۈنكى «دۇئا ــ ئىبادەتتۇر»(1) كېيىنكىسى بولسا، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەنلىكتۇر.

دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ باغلىنىشتۇر. ئەگەر تىلەكلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن دۇئالا كۇپايە قىلىدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەۋەب قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇسمۇ قىلمىغان بولاتتى. ئەگەر تىلەكلەر سەۋەب بىلەنلا ھاسىل بولىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنچە ئەھمىيەتلىك ۋە خاسىيەتلىك دۇئالارنى ئۈممىتىگە ئۆگەتمىگەن ۋە ئۆزىمۇ قىلمىغان بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ ئارىسىنى قەتئىي ئايرىغان ئەمەس. ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ھەر تۈرلۈك خاسىيەتلىك دۇئالار بىلەن تولغاندەك، ئىشلەش، چارە-تەدبىر قوللىنىش ۋە ھەر ئىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئالدىنقىلاردىن ئىدى. ئۇ مەسجىدتە ئىمام، غازاتلاردا قوماندان، مەدرىسىدە ئۇستاز، دىندا رەھبەر ۋە ئائىلىسىدە ئىشلەمچان ئاتا ئىدى. شۇڭا ئۇ غەلىبە قىلدى، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى ۋە ئىنسانىيەتكە جىمى ياخشىلىقتا ئۈلگە ھالدا، تىللاردا داستان بولدى، دىللاردا مەڭگۈ ياد ئېتىلدى.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

# ئىسلامدا بالىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى

## بالىنىڭ تۆرىلىشتىن ئىلگىرىكى ھەقلىرى

ــ ئاتا-ئانىنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى تاللىشى

ــ ئاتا-ئانىنىڭ بىر تۆشەكتە بولۇشتىن بۇرۇن دۇئا قىلىشى

ــ ئاتا-ئانىنىڭ يوللۇق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالالدىن رىزىقلىنىشى

## بالىنىڭ تۆرەلگەندىن كېيىنكى ھەقلىرى

ــ تۆرەلگىنىگە خۇشاللىنىپ، ئاللاھ تائالاغا شۈكرى قىلىش

ــ تۆرەلمىنىڭ ھاياتىنى قوغداش

ــ ئانىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش

## بالىنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈندىكى ھەقلىرى

ــ بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش

ــ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

ــ بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش

ــ بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنى ئېمىش ھوقۇقىنى بېرىش

## بالىنىڭ يەتتىنچى كۈندىكى ھەقلىرى

ــ بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇش

ــ بالىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش

ــ بالىنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈش

ــ بالىنىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش

# ئىسلامدا بالىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى

## باللىق بولۇش نېمەت، ئەكسىچە بالىسىزلىقمۇ جازا ئەمەس

باللىق بولۇشنىڭ كاتتا نېمەت ۋە زور خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، بەزىلەرنىڭ ئاتا- ئانىلىقتىن ئىبارەت بۇ زور نېمەتتىن مەھرۇم ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇمۇ كەمچىلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ھېكمىتىنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. لېكىن مۇنداق مەھرۇملۇقتا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبسىلىپ دۇئا قىلىشىنى ۋە ھاجىتىنى ئۇنىڭدىن سورىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. پەرزەنت نېمىتىدىن مەھرۇم بولغۇچىلار مۇنۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىشى لازىم: ﴿لِلَّهِ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَخْلُقُ مَا يَشَاءُ يَهَبُ لِمَنْ يَشَاءُ إِنَاثًا وَيَهَبُ لِمَنْ يَشَاءُ الذُّكُورَ. أَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَاثًا وَيَجْعَلُ مَنْ يَشَاءُ عَقِيمًا إِنَّهُ عَلِيمٌ قَدِيرٌ﴾ يەنى﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ. ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾ [1] يەنى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىدۇ، ئۇلار ئۈچۈن نېمىنىڭ ياخشى بولىدىغان ۋە نېمىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بەندىلىرىگە پەقەت ياخشىلىقنىلا خالايدۇ.

(1) 42- سۈرە شورا 49-، 50- ئايەتلەر.

## پەرزەنت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تەۋسىيەلەر

پەرزەنت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

1. سەۋەب بىلەن دۇئا

پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ئاللاھ تائالاغا سەممىي دۇئا قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن ھاجىتىنى سوراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دوختۇرغا بېرىپ داۋالىنىشقا ئوخشىغان ماددىي سەۋەبلەرنى جايىدا ئورۇندىشى لازىم. چۈنكى مېدىتسىنا ئىلمى تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زاماندا، نۇرغۇنلىغان تۇغماس ئاياللارغىمۇ چارە تېپىلماقتا.

2. ھالالدىن ئوزۇقلىنىش

ھەر قانداق بىر دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن، دۇئا قىلغۇچىنىڭ يېمەك-ئىچمىكى ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ھالالدىن بولۇشى شەرتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك بولغاننىلا قوبۇل قىلىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالا قەلبى پاك، يېمەك-ئىچمەكلىرى ھالالدىن بولغانلارنىڭلا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇستى بېشىنى چاڭ-توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ " ئى رەببىم! ئى ئىگەم! "دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن-ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولسۇن!؟»[1]. يەنى شۇنداق بىچارە ھالەتتە تۇرۇپ، كامالىي ئىخلاس ۋە ۋايىغا يەتكەن كەمتەرلىك بىلەن دۇئا قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ھارامدىن يىراق بولمىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

3. تەۋبە-ئىستىغفار

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە تەۋبە-ئىستىغفارنىڭ پايدىلىرىدىن بىرى تۇغماسلىقنى داۋالاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان:﴿ فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا . يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا . وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَلْ لَكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَلْ لَكُمْ أَنْهَارًا﴾يەنى﴿رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ﴾[2] ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىركى، ئەگەر بىراۋغا پەرزەنت بېرىشنى خالىسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالىغا ئوخشاش ياشىنىپ قالغانلارغىمۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەتتا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىغا ئوخشاش ياشىنىپ قالغاننىڭ ئۇستىگە تۇغماس بولغانلارغىمۇ پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى تەۋبە-ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەر قانداق بىر

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) 71- سۈرە نۇھ 10~12- ئايەتلەر.

قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۈتۈلمىگەن يەردىن رىزىق بېرىدۇ.»[1]

تەۋبە ــ سادىر قىلىنغان گۇناھلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، ھەقىقىي تۈردە توغرىلىققا قايتىش، دېمەكتۇر.

ئىستىغفار ــ ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراش، دېگەنلىكتۇر.

4. پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلىش

﴿ رَبِّ هَبْ لِي مِنَ الصَّالِحِينَ﴾ يەنى﴿ رەببىم! ماڭا ياخشى پەرزەنتلەردىن ئاتا قىلغىن﴾ [2]

﴿ رَبِّ لَا تَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنْتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ﴾ يەنى﴿رەببىم! مېنى (بالىسىز ) يالغۇز قويمىغىن، سەن ھەقىقەتەن ئەڭ ياخشى ۋارىسسەن﴾ [3]

﴿ رَبِّ هَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً إِنَّكَ سَمِيعُ الدُّعَاءِ﴾ يەنى﴿رەببىم! ماڭا دەرگاھىڭدىن ياخشى بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئاڭلىغۇچىسەن﴾ [4]

بۇ دۇئالارنى ھەر قانداق ۋاقىتتا، خۇسۇسەن سەجدىلەردە ۋە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مەخسۇس ۋاقىتلاردا كۆپ قىلىش تەۋسىيە

---

(1) ئىمام ئەھمەدنىڭ«مسند الإمام احمد» (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2234ـ ھەدىسى.
(2) 37ـ سۈرە ساففات 100ـ ئايەت.
(3) 21ـ سۈرە ئەنبىيا 89ـ ئايەت.
(4) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 38ـ ئايەت.

قىلىنىدۇ. (دۇئا ئىجابەت بولىدىغان مەخسۇس ۋاقىتلارنى ئاپتورنىڭ «ئىلاھىي قورغان» ناملىق دۇئا كىتابى ۋە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ «خاسىيەتلىك دۇئالار ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن كىتابىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

## پەرزەنتى بولمىغانلارغا خۇشخەۋەر

ئانىلىق قىلىش، تەربىيەلەش ۋە مېھرى-شەپقەت قىلىش بالا تۇغقان ئاياللارغىلا خاس ئەمەس. ئاياللار ئۆزلىرى تۇغمىغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ باللىرىغا ھەم شۇ ئانىلىق شەپقىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى كاتتا ساۋابقا، يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. جۈملىدىن، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش ئارقىلىقمۇ جەننەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ماقامدا بولۇش دەرىجىسىگە يۈكسىلەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن بىلەن يېتىمنى باققان ئادەم جەننەتتە خۇددى مۇشۇنداقمىز» دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن.[1]

جەمئىيىتىمىزدە كۆرۈۋاتىمىزكى، باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بالا قىلىپ بېقىۋېلىپ، خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىدەك كۆرۈپ قاتارغا قوشقان ۋە ئاخىرىدا بۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆرۈۋاتقان ئائىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

---

(1) ئىمام بۇخارى، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى.

# تەربىيەنىڭ ۋاقتى

## بالىنى تەربىيەلەش قاچاندىن باشلىنىدۇ؟

بەزى ئۆلىمالار بۇ سوئالغا بالا ئەتراپىدىكىلەرنى بايقىغۇدەك ھالغا كەلگەندىن كېيىن (يەنى بالا ئىككى ياشقا كىرگەندىن كېيىن) باشلىنىدۇ، دېگەن بولسا، بەزىلىرى بالا مەكتەپ يېشىغا توشقاندىن كېيىن (يەنى بەش ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن) باشلىنىدۇ، دېگەن. تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە كۆرە، بالا تەربىيەسى بۇ دېيىلگەنلەردىن خېلى بۇرۇنلا باشلىنىدۇ. ھەتتا «تەربىيە بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىن تارتىپ باشلانسا ئەڭ ياخشى» دېگەنلەرمۇ بار.

ئەمما شۇ ئېنىقكى، بالىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى بالا دۇنياغا كېلىشتىن، ھەتتا تۆرۆلۈشتىن بۇرۇنلا بەلگىلىنىپ بولىدۇ.

# بالا تۆرۆلۈشتىن بۇرۇنقى ھەق-ھوقۇقلىرى

بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىغا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھەق-ھوقۇقلىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1. بالىغا ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ تاللىنىشى

ئىسلام دىنىنىڭ ئائىلە قۇرۇش پرىنسىپىغا كۆرە، ئۆيلەنگۈچىلەر بىر-بىرىنى دىيانەت ۋە ئەخلاقنى ئاساس قىلغان ھالدا تاللاپ چىقىدۇ. بۇ ئىسلامدا ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بولۇپ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان-ئەگەر بەختلىك بىر تۇرمۇش قۇراي دېسە-ئۆزىگە جورا تاللاشتا بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى لازىم. بۇ پرىنسىپ بىلەن بىرگە يەنە

ئۆيلەنگۈچىلەرنىڭ ياش ئۆلچىمى، نەسەبى، ئىلىم سەۋىيەسى ۋە بىر-بىرىگە بولغان قىزىقىشى، مۇھەببىتى قاتارلىقلارمۇ بار. ئەمما ئەڭ ئاساسلىقى دىيانەت بىلەن ئەخلاقتۇر.

بىز بۇ ماۋزۇدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە، باشقا ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارنىڭمۇ يولىنى تۇتىمىز. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىزىمنى كىمگە ياتلىق قىلسام بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ئادەمگە ياتلىق قىلغىن. چۈنكى مۇنداق ئادەم قىزىڭنى ياقتۇرسا ساقلايدۇ، ناۋادا ئۇنى ياقتۇرماي قالسىمۇ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ نىمىدېگەن توغرا بىرىلگەن جاۋاب! راستتىنلا ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم شۇنداق بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزلارنىڭ جورا تاللىشى ئۈچۈن مۇنداق بىر پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان: «دىيانىتى ۋە ئەخلاقى سىلەرنى قايىل قىلىدىغان قانداقلا بىرى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، ئۇلارنى دەرھال ئۆيلەندۈرۈڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار يەر يۈزىدە چوڭ پاساتچىلىق تىرىغان بولىسلەر.»(1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرنىڭ جورا تاللىشى ئۈچۈن يەنە مۇنداق پىرىنسىپنى جاكارلىغان: «ئاياللار تۆت نەرسىگە ئاساسەن تاللىنىدۇ: ئۇنىڭ بايلىقى، چىرايى، نەسەبى ۋە دىيانىتىدۇر. سەن ئەڭ

---

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1085- ھەدىسى.

ئــاۋۋال دىيانەتلىــك بــولغىنىنى تــاللىغىن، شــۇنىڭ بىــلەن بــارچە ياخشىلىقلارغا ئىگە بولغىن»[1].

ئەرلەرمۇ بولغۇسى ئايالىنى دىيانەت بىـلەن ئەخلاقنـى ئـۆلچەم قىلغـان ھالدا تاللاپ چىقىشى لازىم.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام يەنە ئەرلەرگە قارىتىــپ مۇنــداق دېــگەن: «مــۇئمىن ئادەمنىــڭ تەقــۋالىقتىن قالســا، ئېرىشــىدىغانلىرىنىڭ ئەڭ ئوبدىنى ياخشى ئايالدۇر.»[2]

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنـداق دېـگەن: «دۇنيـا مەنپەئەتتـۇر، دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى مەنپەئەتى ياخشى ئايالدۇر.»[3]

ئاتـا-ئانـا بولغۇچىلارنىـڭ بىـر-بىرىنـى دىيـانەت ۋە ئەخلاقنـى ئاسـاس قىلغان ھالدا ياخشى تـاللاپ، دىيانەتلىـك بىـر ئـائىلىنى قـۇرۇپ چىقىشـى بالىلارنىــڭ بەخــت-ســائادىتىنىڭ كاپــالىتى بولغىنىــدەك، بــالىلارنىڭمۇ ئاتــا-ئانىســىغا كۆيۈمچــان، دىيانەتلىــك، ئەخلاقلىــق ۋە ئەل ئىشــىغا يارامـلىق بىر ئەۋلاد بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئۆيلەنگۈچىلەرنىــڭ بىــر-بىرىنىــڭ چىرايىغــا، مــال-دۇنياســىغا، مەنســىپىگە ۋە نەســەبىگە قىزىقىشــى ئەيىــب ســانالمايدۇ يــاكى چەكلەنمەيدۇ. ئەمما بۇلارغا قىزىقىـپ دىيـانەت بىـلەن ئەخلاقنـى قايرىـپ قويـۇش ئەيىبلىنىــدۇ ۋە چەكلىنىــدۇ. چــۈنكى دىيــانەت بىــلەن ئەخــلاق

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىبنى ماجەنىڭ «سنن ابن ماجة» (سۈنەنى ئىبنى ماجە) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1857- ھەدىسى.

(3)ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1467- ھەدىسى.

جـورا تاللاشـتا ئەڭ ئاساسـلىق ئـۆزگەرمەس پرىنسـىپ ۋە مىزانـدۇر. دىيـانەت بىـلەن ئەخـلاق بولمايـدىكەن، يـۇقىرىقى سـۈپەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى پايدا بەرمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىكاردۇر.

شۇنىڭدەك، قىز-بىلەن ئوغۇل بىر-بىرىنى تاللاشتا قارشى تەرەپنىڭ ئىرسىيەت ياكى يۇقۇملۇق كېسەللىنىڭ بار-يوقلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشى لازىم. بۇ باللارنىڭ تەن ساالامەتلىكى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. چۈنكى دىنىمىزدا «زىيان يوق قىلىنىدۇ ۋە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ»[(1)] دەيدىغان ئومۇمي پرىنسىپ بار.

يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۆيلىنىشى تىببىي جەھەتتىن چەكلىنىدۇ ھەم بەزى ھالالاردا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ياتلىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. دىنىمىزمۇ بۇنىڭغا تەرغىب قىلمايدۇ. خەلقىمىزمۇ قىز-ئوغۇللىرىنى ياتلاردىن ئۆيلەشنى ئەۋزەل بىلىدۇ.

شۇڭا خەلقىمىزدە «ياتقا بەر قىزىڭنى، ياتتىن ئال سۆزۈڭنى» دەيدىغان ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىققان.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا شۇنداق تالالاش، ئىلغاش زۆرۈر بولغان يەردە، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن ئۆيلىنىش ياكى نامى مۇسۇلمان بولسىمۇ، روھى ئىسلامدىن يىراق كىشىلەر بىلەن ئۆيلىنىش ئەلۋەتتە خەتەرلىك

---

(1)ئىمام مالىكنىڭ «موطأ» (مۇئەتتا) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1429-ھەدىسى؛ ئىمام ئەھمەد «مسند الامام أحمد» (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 5- توم، 55- بېتىدە رىۋايەت قىلغان؛ ئىبنى ماجە «سنن ابن ماجة» (سۇنەنى ئىبنى ماجە) ناملىق ھەدىس توپلىمىدا رىۋايەت قىلغان 2341- ھەدىس.

ئىشتۇر. بۇ بالىلارنىڭ ئىسلامىي يوسۇندا تەربىيەلىنىپ چىقىشىغا توسقۇن بولىدىغان ئىشلارنىڭ چوڭىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلار بىلەن ئۆيلىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «سىلەر ناچار ئائىلىدىن كەلگەن گۈزەللەرگە ئۆيلىنىشتىن ساقلىنىڭلار»[1] دەپ ئالاھىدە كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس ئارقىلىق دىيانىتى بولمىغان گۈزەللەرگە ئۆيلىنىشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، تېگى پەس ۋە دىيانەت بىلەن ئەخلاقتىن يىراق ئائىلىدىن يېتىشىپ چىققان ئوغۇل-قىزلارنىڭ دىيانەتلىك ئائىلىلەرگە لايىق ئەمەسلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

دېمەك، ئاتا بولغۇچى بىلەن ئانا بولغۇچىنىڭ بىر-بىرىنى دىيانەت ۋە ئەخلاقنى ئاساس قىلغان ھالدا ياخشى تاللىشى بالىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى بۇ تاللاش بالىلارنىڭ كېلەچىكى ۋە بەخت سائادىتى ئۈچۈن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر.

بىر ئادەم ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بالىسىنىڭ ئەدەپسىزلىكى ۋە ئۆزىنى قاقشىتىدىغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىپ بارغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ ئادەمنىڭ بالىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «سەن نېمىشقا ئاتاڭنى قاقشىتىسەن؟» دەپ سورايدۇ. بالا جاۋاب بېرىپ: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئاتىنىڭ بالىسى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قايسىلار؟» دەپ سورايدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

---

(1) ئىمام قەزائىي «مسند الشهاب» (مۇسنەد ئەششىھاب) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2- توم، 96- بېتىدە رىۋايەت قىلغان 957- ھەدىس.

ئۇنىڭغا: «بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تالالاش، بالىغا چىرايلىق ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنى ئوقۇتۇشتۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بالا: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئاتام مېنىڭ ئۈچۈن بۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھېچبىرىنى قىلمىدى» دەيدۇ. ئۆمەر دەرھال بالىنىڭ ئاتىسىغا قاراپ: «ئەسلىدە بالاڭ سېنى قاقشىتىشتىن بۇرۇن، سەن ئۇنى قاقشىتىپسەن» دەيدۇ.

## 2. توغرا كەسىپ قىلىپ ھالالدىن پۇل تېپىش

ئاتا-ئانىلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنىڭ، كىيىم-كېچىكىنىڭ ۋە بارلىق ئېھتىياجلىرىنىڭ ھالالدىن بولۇشىغا، توغرا كەسىپلەر بىلەن ھالالدىن پۇل تېپىشقا ئەھمىيەت بېرىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. چۈنكى ھالالدىن يېيىش ۋە ھارامدىن يىراق تۇرۇش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى تەلەپلىرىدىن بىرى بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، باللارنىڭ ئىمان ۋە ئەخلاقلىق بولۇپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاتا-ئانا يېگەن تائام بالىنىڭ ئەسلى ۋە تەركىبى بولغان ئىسپېرمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇ ئىسپېرمىدىن بالا تۆرۈلىدۇ. ئاتا-ئانا ھالالدىن ئوزۇقلانغان بولسا، بالىنىڭ ئەسلى ۋە تەركىبى ھالالدىن قۇرۇلغان بولىدۇ. نەتىجىدە، بالا خۇددى ئاللاھ تائالا ياراتقان تەبىئىتى بويىچە پاك-پاكىز بولۇپ يېتىلىدۇ. مۇنداق بالىنىڭ تەربىيەسى ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەقلىرىنى تونۇيدىغان، ئىنتائەتچان، ۋاپادار ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك، ياخشى پەرزەنت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

ناۋادا ئاتا-ئانىنىڭ يېمەك-ئىچمەكلىرى ھارامدىن بولسا ياكى ھالال-ھارامنى ئىلغىمىسا، بالىنىڭ ئەسلى ۋە تەركىبى ھارامدىن قۇرۇلغان ۋە ۋۇجۇدى ھارامدىن ئوزۇقلانغان بولىدۇ. ھەتتا بالىنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر لوقما ھارام تائامۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. مۇنداق بالىدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى بالىنىڭ ئىچىدىكى ھارام لوقما ئۇنى ھارامغا ۋە يامان يوللارغا ئىتتىرىپ تۇرىدۇ. نەتىجىدە، ھامان بىر كۈنى بۇ ھارام لوقما چوقۇم باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. نەتىجىدە ئاتا-ئانىنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرىدۇ، يۈزىنى تۆۋەن قىلىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر شەھەرنىڭ مەشچىسى تەقۋادار دانىشمەنگە ئەرز قىلىپتۇ: «ئوغلىڭىز ھەر كۈنى بىگىز بىلەن مەشلىرىمنى تېشىۋېتىدۇ، سىزدەك ياخشى ئادەمنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن بۇ ئىش راۋامۇ؟»، دانىشمەن مەشچىنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ ئۆزرە سوراپتۇ ۋە مەشلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەپتۇ-دە، ئايالىنى چاقىرىپ ۋەقەنى بايان قىلىپ: «بىز بالىمىزغا بۇنداق تەربىيە بەرمىگەن ئىدۇق، يېگەن لوقمىسىغا ھارام ئارىلىشىپ قالدىمىكىن؟» دەپ سوراپتۇ. ئايال ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن: «ئەي خوجام! سىز نېمە تېپىپ كەلگەن بولسىڭىز، بىز ئاشۇنىلا يەيمىز، بىزدىن گۇمانلىنىشىڭىز ئورۇنسىزدۇر»، دەپتۇ. دانىشمەنمۇ ئۆيگە ھارام لوقما ئېلىپ كىرگىنىنى ئەسلىيەلمەپتۇ. ئايالىغا: «تاڭغا قەدەر ئويلايلى» دەپتۇ. ئەتىسى ئايالى ئەيىبدار ئادەمنىڭ سۇنۇق ئاۋازى بىلەن دەپتۇ: «ئەي مۆھتەرەم خوجام! تۇيۇقسىز بىر ۋەقەنى ئەسلەپ قالدىم. شۇ بالىغا ھامىلىدار ۋاقتىمدا مېھمانغا بارغان ئىدىم، داستىخان نازۇ-نېمەتكە تولغان ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئاپېلسىن ئىشتىھايىمنى غىدىقلاپ، نەپسىمنى ئۆزۈمگە

ھۆكۈمران قىلىپ قويىدى. بۇرۇن مۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم، «ئايال كىشى ھامىلىدار ۋاقتىدا يېگۈسى كەلگەننى تېتىپ كۆرمىسە، بالىسى ئەيىبلىك تۇغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن» ئىكەن. ساھىبخان نېمىشقىدۇر «ئېلىڭ، يەڭ» دېمىدى، نەپسىم بولسا تىنچىمىدى. ئاقىۋەت ساھىبخان چىقىپ كەتكەندە، بىر تال ئاپېلسىننى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ياقامغا سانجىپ قويغان يىڭنىنى سانچىدىم ۋە بىر تامچە شەربەت سۈمۈردۈم. سوراپ ئالمىغىنىم ئۈچۈن شۇ لوقما ھارام بولۇپ قالدىمىكىن؟» ئاياللىنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلىغان دانىشمەن: «ھە، بارىكاللا، بىلىپ يېتىپسىز. سىز ئون يىل ئاۋۋال ئىگىسىنىڭ رازىلىقىسىز قولغا ئالغان كىچىككىنە ئاپېلسىن بوۋاقىن مەشكە، ھېلىقى يىڭنە ئوغلىڭىزنىڭ قولىدا بىگىزگە ئايلىنىپتۇ. تېزدىن بېرىپ شۇ ئائىلىدىن رازىلىق ئېلىڭ» دېگەن ئىكەن. دېمەك، ئەنە شۇنچىلىك بىر تامچە ھارام لوقما كۆچىنى كۆرسەتكەن يەردە، ئۇنىڭدىن چوڭلىرى نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتمەس؟[1]

## ھالالدىن ئوزۇقلىنىشنىڭ پايدىسى

ھالالدىن ئوزۇقلىنىشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئىبادەتلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ۋە دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشى پەقەت ھالالدىن يېيىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىگە: «ئى سەئىد! يېمەك-ئىچمىكىڭ ھالالدىن بولسۇن، شۇنداق قىلساڭ دۇئايىڭ ئىجابەت بولىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھارام يېگەن ئادەمنىڭ 40 كۈنگىچە ئىبادىتى

(1) رۇزىمۇھەممەد مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

قوبۇل بولمايدۇ. ھارامدىن ئوزۇقلانغان ئادەمنىڭ تىنى دوزاخقا ئەڭ لايىقتۇر» دېگەن.[1]

## 3. ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى ئاتاش ۋە دۇئا

ئەر-خوتۇن بىر تۆشەككە كىلىشتىن ئاۋۋال، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ، سەمىمىي قەلب بىلەن دۇئا قىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئەر-خوتۇنچىلىق قىلىشتىن ئاۋۋال "بىسمىللاھ" دېسەڭلار ۋە ئاللاھقا "ئى ئاللاھ! بىزدىن ۋە بىزگە بېرىدىغان پەرزەنتتىن شەيتاننى يىراق قىلغىن" دەپ دۇئا قىلساڭلار، ناۋادا سىلەرگە شۇ كېچىسى پەرزەنت نىسىپ بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا شەيتان قەتئىي زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.»[2]

پەقەت مۇشۇ دۇئانى ئوقۇشلا شەرت ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن ئاتا-ئانىسىغا، مىللىتىگە ۋە دىنىغا پايدىلىق، ۋاپادار پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەپ، ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە دۇئا قىلسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكىنى بىر نەمۇنە بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا دۇئانى قىلسا بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن سانىلىدۇ. بۇنى ئاددىي ساناپ تەرك ئەتكۈچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ. ئەپسۇسكى،

(1) تەبەرانىينىڭ «مۇئجەمۇل ئەۋسەت» ناملىق ھەدىس توپلىمىدىن 6495-ھەدىس.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 5165- ھەدىس؛ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم)دىكى 1434- ھەدىس.

كـۆپلىگەن مۇسـۇلمان قېرىنداشـلىرىمىز بـۇ ئىشـقا ئەھمىـيەت بەرمەيـدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى بىلىسمۇ ئەمەل قىلمايدۇ.

# بالىنىڭ تۆرەلگەندىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلىرى

## 1.ئايالىنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىنى تەبرىكلەش

تۆرەلمە مەيلى قىز، مەيلى ئوغۇل بولسۇن، پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ئۆزىلا ئاتا-ئانا ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەت بېغىشلايدىغان چوڭ بىر خوشاللىقتۇر. بالا ئەگەر ئىسلام تەربىيەسى بىلەن يېتىشتۈرۈلسە، ئاتا-ئانىنىڭ سائادىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

ئايال ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياق بولغانلىقىنى بىلگىنىدە، ئاۋۋال ئۇنى ئېرىگە ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىلەن خۇشال بولىدىغان كىشىلىرىگە خۇش-خەۋەر ئورنىدا بىلدۈرۈشى ۋە ئۆزىمۇ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا[1] ئېيتىپ شۈكۈر قىلىشى، شۇنداقلا بالىنىڭ مىللىتىگە ۋە دىنىغا مەنپەئەتلىك، ياراملىق ۋە ياخشى بىر پەرزەنت بولۇشىنى ئاللاھ تائالادىن ھەر ۋاقىت تىلىشى لازىم.

ئاتا-ئانىلارنىڭ، ياكى ئىككىسىدىن بىرەرسىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ياكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىۋاتقان بۇ يېڭى مېھماندىن خۇشاللىق ھېس قىلماسلىقى، غەمكىن بولۇشى، قايغۇرۇشى، خۇسۇسەن ئانىنىڭ بىئارام بولۇشى تۆرەلمىگە بىۋاستە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ھەربىر جانلىقنى تېگىشلىك رىزقى بىلەن يارىتىدىغانلىقىنى، ھەممىگە رىزىق بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى، بالىلارنىڭ

(1)ھەمدۇسانا ــ ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش ۋە ماختاش دېگەنلىكتۇر.

كۆپلۈكى سەۋەبلىك ئاتا-ئانىلارنىڭ تېخىمۇ بەرىكەت تاپىدىغانلىقىنى ئەسلىرىدىن چىقارماسلىقى لازىم.

تۆرەلمىنىڭ قىز بولۇپ تۇغۇلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، «كاشكى ئوغۇل بولسىچۇ!»، ياكى « نېمىشقا ئوغۇل بولمىغاندۇ؟»، ياكى ئەكسىچە « نېمىشقا قىز بولمىدى؟» دەپ بىئاراملىق ھېس قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققانلىق ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئېھسانىغا رازى بولمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق قىلغۇچىلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەن: ﴿وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُمْ بِالْأُنْثَى ظَلَّ وَجْهُهُ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ﴾ يەنى﴿ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە قىز پەرزەنتى بولغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ﴾ [1] مۇنداق قىلىش مەككىدىكى ئىمانسىزلارنىڭ قىلىقى ئىدى. ئوغۇل-قىز ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى ۋە كاتتا ئاتا-ئېھسانىدۇر. ئوغۇللارنى قىزلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش جاھىلىيەتنىڭ ئىللەتلىرىدىن بىرىدۇر.

## ئانىنىڭ بالا ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىكلىرى

(1) ئانا ئۆزىنىڭ ۋە بالىسىنىڭ تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن قائىدىگە ئۇيغۇن ۋە ئوتتۇرا ھاللىقنى ئاساس قىلغان ھالدا غىزالىنىشى، مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىپ بېرىشى لازىم.

(2) ئانا ئېغىر ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۆزىنى ۋە بالىسىنى ئاسرىشى لازىم. ئاللاھ تائالامۇ ھامىلىدار ئاياللارغا ئىبادەتلەردە كۆپلىگەن ئوڭايلىقلارنى بەلگىلەپ بەرگەن. مەسىلەن: ئەگەر تاقەت

(1)16-سۈرە نەھل 58- ئايەت.

قىلالمىسا رامىزانىدا روزا تۇتماي كېيىن قازاسىنى تۇتۇش ۋە قىيىنلىپ قالسا نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش قاتارلىقلار.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولغان ئىبادەتلەردىمۇ ھامىلىدار ئايالغا ئوڭايلىقلار بەلگىلەنگەن يەردە، ئەرنىڭمۇ ئايالىنى ئاسرىشى، ئۇنى ئېغىر ئىشلارغا تەكلىپ قىلماسلىقى ۋە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەملىشىشى زۆرۈردۇر.

(3) ئانا غەم-قايغۇغا چۆشىدىغان، زېھنىنىڭ چېچىلىشىغا، ئاچچىقلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ۋە شۇنداق جايلاردىن يىراق تۇرۇشى، ھەمىشە كۆڭلىنى خۇشال تۇتۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

(4) ئانا بالىسىنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىقى، ھامىلىدار بولغان كۈندىن باشلاپ تاكى تۇغقانغا قەدەر دوختۇرنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە ئىش كۆرۈشى، دوختۇرنىڭ رۇخسىتىسىز دورا-دەرمەك ئىستېمال قىلماسلىقى، ئاددىي بىر ئاغرىق بولسىمۇ، دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ داۋالىنىشى لازىم.

شۇنداقلا، ئانا ھەرگىزمۇ تاماكا چېكىلگەن يەردە تۇرماسلىقى لازىم. چۈنكى تاماكىدىكى زەھەر بالىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تىببىي مۇتەخەسسىسلەر تەكىتلىمەكتە.

## ئاتىنىڭ ئايالى ھامىلىدار ۋاقىتدا قىلىشقا تېگىشلىكلىرى

(1) ئەر ئايالىغا ھەر ۋاقىتتا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى ئاسراش، سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇش ۋە ئۆي ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە

ئەرلەرگە قارىتىپ:﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾ يەنى﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلارمۇ سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشتا ئاللاھ كۆپ ياخشىلىقلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئائىلىسىدىكىلىرىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىڭلارمەن»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئايالنىڭ ھامىلىدار ۋاقتى ئېرىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلىرىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ۋە ياردىمىگە ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولىدىغان ۋاقتىدۇر. چۈنكى بۇنداق ۋاقىتتا ئايال ئەجدادلارنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا: «بىر قاپاق سۇنىڭ ئىچىدە» بولىدۇ. ئۇ خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش ھەر نەرسىدىن قورقىدۇ، غەم-ئەندىشە قىلىدۇ، كۆپ ئويلايدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئايالنىڭ يېنىدا كۆپرەك بولۇش، ئۇنىڭ كۆڭلىگە شادلىق ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلاش ئەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

(2) ئاتا بىرىنچى بولۇپ ئايالنى ئاسرايدىغان كىشىلەردىن بولۇشى، ئايالنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشى ۋە ھەمىشە ئايالى خۇشال بولىدىغان خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشى لازىم.

(3) ئاتا ھامىلىدار ئايالنىڭ يېنىدا تاماكا چەكمەسلىكى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۆزىگە، ئايالىغا ۋە قورساقتىكى بالىسىغا قارىتا ئېغىر بىر جىنايەت ئۆتكۈزگىنىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماكىنىڭ ھاراملىقىغا بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك قاراشتىدۇر.

---

(1) 4- سۈرە نىسا 19- ئايەت.

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

## 2. تۆرەلمىنىڭ مىراستىكى ھەققىنى قوغداش

تۆرەلمە دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئەھۋالدا، بالىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغۇچىلارنىڭ بالىنىڭ تېگىشلىك مىراسىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، مۇمكىن بولسا تىجارەت بىلەن ئۆستۈرۈپ ساقلىشى ۋە بالا ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشى لازىم.

ئىسلامنىڭ مىراس قانۇنىغا كۆرە، مىراس تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتتا تۇغۇلماقچى بولغان بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقى بىلىنمىسە، ئۇنى ئاۋۋال ئوغۇل دەپ پەرەز قىلىپ، ئاندىن قىز دەپ پەرەز قىلىپ كۆرۈپ، قايسى ھالەتتە ئۇنىڭغا كۆپرەك نېسىۋە تەگسە، شۇنى ھېساب قىلىپ ئۇنىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسى ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئوغۇل نېسىۋىسى تەقسىم قىلىنغان تەقدىردە، ناۋادا بالا قىز تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىنغان ئارتۇق مىراس مىراسخورلارغا قايتىدىن تەقسىم قىلىنىدۇ.

بۇ مەسىلىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر ئادالەتپەرۋەر بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىسلام نەزىرىدە ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىمۇ ھايات بىر ئىنسان بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن تېگىشلىك ھەق-ھوقۇقلارغا ئىگە. ئەمما ئۇ تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتمىگىچە ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانداق بىر مەسئۇلىيەت يۈكلەنمىگەن. چۈنكى مەسئۇلىيەت يۈكلىنىشىنىڭ شەرتى ئەقىلدۇر. شۇڭا يېشى چوڭ بولسىمۇ، ئەقلىي جايىدا بولمىغانلارغا شەرىئەتنىڭ مەسئۇلىيىتى، ياكى تەكلىپلىرى يۈكلەنمەيدۇ.

## 3.تۆرەلمىنىڭ ھاياتىنى قوغداش

قورساقتىكى تۆرەلمىنىڭ قوغدىلىش ھەققى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆرەلمىنى قانداقلا بىر سەۋەب تۈپەيلى قالدۇرۇۋېتىش ياكى شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئېغىر جىنايەتتۇر. پەقەت ھاياتلىق-ماماتلىق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، ئانىنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈنلا تۆرەلمىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ. بۇنى قارار قىلىش ئىشەنچلىك، ئۇستا ۋە مۇسۇلمان دوختۇرنىڭلا ھەققىدۇر. بۇ يەنە ئاتا-ئانىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ مەسىلە دىنىمىزدىكى «زۆرۈرىيەت مەنئى قىلىنغان ئىشلارغىمۇ يول قويىدۇ» دەيدىغان ئومۇمىي پرىنسىپىغا يۆلەنگەن.

ئەرنىڭ ئايالىنى تۆرەلمىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە زورلاش ھەققى يوق. بەلكى مۇنداق قىلىشى ئالللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئېغىر جىنايەتتۇر. ئايال بۇ ئىشتا ئېرىگە بويسۇنماسلىقى لازىم. چۈنكى دىنىمىزدا «ئالللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا بەندىگە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ» دەيدىغان پرىنسىپ بار.

ئايالنىڭمۇ ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن بالىسىنى ئالدۇرۇۋېتىش، ياكى ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ چارىلىرىنى قىلىش ھەققى يوق. مۇنداق قىلىش ئەرگە خىيانەت، بالىغا جىنايەت قىلغانلىق بولىدۇ.

ئەمما زۆرۈر يېتەرلىك سەۋەبلەر تۈپەيلى، ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ ئورتاق بىر پىكىرگە كېلىشى بىلەن ھامىلىدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىلىرىنى ۋە ئوكۇللىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

# بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەق-ھوقۇقلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئورۇنداشقا تېگىشلىك سۈننەت ئەمەللىرىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇ ئەمەللەرنى ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىشى ئۆزلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر.

## بىرىنچى كۈندە قىلىدىغان ئىشلار

1. بالىنى تەبرىكلەش

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىنىڭ ئاتىسىغا، ئائىلە ئەزالىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرىغا بۇ خۇشخەۋەرنى يەتكۈزۈش ۋە بالىنى ھەم ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تەبرىكلەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن سانىلىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ بۇ خۇشاللىق لەھزىلىرىدە ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالاغا رەھمەت ئېيتىش دېگەن ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ يولىدا خەير-ئېھسان ۋە سەدىقىلەرنى بېرىش بىلەن بولىدۇ. قىزلارنى تۆۋەن كۆرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. بەلكى ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن قىزلارنىڭ پايدىسى ۋە ياخشىلىقى ئوغۇللارنىڭكىدىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. ھاياتلىق تەجرىبىلىرىمۇ بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

تەبرىكلەشتە ۋە خۇشاللىق تەنتەنىسى قىلىشتا تۇغۇلغان بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىز بولغانلىقىنىڭ پەرقى يوق. ھەر ئىككى ھالەتتە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى قىز-ئوغۇللارنى يا ھۆرمەتتە، ياكى مەسئۇلىيەت يۈكلەشتە ئايرىمىغان.

2. بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش

بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش ــ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ياخشى تازىلاپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇنجى قېتىم تاتلىق بىر نەرسە سېلىپ گېلىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش ئىبارەت بولۇپ، خورمىنى چايناپ ئۇنىڭ شىرنىسىنى تامغىقىغا سۈرتۈپ قويۇش ئەۋزەلدۇر. ئەگەر خورما بولمىغاندا ھەسەل، ياكى شېكەرمۇ بولىدۇ.

## ئېغىزلاندۇرۇش ئۇسۇلى

خورما ياكى باشقا تاتلىق بىر نەرسە ناھايىتى يۇمشاق چاينىلىپ، ئۇنىڭ شىرنىسى بالىنىڭ تامغىقىغا تېمىتىلىدۇ. ئاندىن ئىنتايىن ئاستا ۋە مۇلايىم بىر شەكىلدە بالىنىڭ ئاغزى ئوڭ-سولغا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ تامغىقىغا سېلىنغان نەرسە ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاندىن بالىغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىنىدۇ.

بالىنى ئېغىزلاندۇرۇش ئىشىنى ئۆلىما، ياكى قانداقلا بىر تەقۋادار ئادەمنىڭ قىلىشى ئەۋزەلدۇر. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «مېنىڭ بىر ئوغلۇم تۇغۇلغان ئىدى. مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغلۇمغا: ئىبراھىم، دەپ ئىسىم قويدى، ئاندىن ئۇنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى»[1]

(1)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى، بۇخارىدىكى 5045- ھەدىس.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوغلۇم ئابدۇللا ئىبن زۇبەير تۇغۇلغاندا، مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بىرىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا قويۇۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى.»[1]

## بالىنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ ھېكمىتى

ھازىرقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان ئىلمىي كەشپىياتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ قېنىدىكى شېكەر (گلوكوزا) نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولىدۇ. بالا قانچىكى كىچىك تۇغۇلسا شېكەر نىسبىتى شۇنچىلىك ئاز بولىدۇ. بوۋاقلاردا شېكەر نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈرلۈك خەتەرلىك كېسەللىكلەرگە يول ئاچىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بالىنى دەرھال داۋالىمىغاندا ئۇنىڭ ھاياتى تۈگىشىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بالىنىڭ ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىسى شېكەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللارنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرغانلىقىنىڭ ھېكمىتى شۇنداق ئوتتۇرىغا چىققانكى، خورما شېكەر مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان بىر مېۋە. ھەتتا خورمىنىڭ %70تى شېكەردۇر. يېڭى تۇغۇلغان بالىغا خورما يېگۈزۈش ئۇنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان گلوكوزا ماددىسىنى تولۇقلايدۇ.

3. ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىش

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى، 3619ـ ھەدىس.

بالا تۇغۇلغان كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىش مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئىسلامىي قائىدە-يوسۇن ئورنىدا داۋام قىلىپ كەلگەن بىر ئادەت. ئەمما بۇنىڭ دەلىلى كۈچلۈك ئەمەس.

بۇ مەسىلىنىڭ دەلىلى شۇكى، بالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىش توغرىلىق: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۇغقاندا، نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان چاقىرغان» دېگەن ھەدىس كەلگەن. بۇ ھەدىس ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» ناملىق ھەدىس توپلىمىدا رىۋايەت قىلىنغان، 1514-ھەدىس بولۇپ، ئۇنى ھازىرقى زامان ھەدىسشۇناسلاردىن ئەللامە ناسىرۇددىن ئەلبانى «ئاجىز» دەرىجىسىدە باھالىغان.[1]

قىلسا ساۋاب بولىدىغان، قىلمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا ئاجىز ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنى جائىز سانايدىغان ئالىملارغا كۆرە، بالىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىش مۇستەھەپ[2] سانىلىدۇ.

(1)ئاجىز ھەدىس — ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھىدا، «سەھىھ» ياكى «ھەسەن» دەرىجىسىگە يېتىشنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولمىغان ھەدىس دېگەنلىكتۇر. «ئاجىز ياكى زەئىپ» دېگەن بۇ سۆز قايسىبىر سەۋەب بىلەن قوبۇل قىلىشتىن رەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇدۇر.

(2)مۇستەھەپ — ياقتۇرۇلغان ئەمەل دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھۆكۈمى تەكىتسىز سۈننەتكە توغرا كېلىدۇ. تەكىتسىز سۈننەت — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇنداشقا ئادەتلەنمىگەن بولۇپ، گاھىدا ئورۇندىغان، گاھىدا ئۈزرىسىز تەرك ئەتكەن ئەمەللەر دېمەكتۇر. مەسىلەن: ئەسىر نامىزنىڭ پەرزىدىن بۇرۇنقى تۆت رەكەت سۈننەتنى ئوقۇشقا ئوخشاش ئەمەللەر. تەكىتسىز سۈننەت بولغان ئەمەللەرنى ئورۇندىغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولمايدۇ.

ئەمما تەكبىر ئېيتىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىشەنچلىك ھەدىس كەلمىگەن. پەقەت 5ـ خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن[1] باشلاپ بۇ ئادەت يولغا قويۇلغان.

بىز ئۇيغۇرلاردا بالىنىڭ ئىسمىنى قويغان ۋاقىتىدا، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىپ، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىش ئەنئەنىسى داۋام قىلماقتا.

## بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى قىلىدىغان ئىشلار

1. بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇش

بالىغا چىرايلىق ئىسىم قويۇش دىنىمىزدا تەشەببۇس قىلىنغان سۈننەت ئەمەللىرىدىن سانىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىغا چىرايلىق ئىسىم قويۇش مەجبۇرىيىتى بار.

بالىغا قانداق ئىسىم قويۇش ھەققىدە ئەلۋەتتە ئاتا-ئانا ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ كېلىشىدۇ. ناۋادا ئاتا ـ ئانا بالىغا قويىدىغان ئىسىم توغرىلىق كېلىشەلمەي قالسا، ئاتىسىنىڭ تاللىغان ئىسمى قويۇلىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ نەسەبى ئاتىسىغا مەنسۇپتۇر.

---

(1) ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى مەرۋان ئىبنى ئەلھەكەم ئەلئۇمەۋى ئەلقۇرەشى، (ئەبۇ ھەفس)، ئەمىرۇل مۇئمىنىين، ئۇمەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ خەلىپىلىرىدىن بىرى، ئادالىتىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى دەپ نام ئالغان سالىھ خەلىپە، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، خەلىپە ۋەلىيد تەرىپىدىن مەدىنىگە ۋالى بولغان، كېيىن خەلىپە سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىككە ۋەزىر بولغان، ھىجرىيە 99ـ يىلى خەلىپە سۇلەيماننىڭ ۋەسىيىتى بىلەن خەلىپە بولغان، ئىلمى ۋە تەقۋادارلىقى بىلەن تونۇلغان، ئادالىتى ۋە ياخشى سىياسەتلىرى مەشھۇر، بىرىنچى يۈز يىلدا ئىسلامنى گۈللەندۈرگەن زات دەپ قارالغان.

بالىنىڭ ئىسمىنى يەتتىنچى كۈنى قويۇش شەرت ئەمەس. بەلكى سۈننەتتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، بالىنىڭ ئىسمىنى تۇغۇلغان كۈنى قويۇۋەتسىمۇ ياكى يەتتىنچى كۈندىن كېيىن قويسىمۇ بولىدۇ.

بالىغا مۇسۇلمانچە، چىرايلىق ئىسىم قويۇش يەنە بىر سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر قىيامەت كۈنىدە ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىسىلەر. شۇڭا بالىلىرىڭلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇڭلار.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خاتا مەنە بېرىدىغان، ياكى ئاڭلىنىشى يېقىمسىز ئىسىملارنى چىرايلىق مەنىلىك ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى. مەسىلەن: غۇراب دېگەن ئىسمىنى مۇسلىم دېگەن ئىسىمغا، هەرب دېگەن ئىسمىنى سەلىم دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋەتكىنىگە ئوخشاش.[2]

## ئىسىملارنى ئۆزگەرتىشنىڭ هۆكمى

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، چىرايلىق مەنىلەرنى بىلدۈرمەيدىغان ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتىشنىڭ هۆكمى مۇستەهەپ دەپ قارىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىرىمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئەمما «ئابدۇ نەبى»، «ئابدۇ روسۇل» دېگەنگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىيگە چوقۇنۇش مەنىسىنى بېرىدىغان ئىسىملارنى

(1) ئىمام ئەبۇداۋۇدنىڭ«سنن ابي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق هەدىس توپلىمىنىڭ 4948- هەدىسى.

(2) غۇراب: قارغا دېگەن مەنىدە، هەرب : ئۇرۇش دېگەن مەنىدە، ئۆزگەرتىلگەن ئىسىملاردىن مۇسلىم: مۇسۇلمان دېگەن مەنىدە، سەلىم: تىنچلىق دېگەن مەنىدە. چۈنكى قارغا نىجاسەتنى يەيدىغان ۋە ياقتۇرۇلمىغان هايۋان، ئۇرۇش قۇلاقلارغا هەرگىزمۇ چىرايلىق ئاڭلانمايدىغان بىر نەرسىدۇر.

ئۆزگەرتىۋېتىش پەرز دەرىجىسىدە زۆرۈردۇر. چۈنكى «ئابدۇ نەبى»، «ئابدۇ روسۇل» دېگەن ئىسىملار «پەيغەمبەرنىڭ بەندىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئىسىملارنى قويۇش توغرا ئەمەس.[1]

بالىغا مەيلى ئۇيغۇرچە ئىسىم قويايلى، مەيلى ئەرەبچە ئىسىم قويايلى، مۇھىم بولغىنى مەنىسى چۈشىنىشلىك ۋە چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇشتۇر.

«ئىسىمنى ئاتاشتا تولۇق ئاتاش لازىم. ئىسىمنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە، قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىدىن بىرىنى ئىسىم قىلىپ تاللىغاندا، «ئابدۇ»دېگەن سۆز قوشۇپ قويۇلىدۇ. بۇ «بەندىسى، قۇلى» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ «رەھمان، قاھار، غەفۇر» دېگەندەك سۈپەت ئىسمى ئۇلىنىدۇ. ئەگەر «ئابدۇ» تاشلىۋېتىلسە، رەھىملىك ئاللاھ، قەھرلىك ئاللاھ، كەچۈرگۈچى ئاللاھ دېگەندەك مەنە بىلدۈرۈپ قالىدۇ.

بالا چوڭ بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئىسىمىنىڭ مەنىسىنى بالىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ ئىسىمىنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىك مەدەنىيەتسىزلىك بولىدۇ.»[2]

2. بالىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلىش

ئەقىقە-بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇچۇن مال بوغۇزلاش ئارقىلىق قان ئېقىتىپ، ئۇنىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە شۈكۈر ئادا قىلىش، دېگەنلىكتۇر. ئەقىقىنى ئىقتىسادىي تەرەپتىن قىيىنچىلىقى بولمىغان

(1)«فتح المجيد» (فەتھۇل مەجىد) ناملىق ئەسەرنىڭ531- بېتىدىن.

(2) يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ «قائىدە-يوسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرىنىڭ 38-بېتىدىن. (قەشقەر نەشرىياتى).

كىشلەر قىلسا بولىدۇ. ئەقىقە ئۈچۈن بوغۇزلىنىدىغان مالنىڭ ئەيىب-نۇقسانلاردىن خالىي بولۇپ، قۇربانلىققا يارايدىغان ماللاردىن بولۇشى شەرت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار ئۈچۈن بىردىن قوچقار بوغۇزلاپ ئەقىقە قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.[1]

ئىسلام مەزھەپلىرىنىڭ كۆپلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئوغۇل بوۋاق ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بوۋاق ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسى بويىچە ئىش كۆرۈلمەكتە.

شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، بۇ بىر سۈننەت ئەمەل بولۇپ، كۈچى يەتكەنلەر ئىككىنى ئەمەس، بەلكى قانچىلىك كۆپ مال بوغۇزلىسا شۇنچىلىك كۆپ ساۋاب تاپىدۇ. كۈچى يەتمىگەنلەر ئەقىقە قىلمىسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما ئەقىقە قىلدۇق دەپ، بايلارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ، پېقىرلارنى ئۇنتۇپ قېلىش ياكى رېستورانلاردا ھەشەمەتلىك زىياپەتلەرنى قىلىش ئىسراپخورلۇق بولۇپ، ساۋاب ئەمەس، بەلكى گۇناھ بولىدۇ. چۈنكى ئەقىقىمۇ سەدىقىنىڭ ئورنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا پېقىرلارنىڭلا ھەققى بار.

ئەقىقىنى يۇقىسۇللارنى، قولۇم-قوشنىلارنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يىگۈزۈپ-ئىچۈرۈش بىلەن قىلىش دۇرۇس بولغىنىدەك، ئەقىقە

(1) ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2841- ھەدىسى.
(2) ئىمام تىرمىزى «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1516- ھەدىسى.

ئۇچۇن بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىش بىلەنمۇ قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گۆشنى ئۇچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى پېقىرلارغا، يەنە بىر بۆلىكىنى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قولۇم-قوشنىلارغا تارقىتىپ بېرىپ، قالغان بىر بۆلىكىنى ئۆزلىرى يېسىمۇ بولىدۇ.

3. بالىنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈش

يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بوۋاقنىڭ چېچىنى تولۇق چۈشۈرۈشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىدە بارلىق ئۆلىمالار ئىتتىپاق. چۈشۈرۈشتىن مەقسەت بەزىلەردەك بالىنىڭ پىشانىسىدە، ياكى ئىككى تەرىپىدە، ياكى ئەجنەبىيلەردەك چۇققىسىدا چاچ قويۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ھەممىنى چۈشۈرۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچىنىڭ بىرىمى چۈشۈرۈلۈپ، بىرىمى قالدۇرۇلغان بىر بالىنى كۆرۈپ، ساھابىلىرىنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى ۋە: «چاچىنىڭ يا ھەممىسىنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار ياكى ھەممىسىنى قويۇپ قويۇڭلار!» دېدى[1] .

ئەمما قىز بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشنىڭ سۈننەتلىكى توغرىلىق ئىختىلاپ بار. شۇنداقتىمۇ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشنىڭ بوۋاق ئۇچۇن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تىببىي مۇتەخەسسىسلەر تەكىتلىمەكتە.

**ئەسكەرتىش:** بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەندە، ئۇنىڭ چېچىنىڭ ئېغىرلىق مىقدارىنى ئۆلچەپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدا، كۈمۈش سەدىقە قىلىش سۈننەت دەيدىغان كۆز قاراش مەۋجۇت. بۇ قاراشتىكى

---

(1) ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 4195- ھەدىسى.

ئۆلىمالارنىڭ دەلىلى : «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىسى ھەسەن ئۇچۇن ئەقىقە قىلدى ۋە: ــ ئى فاتىمە! بۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، چاچنىڭ ئېغىرلىقى باراۋىرىدە كۈمۈش سەدىقە قىلغىن! ــ دېدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەسەننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ئۆلچىگەن ئىدى، بىر تەڭگە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ئېغىرلىققا تەڭ كەلدى»[1] دېگەن ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنىڭ «سەھىھ»دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكى سەۋەبلىك، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار: بالىنىڭ چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە قىلىشنى سۈننەت ياكى مۇستەھەپ دېگىلى بولمايدۇ، دېگەن.

4. ئوغۇل بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش

ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش پۈتۈن ساماۋى دىنلاردا بۇيرۇلۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈم بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىي دىنىدىكىلەر ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئىشىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ئەمما خرىستىيانلار ــ گەرچە ئۆز ۋاقتىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە تەۋسىيەلىرى بولغان بولسىمۇ ــ بۇنىڭغا ئەمەل قىلماي كەلمەكتە.

ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئىسلام مەزھەپلىرىدىن شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرىدە پەرز. ئەمما ھەنەفىي ۋە مالىكى مەزھەپلىرىدە تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغۇللارنى خەتنە

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىدىكى 1519ـ ھەدىس. بۇ ھەدىسنى ئەلبانى (1226): «ھەسەن»دەپ باھالىغان.

(2)تەكىتلەنگەن سۈننەت ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئورۇنداشقا ئادەتلەنگەن ۋە ئۆزرىسىز قەتئىي تەرك ئەتمىگەن ئەمەللەر، دېمەكتۇر. مەسىلەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ ئالدى-

قىلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېگەن : «ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش داۋام قىلىپ كەلگەن يولدۇر»[1].

ئەرەبلەر ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ خەتنىسىنى بوۋاق تۇغۇلغان ھەپتىسى قىلىۋېتىدۇ. ئەمما تۈركىي خەلقلەردە بالا 6~7 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن خەتنە قىلىنىدۇ. خەتنىنى قانداق چاغدا قىلسا جائىز. مۇھىم بولغىنى خەتنىنىڭ قىلىنىشىدۇر. ئوغۇللارنى خەتنە قىلىش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەققىدىن بىرىدۇر.

## بالىنىڭ ئېمىش ۋە بېقىلىش ھەققى

بالىلارنى ئېمىتىش ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بالىنىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى-كەرەملىرىدىن بىرى تۇغۇتلۇق ئانىلارنىڭ ئەمچەكلىرىنى بوۋاقلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك غىزاسى بولغان پاك سۈت بىلەن تولدۇرۇپ بەرگەنلىكىدۇر. بالىنىڭ تۇغۇلىشى بىلەنلا ئانىنىڭ ئەمچەكلىرى ئۆزلۈكىدىن سۈتكە تولۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى: ﴿ وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ إِلَّا عَلَى اللَّهِ رِزْقُهَا﴾ يەنى﴿يەر يۈزىدىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان﴾[2]

ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، بوۋاقلار تولۇق ئېمىتىلمەكچى بولسا، ئۇلار تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىلىدۇ. ﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ

---

كەيندىكى سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك ئىشلىتىشكە ئوخشىغان ئەمەللەردۇر.

(1) ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى

(2) 11- سۈرە ھۇد 6- ئايەت.

بِالْمَعْرُوفِ ﴾يەنى﴿ ئـانىلار بـوۋاقلىرىنى تولـۇق ئىمىتمەكچى بولسا، تولـۇق ئىككى يىل ئىمىتىشى لازىم. ئـاتىلار ئـانىلارنى قائىـدە بـويىچە يـېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك﴾[1]

ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغانسېرى ئىلگىرى ئىنسانلار ئۇچۇن مەلـۇم بولمىغـان كـۆپلىگەن ھەقىقەتـلەر ئوتتۇرىغـا چىقماقتـا. بـۇ ئارىـدا ئانـا سـۈتىنىڭ ئەھمىيىتـى ۋە ئۇنـىڭ يېڭـى تۇغۇلغـان بوۋاقلارغـا نىسـبەتەن نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلىكىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان.

## ئانا سۈتىنىڭ پايدىسى

تېببىــي مۇتەخەسسىســلەرنىڭ يەكۈنلىشــىچە، ئانــا ســۈتىنىڭ پايـدىلىرى ئىنتـايىن كـۆپ بولـۇپ، تۆۋەنـدە ئۇلارنـىڭ بەزىسـىنى بايـان قىلىمىز:

ــ ئانا سۈتى بوۋاقلار ئۈچۈن ئەڭ پاك ۋە ئەڭ تەبىئىي غىزادۇر.

ــ ئانا سـۈتى سـوغۇقمۇ ئەمەس، قىزىقمـۇ ئەمەس، بـوۋاق ئۈچـۈن ئەڭ مۇناسىپتۇر.

ــ ئانــا ســۈتى ھەر ۋاقــت ھــازىر بولـۇپ، بوۋاقنــىڭ ئېھتىيــاجىنى قاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

ــ ئانــا ســۈتى بــوۋاق ئېھتىيــاجلىق بولغــان غىــزا ماددىلىرىنــىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ــ ئانـا سـۈتى ۋاقتىـدا ئەممىگەنلىـك سـەۋەبلىك بۇزۇلـۇپ قالمايـدۇ، ياكى ئېچىپ قالمايدۇ.

---

(1) 2- سۈرە بەقەرە 233- ئايەت.

—ئانا سۈتىدە مىكروبلارغا قارشى قوغىدىغۇچى ماددا بولۇپ، بوۋاقنىڭ تەن ساقلىقىنى ساقلايدۇ.

—ئانا سۈتى بوۋاقنى ۋە ئانىنى زىيادە سەمرىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

—ئانا سۈتى ئاتا-ئانىنى چىقىمغا ئۇچراتمايدىغان تەييار تائامدۇر.

—ئانا سۈتىنىڭ تەركىبلىرى بوۋاقنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك باشقا سۈت پاراشوكلىرىنىڭ تەركىبلىرىدە تېپىلمايدۇ.

## ئېمىتىش ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر

بوۋىقىنى ئېمىتىش ئانىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن يۈكلەنگەن ۋەزىپىسى ۋە باش تارتىپ ئالالمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئانا بالىلىرىغا ئۇلارنى ئېمىتكەنلىكى ئۈچۈن مىننەت قىلسا بولمايدۇ. شۇڭا ئانىنىڭ بالىلىرىغا ئاچچىقى كەلگەندە: «بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەس» دېيىشى توغرا ئەمەس. ئانا ئەگەر ناھەق بىر ئىشتا بالىلىرىغا شۇنداق دېسە، بۇ سۆز بالىلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئېمىتىش ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئېمىش بالىنىڭ ھەققىدۇر. مىننەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان بىرى بولسا، ئۇ دەل ئاللاھ تائالادۇر. چۈنكى ئانىنىڭ ئەمچىكىدىكى سۈتنى ۋە ئانا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى ئاتا قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر.

### ئاتا-ئانىسى ئايرىلىپ كەتكەن بالىلار

بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. يېقىنقى زاماندىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار

ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە چوڭ بولمىغان بالىلارنىڭ قانچىلىك ياخشى بېقىلغان تەقدىردىمۇ، ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر ئۆيدە چوڭ بولغان بالىلارغا قارىغاندا، ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردىن يېتەرسىز چوڭ بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئەر-ئايال ئاجرىشىپ كەتكەنلىك، ياكى ئەر ئۆلۈپ كەتكەنلىك، ياكى قايسىبىر سەۋەب بىلەن ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئايرىلىش يۈز بەرگەندە، ئانا باشقىسىغا ياتلىق بولغان مۇددەتكىچە بالىنى ئېمىتىش، بېقىش ۋە تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتى ئانىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ۋە بالىسىنى ئېرىنىڭ ئېلىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ دەرد ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىز ياتلىق بولمىغان مۇددەت ئىچىدە بالىڭىزغا ئىگە بولۇشتا ئاتىسىدىن ھەقلىقسىز»(1) دېگەن.

ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالمۇ بوۋىقىنى ئۆزى ئېمىتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا قائىدە بويىچە ئانا بىلەن بالىنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى تەل قىلىپ بېرىشتىن باش تارتالمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ﴿وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ لَا تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلَّا وُسْعَهَا لَا تُضَارَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوْلُودٌ لَهُ بِوَلَدِهِ وَعَلَى الْوَارِثِ مِثْلُ ذَٰلِكَ﴾ يەنى﴿ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان

(1) ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2276- ھەدىسى.

تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. (ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا) ئۇنىڭ ۋارىسىغا ئاتىنىڭ مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدۇ﴾[1] يەنى ئەر-ئايال ئاجرىشىپ كەتكەن شارائىتتا، ئەگەر ئايال ھامىلىدار بولسا، ئۇ تۇغقانغا قەدەر، ئەگەر ھامىلىدار بولمىسا، ئايالنىڭ ئىددىتى توشقانغا قەدەر ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى قائىدە-يوسۇن بويىچە تولۇقلاپ بېرىش ئەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

ئاندىن ھامىلىدار ئايال بالىسىنى تۇغقاندىن كېيىن، ئاتىنىڭ بالىنىڭ يەسلى ۋاقتىنى (ئانا قوۋچىقى ۋاقتى) تۈگەتكىنىگە قەدەر ئۇنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامداش بىلەن بىرگە، بالىنىڭ ئانىسىغا قائىدە بويىچە ھەق (باققانلىق ھەققى) تۆلەش مەجبۇرىيىتى بار. بالا يەسلى ۋاقتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاتا بالىنىڭ ئانىسىغا باققانلىق ھەققىنى تۆلىمەيدۇ. ئەمما بالا ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆز باقالايدىغان ياشقا يەتكەنگە قەدەر بالىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، مەكتەپ چىقىملىرى، داۋالىنىش چىقىملىرى قاتارلىق ئېھتىياجلىرىنى قامدايدۇ.

بالىلارنىڭ يەسلى ۋاقتى بوۋاق چوڭ بولۇپ، يېمەك-ئىچمەكلىرىنى ئۆزى يەپ-ئىچەلەيدىغان، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزى كىيەلەيدىغان بولغىچىلىك بولغان جەرياننى كۆرسىتىدۇ.

ئايەتتىكى ﴿كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىنىدۇ﴾ دېگەن جۈملە ئايالنىڭ ئېرىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلارنى تەلەپ قىلماسلىقى، كۈچى يەتمەيدىغان چىقىملارغا زورلىماسلىقى، بەلكى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بىر نەرسە تەلەپ قىلىشى لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) 2- سۈرە بەقەرە 233- ئايەت.

ناۋادا ئانىنىڭ تەن سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقى، ياكى سۈتى كەلمىگەنلىكى سەۋەبتىن ئېمىتەلمەيدىغان شارائىتتا بولسا، ئاتا بوۋاقنى تەن سالامەتلىكى ياخشى، ديانەتلىك ۋە ئىرسىيەت كېسىلى بولمىغان بىرەر ئايالغا ــ كېرەك بولسا ھەققىنى بېرىپ ــ ئېمىتكۈزسە بولىدۇ. ئايەتنىڭ داۋامىدىكى ﴿ئەگەر باللىرىڭلارنى ئىنىكئانىلارغا ئېمىتمەكچى بولساڭلار، قائىدە بويىچە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بەرسەڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

ئايەتتىكى ﴿(ئاتا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋالدا) ئۇنىڭ ۋارىسىغا ئاتىنىڭ مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدۇ﴾ دېگەن جۈملە ناۋادا ئاتا ئۆلۈپ كەتسە، ئانا بولغۇچىغا نەپىقە بېرىش، ئۇنى قوغداش، نارەسىدە باللىرى بولسا، ئۇلارنى بېقىش، تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش قاتارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، ھامىلدار ئايالنى قويۇپ بەرگەن ئادەم بۇ ئايالنىڭ بالىسىنى تۇغۇپ، ئېمىتىپ، يەسلى ۋاقتىنى تولدۇرغىنىغا قەدەر ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاندىن بالىسى قۇرامىغا يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ چىقىملىرىنى قامداپ بېرىدۇ.

## ئاجرىششنى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدۇ

مەلۇمكى، تالاق ئەر-خوتۇنلۇق ھاياتىنىڭ داۋام قىلىشىغا ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغان، بارچە ياراشتۇرۇش چارىلىرى كارغا كەلمىگەن شارائىت ئاستىدا ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ، يېڭىدىن ھايات باشلىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى چارىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھالال ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش تالاقتۇر»[1] دېگەن. چۈنكى تالاق كۆپ ھاللاردا ئەر-ئايال ھەر ئىككىسى ئۈچۈن پۇشايمان كەلتۈرىدىغان ئىش. بولۇپمۇ ئارىدا بىر پەرزەنت بولىدىمۇ، بۇ ئائىلىنىڭ بۇزۇلماسلىقى تېخىمۇ مۇھىم. ئەكسى تەقدىردە، ئەر-ئايال ئىككىسى، خۇسۇسەن ئاجرىشىشقا سەۋەب بولغان تەرەپ شۇ گۇناھسىز نارەسىدىنىڭ ئۇۋالىغا قالىدۇ. قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنىڭ يېتىم قېلىشىغا، ئاتا-ئانا مۇھەببىتى بىلەن ئىللىپ تۇرغان بىر ئۇبدان ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئۆزبېكىستانلىق ئەدىبە تۇرسۇنئاي سادىقوۋا «قىزلارغا ئاتالغان سۆزلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پەرزەنتلىك بولغاندا "خاراكتېرىمىز ماس كەلمىدى" دەپ ئاجراشماقچى بولغانلار ئەقلىلىك ئادەملەر ئەمەس! خاراكتېرىڭ توغرا كەلمىگەن بولسا، تەپەككۇرۇڭ قاياقتا قالدى؟

بىر بۆدۈننى قولغا ئۆگىتىش ئۈچۈن نەچچە كۈنلەر ساقلاپ، ئېغىز بىلەن سۇ بېرىپ يۈرۈپ، مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئىتنىڭ تەربىيەسىگە قانچە ئاۋارىچىلىك كېتىدۇ. ئەمما ئاشۇ بۆدۈنە، ياكى ئاشۇ ئىت سەن بىلەن نەچچە يىل ياشايدۇ؟ ئۆتەر-كېتەر ھايۋانات ئۈچۈن شۇنچە ئورۇنسەنۇ، ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە يېنىڭدا يۈرگۈچى جۈپتىڭدىن نېمىدەپ مېھنىتىڭنى ئايايسەن؟! ساڭا ياخشى ئۆمۈر يولدىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ كېرەك! ئەمما ئادەم دۇكاندا سېتىلمايدىغۇ! بۇيرۇتما بەرسەڭ ياساپ بېرىدىغان جاي يوققۇ! بۇنىڭدىن ئاجرىشىپ،

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

ياخشىســـىنى تـــاپىمەن، دەپ خـــام-خىيـــال قىلمـــا! بەنـــدىنىڭ خاتـــا قىلمايـدىغىنى يـوق! بىـر ئادەمـدىن بىنـا بولغـان ئاكـا-سىڭىللارمۇ بىـر-بىرىـدىن نـارازى بولـۇپ يۈرىـدىغۇ؟ ئىنسـان ئېتـى بـاركى، ھەممىسـىنىڭ سـاڭا كـۆرۈنمىگەن، بىلـلـە ياشـاپ كۆرسـەڭلار ئاشـكارا بولـىدىغان كەمچىلىكلىرى كۆرمىگدۇر. خۇلاسە شۇ، نىكاھ ئوقۇلىدىمۇ، بىـر ئـائىلىگە كىردىڭمۇ بولدى، ماسلىششىڭ كېرەك»[1].

---

(1) رۇزىمۇھەممەد مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرى 71~72- بەتلەر.

# بالا تەربىيەسىدە ئاتا-ئانىنىڭ رولى

بالا تەربىيەسىگە مەسئۇللۇق قىلىشتا ۋە بالىنىڭ قانداق يېتىلىپ چىقىشىغا تەسىر كۆرسىتىشتە ئائىلە ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەردىن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئائىلە بالىلارنىڭ تۇنجى مەكتىپى بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك رول ئوينايدۇ.

قىسقىسى، بالا مەكتەپ يېشىغا تولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئالغان ئىجابىي، ياكى سەلبىي تەربىيەسى ئۇنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى بالىنىڭ قەلبى ئاپئاق قەغەزگە ئوخشاش بولۇپ، خۇددى ئاق قەغەزگە دەسلەپ نېمە سىزىلسا، ئىزى شۇ بويىچە قالغانغا ئوخشاش ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئاتا بىلەن ئانا بالا تەربىيەسىدىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ۋە خەتەرلىك، چوڭ مەسئۇلىيەتنى جايىدا، توغرا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن تەربىيە ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشى ۋە ئاۋۋال ئۆزلىرىنى يېتىشتۈرۈشى تولىمۇ زۆرۈر.

ئاتا-ئانىلارغا تۆۋەندىكىلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

1. بالا تەربىيەسى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنى، خۇسۇسەن ئىسلامىي ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇش.

2. گېزىت-ژۇرنال ۋە ئىنتېرنېت بەتلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش.

3. تەربىيە ئىشلىرىدا ساۋات بېرىدىغان كۇرسلار بولسا، قاتنىشىش.

4. ئۆلىمالارنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ۋە چوڭلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئاڭلاپ پايدىلىنىش.

5. تەربىيە ھەققىدىكى لېكسىيەلەرنى كۆپ ئاڭلاش.

**بالا تەربىيەسىدە ئانىنىڭ رولى**

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىنىڭ ئەقلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئانىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ۋە بالا تەربىيەسىدە بىرىنچى مەسئۇل چوقۇم ئانا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئانىنىڭ سۈتى بالىنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىرىنچى ئامىل ھېسابلىنىدىكەن. ئانا بالىسىنى ئۆز-ئۆزىگە تايىنىشقا كۆندۈرۈش، ئۇنى ئاسرىدىم، دەپ ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئىگە بولىۋالماستىن، ئۇنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، يىراقتىن كۆزىتىش بىلەن، ئۇنىڭغا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، بالىنىڭ ئەقلىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

بىر تەربىيە مۇتەخەسسىسى لېكسىيەسىدە مۇنداق دەپ سۆزلىگەن: «بالا ئاچچىق يىغىسىنى يىغلاپ، مۇشۇ پانى دۇنياغا تۇنجى قېتىم كۆز ئاچقان ۋاقىتتا، تۇنجى بولۇپ تونۇيدىغىنىمۇ ئانا... تىلى چىققاندا ئاۋۋال دەيدىغىنىمۇ ئانا... كېچىلىرى ئىزدەپ-سىلاپ، پۇراپ ياتىدىغىنىمۇ ئانا... سىرتتىن ئۆيگە كىرگەندە دەسلەپ سورايدىغىنىمۇ ئانا... بىر نەرسىدىن قورققاندا ئاۋۋال چاقىرىدىغىنىمۇ ئانا... شۇڭا ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىدىكى ئورنى مۇقەددەس، ئانىلارنىڭ بالىلارغا بېرىدىغان مېھرى-مۇھەببىتى چەكسىز ھەم مىننەتسىز، ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر.»

كىچىك باللار ئانىسىنى ئۆزلىرى ئۇچۇن نەمۇنە ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنى تەقلىد قىلىدۇ. قانچىلىغان مەشھۇر شەخسلەر يېتىلىش جەريانىدا ئانىنىڭ ئىسسىق قوينىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي كۇچىنى ئاشۇرۇپ، ئانىدىن ئاڭلىغان قورقماس باتۇرلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزلىرىدە چەكسىز خىياللارنى قۇرۇپ، ئاخىرى غەلىبە قىلغان ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەرگە ئايلانغان.

بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئانىلارنىڭ خىزمەت ۋە ئىش باھانىسى بىلەن باللىرىنى باال باققۇچىلارغا تاشلاپ قويۇشى چوڭ خاتالىقتۇر. خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتىمۇ ئانىلارنىڭ باللىرىنى ئۆزلىرى تەربىيەلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى باال باققۇچىلارغا، ياكى يەسلىلەرگە تاپشۇرۇپ قويۇشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە مەخسۇس ئاگاھلاندۇرۇشلاردا بولماقتا.

ئانىلىق دېمەك، ئۇستى-ئۇستىلەپ قۇربان بېرىشتىن ئىبارەت، بىر قاتار قۇربان بېرىشلەر دېگەنلىك بولۇپ، خىزمەت، مەنسەپ، سودا-سېتىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈرەك پارىمىز بولغان شۇ پەرزەنتلىرىمىز ئۇچۇن قۇربان قىلىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيادا پەرزەنتتىن قىممەتلىك نېمە بار ؟

پەرزەنت تەربىيەسى ئانىلارنىڭ ۋاقتىنى، خىزمىتىنى ۋە ھەر قانداق ئىشىنى، ھەتتا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىنىمۇ قۇربان قىلىشقا تامامەن ئەرزىيدۇ.

ئانــا مۇشــۇنداق ئۇســتى ئۇســتىلەپ قۇربــان بېــرىش نەتىجىســىدە، بــالىلىرىنى كۆڭلىدىكىــدەك تەربىــيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققانــدىن باشقا، ئــاللاھ تائالانىـــڭ كاتتـــا مۇكاپاتىغـــا ســـازاۋەر بولىـــدۇ. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئانا ھامىلىـدار بولـۇپ بالىسـىنى تۇغقانغا ۋە تۇغـۇپ بولـۇپ، ئـۇنى ئەمچەكـتىن ئايرىغانغـا قەدەر ساۋاب جەھەتـتە ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىـدقا ئوخشايدۇ، ئانـا شـۇ ئەسـنادا ئۆلـۈپ كەتسـە، شېھىتلىك ئۆلۈمىدە كەتكەن بولىدۇ.»[1]

## ئانىنىڭ تەربىيەدىكى مەسئۇلىيىتى

كىچىك باللار كۆپىنچە ئانىسى بىلەنلا بولىدۇ. شۇڭا بالىغا تـۇنجى تەربىيەنــى ئانــا باشـلايدۇ. چـۈنكى باللارنىـڭ تـۇنجى مەكتىپــى ئــائىلە بولســا، تــۇنجى تەربىيەچىســى ئانىســىدۇر. ئانــا پەرزەنــت تەربىيەســىدە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى لازىم:

1. باللارغــا تەربىيەنــى كىچىكــدىنلا ئېلىــپ بېــرىش ئــارقىلىق، ئۇلارنىـڭ كىرسـىز، پـاك قەلبلىـرىگە ئىمـان ۋە ئەخلاقنـى يەرلەشـتۈرۈش كېـرەك. بـالام تېخـى كىچىـك، سـەل چوڭايغانـدا باشـلايمەن، دەيـدىغانلار غەپلەتتە قالغۇچىلاردۇر.

2. بــالىلارنى ھــالال لوقمــا بىــلەن ئوزۇقلانــدۇرۇش، ھــارام لوقمــا يېگۈزۈشـتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش كېرەك .

(1) ئىبنى ھەمدىنىڭ «المسند» (مۇسنەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 801- ھەدىسى؛ دىلمى «فىردەۋس» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1- توم، 208- بېتىدە رىۋايەت قىلغان، 792- ھەدىس.

3. بالىلارنى تەربىيەلەشتە ئىلمىي بولۇش، قانداق ئەھۋالغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ياخشى بىلىش كېرەك .

4. بالىلارنىڭ قورقۇنچاق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەر قانداق شارائىتتا «جىن كەلدى»، « ئالۋاستى كەلدى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ قورقۇتماسلىق لازىم. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆز ئۆيىدە يالغۇز يېتىشتىن، ھاڭ ۋە كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈشتىن قورقىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنى كىچىك چېغىدا ئانىلىرى ئاشۇنداق قورقۇتۇپ ئۆگەتكەنلىكتىن، ئۇلار مۇشۇنداق قورقۇنچاق بولۇپ قالغان.

بالىلارنى بۇنداق سۆزلەر بىلەن قورقۇتۇش بالىلار ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق بولغاننىڭ ئۈستىگە، يالغانچىلىقتۇر. بالىلارنى يالغانچىلىق بىلەن تەربىيە قىلىشقا بولمايدۇ. مۇنداق تەربىيە ھەرگىز ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

## بالا تەربىيەسىدە ئاتىنىڭ رولى

ئاتىلار بالىلارنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، مەنىۋى بايلىقى، بالىلارنىڭ يۆلىنىدىغان تېغى ۋە سۆيۈملۈك ئىپتىخارىدۇر. ئىلمىي جەھەتتىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت شۇكى، بالا بوۋاق چېغىدىن تارتىپلا مۇنداق ئىككى نەرسىگە ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى مېھرى-شەپقەت، يەنە بىرى قوغدىلىشتۇر.

بالىنىڭ مېھرى-شەپقەتكە بولغان ئېھتىياجى ئۇنى ئانىسىغا باغلىغاندەك، ئۇنىڭ قوغدىلىشقا بولغان ئېھتىياجى ئۇنى ئاتىسىغا باغلايدۇ. چۈنكى مېھىر-شەپقەتنىڭ مەنبەسى ئانا بولسا، كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى ئاتىدۇر. خۇددى «ئاتىسى بارنىڭ تېغى بار»

دېگەندەك، بالا ئاتىسىغا تايىنىدۇ. چۈنكى ئاتا بالىلارنىڭ يۆلىنىدىغان تېغى، ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر.

خۇددى باھار قۇياش بىلەن ئىللىق بولغىنىغا ئوخشاش، بالىلارنىڭ قەلبى ئانا مېھرى بىلەن ئىللىپ، ياشناپ تۇرىدۇ.

خۇددى ئۇچار قۇش ئىككى قانىتىغا تايىنىپ ھاۋادا پەرۋاز قىلغاندەك، بالىمۇ ئاتا-ئانىسىغا تايىنىپ ھاياتلىق ساھەلىرىگە كۆكرەك كېرىپ كىرەلەيدۇ. خۇددى بىرەر قانىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇچار قۇش يۇقىرىغا ئۆرلىيەلمىگەنىدەك، ئاتا-ئانىسىنىڭ بىرەرسىدىن يىراقتا قالغان بالىمۇ پەرىشانلىقتا قالىدۇ.

بالا ئانىسىغا قانچىلىك موھتاج بولسا، ئاتىسىغىمۇ شۇنچىلىك موھتاج بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئېھتىياج بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بالىنىڭ ھاياتىدا ئاتىنىڭ ئۆزىگە خاس رولى بولغىنىدەك، ئانىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولى بولىدۇ. ئاتىنىڭ ئورنىنى ئانا، ياكى ئانىنىڭ ئورنىنى ئاتا تولدۇرالمايدۇ. ئاتىسى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، ياكى قايسىبىر سەۋەب بىلەن يېنىدا بولالمىغان بالا تۇغقانلىرىدىن، ياكى قوشنىلىرىدىن، ياكى تونۇشلىرىدىن بىرەر ئەرنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۇنى ئۆزىگە نەمۇنە قىلىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى بولغان بىرىگە ئېھتىياجى چوشۇپلا تۇرىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىنىڭ يېنىدا بولۇشى بىر تاكامۇللۇق بولۇپ، بۇ تاكامۇللۇق بالىنىڭ ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە، ئاتا-ئانىلارنىڭ باللىرىنى تەربىيەلەش ئىشىدا ئۆز-ئارا ھەمكارلىقى تولۇق ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ:

1. بىزدە «بالا دېگەننى ئانىسى باقىدۇ» دەيدىغان سەپسەتىنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى. شۇڭا ئەرلەر باللىرى بىلەن كارى بولمىغان، تەربىيە ئىشىنى ئانىغىلا تاشلاپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، بەزى ئۇيغۇر ئەرلىرى ئىچىدە ئۆز پەرزەنتىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، سىرتقا چىقىشتىن نومۇس قىلىدىغانلىرىمۇ بار. بۇ دەل سىپى ئۆزىدىن بولغان ئەبگالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2. «ئەر دېگەن تالانىڭ ئادىمى» دەيدىغان خاتا سۆزنىڭ بەزى ئاتىلارنى «يوقنى بار قىلىپ بەرسەم بولىدىمۇ» دەيدىغان قانائەتكە ئەكېلىپ قويغانلىقى سەۋەبلىك، ئاتىنىڭ ئۆيى ئىچىدىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمەسلىكى. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق ئاتىلار باللىرىنىڭ تەربىيە ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىغان.

بۇ خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىش لازىم. بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن يولباشچىمىز ۋە ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەر قانداق بىر ئاتىغا ئوخشاش ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن ئىشلەيتتى. ئەمما ئۆي ئىچىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ تولۇق ئادا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە قىلىدىغان ئىشلىرى توغرىلىق سورالغىنىدا: «رەسۇلۇللاھ ئۆيىدە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان ئىدى، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى ياماپتتى، ماللىرىنى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ

ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

3. خىزمەت، ياكى تىجارەت، ياكى تولا سەپەر قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاتىنىڭ ئۆيدە تۇرىدىغان ۋاقتىنىڭ ئازلىقى. بۇ مۇشكۈلنىمۇ ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەلۋەتتە تېپىلىدۇ. مۇھىم بولغىنى ئاتا ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلسا ۋە ئۇنىڭ تەخىرسىزلىكىنى بىلسە، چوقۇم بىر چارە تاپىدۇ. مەسىلەن: جەدۋەل تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ۋاقىتلىرىنى رەتكە سېلىشقا ئوخشاش.

«ئاتا» بولۇش ئاسان. چۈنكى بالا تاپقان ئادەمنىڭ ھەممىسى ئاتا بولۇۋېرىدۇ. ئەمما «ئاتىلىق» بۇرچىنى ئادا قىلىش قىيىن. دېمەككى، ئاتىنىڭ ئائىلە تەربىيەسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى پەۋقۇلئاددە چوڭ بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئىنتايىن ئېغىر.

## ئاتىنىڭ بالىغا بولغان تەسىرى

بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاتا بالىسىغا مۇنداق ئىككى يول بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ:

1. ئاتا بالىسىنىڭ يېنىدا بولۇش جەريانىدا، ئۇنىڭغا ئاتىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق بالىسىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا بالىنىڭ نەزىرىدە ئامانلىق مەنبەسى بولۇپ، ئۇ ئاتىسىنى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ھىمايىچىسى، دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئاتىسىنى ھەممە ئىشنى توغرا قىلىدۇ، ھەممىنى بىلىدۇ ۋە خاتا ئىش قىلمايدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇڭا

(1) ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى.

ئـۇ ئاتىســىدىن ھەمىشــە يەخىرلىنىــدۇ، ئۇنىڭــدىن ئۆگىنىــدۇ، ئۇنىــڭ يېنىدا تۇرۇشتىن ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلىدۇ.

2. ئاتا ئائىلىگە ئـۆي ئىشـلىرىدا يـاردەم قىلىـش، ئۇنىڭغـا كۆيۈنـۈش ۋە مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىـش جەريانىـدا بالىـسىغا ۋاسـىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. چـۈنكى ئايـال ئېرىنىـڭ ئۇنىڭغـا كۆڭـۈل بۆلۈۋاتقـانلىقىنى ۋە ئۇنى ئاسراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىـدا، ئۇنىـڭ مەنىـۋىيىتى كۆتۈرۈلـۈپ قالىـدۇ. بۇلارنىـڭ ھەممىسـى بالىغـا تەسـىر كۆرسـىتىدۇ. چـۈنكى بـالا بـۇ ۋاقىتتـا ئاتىسـىنىڭ ئانـا-بـالا ئىككىسـىگە قىلىۋاتقـان غەمخورلۇقىــدىن خاتىرجەملىك ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت ھېس قىلىدۇ.

بـالا ئانىسـىنىڭلا بالىسـى ئەمەس، بەلكـى ئـۇ ھەم ئانـا، ھەم ئاتـا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ بالىسى. بـالىنى ئـانىلا باقىـدۇ، دەيـدىغان بـىرەر پەلسـەپە، ياكى دىن، يـاكى قـانۇن يـوق. بـالىنى ھەر ئىككىلىسـى باقىـدۇ. بالىنىـڭ ئاسـتىنى قۇرۇتقـداش، يىغلىسـا پەس قىلىـش، قورسـىقىنى تويغـۇزۇش، كېچىــدە ئېچىلىــپ قالســا يــۆگەپ قويــۇش، ئاغرىــپ قالســا بېشــىدا ئولتۇرۇش قاتارلىقلارنى كـۆپىنچە ئانـا قىلغـان بىلـەن، ئـاتىمۇ قىلسـا تـازا بولىدۇ. بەلكى قىلىشى ۋە ئائىلىگە ھەمكارلىششى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بـۇ ئىشـلاردا ھەر كـۈنى بولمىسـىمۇ بەزىـدە، ئەر ئائىلىگـە ياردەملىشـىپ بالىنىڭ بۇ خىزمەتلىرىنى ئۆزى قىلسا، قىلمىغـان كـۈنلىرى ئىشخانىسـىدا ئولتـۇرۇپ بولسـىمۇ تېلېفـون قىلىـپ، ئانـا- بـالا ئىككىسـىنىڭ ئەھـۋالىنى سـوراپ قويسـا، بـۇ ئىككىسـىنىڭ مەنىـۋىيىتى كۆتۈرۈلـۈپ، ئـۇلار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت تېخىمۇ ئاشىدۇ.

## ئايال ئېرىگە قانداق ياردەم قىلىشى كېرەك؟

ئاتا ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ۋە بالىسىنىڭ تەربىيەسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىشىدا ئانىنىڭ ياردىمىگە موھتاج. ئانا ئاتىغا تۆۋەندىكىدەك ياردەمچى بولىدۇ:

1. بالىنى تەربىيەلەش ئۇسۇللىرىدا ئاتا-ئانا ئىككىسى چوقۇم بىرلىككە كېلىشى لازىم. بۇ ئانا ھامىلىدار بولۇشتىن ئاۋۋال، ھەتتا توي قىلغاندىن كېيىنلا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى بىردەك بولماستىن، ئاتا باشقا ئۇسۇل بىلەن، ئانا باشقا ئۇسۇل بىلەن يول تۇتسا، بالا تەربىيەسىدە ئۇلار غەلىبە قىلالمايدۇ. ھەتتا بالا چوڭ بولغاندىمۇ، ئاتا باشقا نەرسە دەپ، ئانا باشقا نەرسە دەپ بالىنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. شۇڭا تەربىيە ئۇسۇلىدا ئاتا-ئانا بىرلىككە كېلىشىلىشى زۆرۈر.

2. بالا مەكتەپ يېشىغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قەلبىگە ئىمان ۋە ئىسلامنى چوڭقۇر سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇنىڭغا ئادىمىيلىكنى ئۆگىتىش ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ بۇرچى ۋە گەدەنلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامانەتتۇر. چۈنكى مەكتەپ باللارغا بىلىم بەرگەننىڭ سىرتىدا، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىتەلىگەن بىلەن، ئادىمىيلىكنى بېرەلمەيدۇ. ئۇنى پەقەت ئائىلىلا بېرەلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتېئىزم ئىدىيەسى دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتىلىدىغان دۆلەتلەردىكى مەكتەپلەرگە مۇسۇلمان باللىرىنى مېڭىسى بوش ئەۋەتىش ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر. «ھەرقانداق بالا ئىسلام فىترىتىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى

خرىستىيان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئەھۋالدا ئاتا-ئانا باللىرىنىڭ دىنسىز بولۇپ كېتىشى ۋە يولدىن چىقىپ كېتىشىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

بالا مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن ئىمان ۋە ئىسلامنى ئۆگىنىپ مېڭىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن مەكتەپكە بارغاندا، ئىسلامغا قارشى ئىدىيەلەرنى ئاڭلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىمانى تەۋرەنمەيدۇ ۋە ئېزىپ كەتمەيدۇ. بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا بولۇپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ تولىسى بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالماقتا.

3. بالىنى پىسخىكا جەھەتتىن مەكتەپكە ھازىرلاش ئىشىدا، ئانا دادىغا ياردەملىشىپ ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينىشى لازىم. مەسىلەن باللىسىغا: بالام، مەكتەپكە بېرىش زۆرۈر. چۈنكى ئۇ يەردە ھەر خىل ئىلىم-پەن، ماتېماتىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋەھاكازالارنى ئۆگىنىسەن، بىلىملىك ئادەم بولىسەن. ھەممىنى ياخشى ئۆگىنىشىڭ لازىم. پەقەت ئىدىيولوگىيە مەسىلىسىدە سېنىڭ ئۆيدە بىزدىن ئۆگەنگەنلىرىڭ توغرا، مەكتەپتە ساڭا دېيىلىدىغان «ئادەم مايمۇندىن كەلگەن» دېگەندەك سۆزلەر سەپسەتە ۋە خاتا سۆزلەردۇر، چۈنكى ھەممىنى ئاللاھ تائالا ياراتقان، دېيىش ئارقىلىق بالىنى ئىدىيە جەھەتتىن ھازىرلاش ئىشىنى ئاتا-ئانا بىرلىكتە قىلىدۇ.

4. بالا مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە ئۆگەنگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئەقىدە تەرەپتىن كۆزىتىپ، ئىدىيولوگىيىدە نېمىلەرنىڭ ئۆگىتىلگەنلىكىنى، زادى قانداق ئىدىيىۋى دەرس ئۆتۈلگەنلىكىنى سوراپ، خاتا نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولسا،

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

تۇزىتىش بېرىش ۋە بالىنىڭ ئۆگىنىشلىرىگە ياردەم بېرىش ئىشىدا ئانا دادىغا ياردەمچى بولۇپ، ئۆز-ئارا ئىش تەقسىماتى قىلىۋېلىپ، ئۆگىنىش ئىشىدا بالىسىغا ھەر ئىككىلىسى ياردەم بېرىدۇ.

5. ئايال ئېرىگە ئىشىنىشى ۋە ھەمىشە ئۇ توغرىسىدا ياخشى ئويلاردا بولۇشى، بالىلىرىغا ئاتىسىنى ماختاپ بېرىشى، ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشى لازىم. بۇ بالا تەربىيەسىدە ناھايىتى مۇھىم ئىش بولۇپ، ئەكسىچە بولغاندا، بالىنىڭ ئاتىسىغا بولغان ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتى سۇسلىشىپ كېتىپ، ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

چۈنكى ئىشىنىش، ياخشى ئويلاردا بولۇش، ياخشى تەرىپلەش قاتارلىقلار مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقلىرىدۇر.

6. ئانا بالىلىرىنىڭ ئاتىسىنى تېخىمۇ كۆپ ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىسىنى قىلىشى لازىم. چۈنكى بالىلار كۆپ ھاللاردا ئاتىسىغا ئانىسىنىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ. بەزىدە ئانىسى ئاتىسىدىن رەنجىپ قالسا، ئۇلارمۇ ئاتىسىدىن رەنجىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە تەتۈر قارىۋېلىپ، ئاتىسىغا سۆزمۇ قىلمايدۇ.

چۈنكى بەزى بالىلار خاتالىقنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھامان ئاتىسىنى ئەيىبلەيدۇ. بالىلار ئاتىسىنى سۆيمىسە ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىمىسە، تەربىيە ئىشى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئانا ئۈستىگە ئالىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بالىلارنى ئاتىسىدىن سوۋۇتقان كىشى دەل ئانىدۇر.

7. ئايال ئېرىنى بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىمەسلىكى، ئۇنىڭغا ئاچچىقلانماسلىقى، تەنقىدلىمەسلىكى لازىم. ئانا ئەگەر شۇنداق قىلسا،

ئاتىنىڭ بالىلىرى ئالدىدىكى ھەيۋىسى يوقىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بالىلار ئاتىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاتىسىنى كۆزگە ئىلمىغان بالىلارنى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ، دەمسىز؟

8.ئانا قانچىلىك ھەقلىق بولسىمۇ، ئاتىنى «يارامسىز»، « ئەردەك ئەمەس» دېگەندەك ئۇخشاش ئەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قەتئىي قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ئاتا يېتەرسىزلىك بىلەن ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمەيدىغان، كۆپرەك ۋاقتىنى سىرتتا ئۆتكۈزىدىغان، ھەتتا سىرتقا قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن بۇنىڭ زىيىنىنىڭ كۆپرەكىنى بالىلار تارتىدۇ.

9.ئاتا ئۆيگە كىرگەن ھامان ئۇنىڭغا ئۆيدىكى قىيىنچىلىقلاردىن، بالىلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىدىن ۋە ئىقتىسادىي يېتەرسىزلىكتىن سۆز ئېچىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەگەر ئايال ھەر قېتىم ئېرىنى شۇنداق راھەتسىز قىلىۋەرسە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆيىدىن ۋە ئايالىدىن سوۋۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ زىيىنىنى بالىلار ۋە ئانا بىرلىكتە تارتىدۇ.

10.ئاتا ئىشتىن كەلگەن ھامان ئايالىنىڭ داستىخانىنى ھازىرلاپ، بالىلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ھەممە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشى ۋە تاماق يەپ بولغۇچە ئۇز ئارا ئەھۋاللىشىشتىن ۋە مۇڭدىشىشتىن باشقا ئارتۇق سۆز قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى ئىشتىن چارچاپ كەلگەن بىر ئادەم ئۈچۈن دۇنيانىڭ غەيۋەتلىرىنى، ئائىلىنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى، بالىلىرىنىڭ كەپسىزلىكلىرىنى ۋە ئۆيىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس تەلەپلىرىنى ئاڭلاش ھەققەتەن ئېغىر كېلىدۇ.

11.ئايال ئېرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاش يولىدا تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ھەمىشە قەدىرلەپ،

تىلىغا ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. مۇنداق قىلىش ئەرگە مەنىۋى جەھەتتىن چوڭ ياردەم قىلغانلىقتۇر. باللىرىغىمۇ ئاتىسىنىڭ بۇ مېھنەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى ئاددىي كىيىنىش ۋە ئاددىي يېيىشكە تەشەببۇس قىلىشى لازىم.

**بالا تەربىيەسىدە مۇھىتنىڭ تەسىرى**

بىر تەربىيە مۇتەخەسسىسى لېكسىيەسىدە مۇنداق دەپ سۆزلىگەن: «بىر پەرزەنتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇشى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا چوڭ بولۇشى شۇ بالىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي دۇنياسىدا چەكسىز پەرقلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ مۇھىتنىڭ شۇ بالىغا بەرگەن غىدىقلىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ باللاردا چوڭ پەرقلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگىيە ئالىمى مۇنداق دېگەن:

ئەگەر پەرزەنت زىددىيەتلىك مۇھىتتا ياشىسا، ئۇ باشقىلارنى ئەيىبلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ

ئەگەر پەرزەنت دۈشمەنلىشىش مۇھىتىدا ياشىسا، ئۇ ئۇرۇشقاق بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت قورقۇنچ ئىچىدە ياشىسا، ئۇ غەمكىنلا يۈرىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت رىغبەتلەندۈرۈش ئىچىدە ياشىسا، ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان مۇھىتتا ياشىسا، ئۇ ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت بىخەتەر مۇھىت ئىچىدە ياشىسا، ئۇ باشقىلارغىمۇ ئىشىنىدىغان بولۇپ چىقىدۇ.

ئەگەر پەرزەنت دوستلۇق ئىچىدە ياشىسا، ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدىغان بولىدۇ.

بۇ پىسخولوگنىڭ پىكرىگە كۆرە، بالىلار كىچىككىدىنلا مەدەنىي، ئىناق، رىغبەتلەندۈرەلەيدىغان، دوستانىلىق بىلەن تولغان مۇھىت ئىچىدە ياشاپ چوڭ بولسا، ئۇ چوقۇم كۆڭلى مۇھەببەت بىلەن تولغان، ئىنسابلىق، دىيانەتلىك، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدىغان، ئۈمىدۋار بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىكەن. بىز ئىنسانىيەتكە مانا شۇنداق نادىر ئەسەرلەرنى سوۋغا قىلالامدۇق؟ پەرزەنتلەرنىڭ سۆيۈملۈك ئاتا-ئانىسى ۋە قەدىردان ئۇستازى بولالامدۇق؟»

## ئائىلىدىكى جېدەللەرنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى

پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە كۆرە، بالىنىڭ ئەقىل ۋە پىسخىكا جەھەتتىن يېتىلىشىدە ئەڭ چوڭ تەسىر قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئائىلىدۇر. بەختلىك ۋە خاتىرجەم بىر ئائىلىدە خۇشاللىق ۋە مۇھەببەت ھاۋاسىدا ئۆسكەن بالىلار رەتلىك، تەرتىپلىك ۋە ئىنتىزامچان بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئەكسىچە، زىددىيەتلەردىن ۋە ئۇرۇش-جېدەللەردىن خالىي بولالمايدىغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلار قورقۇنچ، ئىزتىراپ ۋە ئەندىشە ئىچىدە چوڭ بولىدۇ. بالىلارغا بۇ ئازابلارنى تارتقۇزۇشقا كىمنىڭ ھەققى بار؟

ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بالىلارغا بېرىدىغان سەلبىي تەسىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. باللارنىڭ مەيدانىسىز، پىسخىكا جەھەتتىن تۇراقسىز ئۆسۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

2. باللارنىڭ قورقۇنچاق ۋە ھەر نەرسىدىن ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

3. باللاردا باشقىلارنى ئۆچ كۆرۈش ۋە ھېچ كىشنى ياقتۇرماسلىق پىسخىكىسى يېتىلىپ قالىدۇ.

4. باللاردا تاماققا ئىشتىھاسىزلىق ۋە داستىخانغا كېلىشنى خالىماسلىق كەيپىياتى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

5. خۇسۇسەن قىزلاردا ياتلىق بولۇشنى خالىماسلىق ۋە يالغۇزلۇقنى ئەۋزەل كۆرۈش پىسخىكىسى يېتىلىپ قالىدۇ.

6. باللارنىڭ ئوقۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر بېرىپ قويىدۇ.

7. باللاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ جېدەللىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغانلارنى ئويدۇرۇش ئىللىتى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

8. باللارنى گەپ ئاڭلىمايدىغان، كۆپ ئاچچىقلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

9. باللارنىڭ كۆپ ۋاقتىنى سىرتتا ئۆتكۈزىدىغان ۋە ئۆيگە كىرىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

10. باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنچ قىلالماسلىقىغا ۋە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

جېدەل-ماجىرا يۈز بەرگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟

ھېچقانــداق بىــر ئــائىلە بەزى ئۇششــاق-چۈششــەك جېــدەل-مــاجىرالاردىن ۋە بەزى كۆڭۈلســىزلىكلەردىن خــالىي بولالمايــدۇ. چــۈنكى ئائىلىنىڭ تېرەكلىرى بولغان ئاتا بىلەن ئانىمۇ ئىنسان. ئىنسان دېــگەن خاتالىشىدۇ. ئۇلار مەدەنىــيەت، بىلىــم ســەۋىيە، دىــن-دىيــانەت ۋە ئەخــلاق جەھەتلەردىــن بىــر-بىرىــدىن پەرقلىــق بولىــدۇ. ئۇلارنىــڭ پىسخىكىســىمۇ بىرخىل بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئائىلىــدە ئــاز تــولا كۆڭۈلســىزلىكلەرمۇ يــۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەھۋال.

ئەمــدى شــۇنداق كۆڭۈلســىزلىكلەر، ھەتتــا جېــدەل-مــاجىرالار يــۈز بەرگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ ھەقتە تۆۋەندە بەزى تەۋسىيەلەر بېرىلىدۇ:

1. ئىمكـــانقەدەر ئاتـــا بىـــلەن ئانـــا بالىلارنىـــڭ ئالدىـــدا جېدەللەشمەسلىكى، ئاچچىقنى يېڭىشقا تىرىششى لازىم. ئوتتۇرىــدىكى مەســىلىنى بــالىلار يــوق ۋاقىتتــا، ئىككىســى چــرايلىقچە ھەل قىلىشــقا كېلىششى زۆرۈر.

2. ئاتــا-ئانىنىــڭ بالىلارنىــڭ ئالدىــدا بىــر-بىرىنــى ئەيىبلىمەســلىكى، ســۆز ۋە ھەرىكەتلىــرى بىــلەن بىــر-بىــرىگە ھۇجــۇم قىلماســلىقى لازىــم. مۇنــداق قىلىــش بالىلارنىــڭ خــاتىرجەملىكىنى ۋە ھــۇزۇرىنى بۇزغانلىــق ســىرتىدا، ئاتــا-ئانــا ئىككىســىنىڭ بالىلىرىنىــڭ قەلبىــدىكى يــۇقىرى ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

3. بـــالىلار ئاتـــا-ئانىســـىنىڭ ئوتتۇرىســـىدىكى كۆڭۈلســـىزلىكنى بىلگىنىــدە، ئۇلارغــا چــرايلىقچە چۈشــەندۈرۈش كېــرەك. ئاتــا-ئانىلارنىــڭ ھەربىرى ئۆزىنى ئاقلاش نىيىتى بىلەن بالىلىرىغا قارشى تەرەپنى يامان كۆرسەتمەســلىكى، يالغــان ئىيتماســلىقى ۋە خاتــالىق يــۈزدە-يــۈز قارشــى

تەرەپتە بولسىمۇ، ئۇنى باللارغا چۈشەندۈرۈشتە «ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالدى» دېگەن ئاساستا، مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشى ۋە ئۇلارغا «ئائىلە دېگەندە بۇنداق جېدەل-ماجىرالار ئاز-تولا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما بۇنداق جېدەل-ماجىرالار ئارىمىزدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى بۇزالمايدۇ» دېگەن مەنىدە چۈشەنچە بېرىشى لازىم.

4. ئاتا-ئانىلار بىر-بىرىدىن رەنجىشىپ قالغان، ھەتتا ئۇرۇش-ماجىرالارنى باشتىن كەچۈرگەن ۋاقىتلاردىمۇ تۇرمۇشنى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك نورمال ئېلىپ بېرىشى ۋە باللىرىدىن بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يوشۇرۇشقا تىرىششى لازىم. ئاتا-ئانىلارنىڭ بىر-بىرىدىن رەنجىپ ئايرىم ئۆيدە يېتىۋېلىشى، ئانىنىڭ باللىرىنىڭ ئالدىدا كۆپ كۆز يېشى قىلىشى، ياكى ئاتا-ئانىسىغا، ئاچا-سىڭىللىرىغا، دوستلىرىغا تېلېفون قىلىپ، دەرد تۆكۈشى چوڭ خاتالىقتۇر. ئانا بۇ ئىشلارنى باللار ھېس قىلمايدۇ، دېگەن ئۇيدا قىلغىنى بىلەن، باللار ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ. باللار ئېغىز ئاچمىغان بىلەن، ئانىنىڭ بىئاراملىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال باللارنى پەرىشان قىلىدۇ ۋە ئاتا-ئانىسىغا بولغان ھۆرمىتىنى، سۆيگۈسىنى ئازايتىپ قويىدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە باللار بىر تەرەپتىن ئاتىسىدىن ئانىمىزنى رەنجىتتى، دەپ ئاغرىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئانىسىنىڭ ئاتىسىنى تۇغقانلىرىغا يامان كۆرسىتىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. بۇ ئىككى ئاغرىنىش ئۇلارنى ئاتا-ئانىسىدىن سوۋۇتۇپ قويىدۇ. ئاتا-ئانىسىدىن سوۋۇپ قالغان باللار ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

5. ئاتا-ئانا بىر-بىرىدىن رەنجىشىپ قالغان ئەھۋالدا، ۋاقىتنى ئۇزارتماستىن، ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىكنى ھەل قىلىشى ۋە رەنجىشنى يوق قىلىپ، نورمال ھالىغا قايتىشى لازىم. رەنجىشكە سەۋەب

بولغان تەرەپ دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، قارشى تەرەپتىن كەچۈرۈم سورىشى ۋە كۆڭلىنى ئېلىشى لازىم. بىراۋنىڭ ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ قارشى تەرەپتىن كەچۈرۈم سورىغانلىقى ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان تولىمۇ ئېسىل خىسلەت. كەچۈرۈم سورىغان كىشىنىڭ قەدىر-قىممىتى كېمىيىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۆسىدۇ. چۈنكى خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش پەزىلەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ۋە بىرى ئۇياققا، بىرى بۇياققا قاراپ يۈرۈشى توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالامنى ئەڭ ئاۋۋال باشلىغىنىدۇر»[1].

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 6077- ھەدىس، «صحيح مسلم» (سەھىھۇل مۇسلىم)دىكى 2560-ھەدىس.

# ئىككىنچى باب

# ئەڭ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇللىرى

ــ ئۈلگە بولۇش بىلەن تەربىيەلەش

ــ كۆندۈرۈش بىلەن تەربىيەلەش

ــ نەسىھەت بىلەن تەربىيەلەش

ــ ۋەقەلىكلەر بىلەن تەربىيەلەش

ــ قىسسىسەلەر بىلەن تەربىيەلەش

ــ كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەش

ــ مۇكاپات ۋە جازا بىلەن تەربىيەلەش

ــ سۆھبەت ۋە دىيالوگ بىلەن تەربىيەلەش

# مۇقەددىمە

ئەڭ ئۈنۈملۈك تەربىيە ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىشتىن ئاۋۋال دىققەت قىلىدىغان مۇھىم بىر نۇقتىنى تەكىتلەيمىزكى، ئۇ بولسىمۇ بالا تەربىيەلەشتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك باسقۇچنى بىلىۋېلىشتۇر.

تەربىيەدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك باسقۇچ قايسى؟

تەربىيە ئىشلىرىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئۇزۇن يىللىق ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە شۇنداق يەكۈنگە كەلگەنكى، بالىلار تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق قائىدە-يوسۇن ۋە ئادەتلەردىن 80%نى بەش ياشقا كىرگۈچە ھاسىل قىلىپ بولىدۇ. بۇ بەش ياشقا كىرگۈچە بولغان ۋاقىت ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك چاغلار بولۇپ، تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئۇنى بالا تەربىيەسىدىكى ئالتۇن دەۋر دەپ ئاتايدۇ. بالا بۇ بەش يىللىق مۇددەت ئىچىدە ئائىلىسىنىڭ قولىدا ۋە ئائىلىسىنىڭ تەربىيەسىدە بولىدۇ.

پسىخولوگلارغا كۆرە، بالىنىڭ خاراكتېرى7~8 ياشلار ئارىسىدا يېتىلىپ بولىدىكەن. بالىلاردا يېتىلگەن بۇ خاراكتېر ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق داۋام قىلىدىكەن.

ئىلمىي تەتقىقاتلارغا كۆرە، بالىنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئىككى ياشتىن بەش ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىدىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلغان تەلىم-تەربىيەنىمۇ ناھايىتى تېز ئۆزلەشتۈرىدىكەن. بۇ ھەقىقەت بىز ئۇيغۇرلاردىكى «كىچىك ۋاقىتتا

ئۆگەنگەن تاشقا موھۇر باسقانغا ئوخشاش» دېگەن ھېكمەتنى تەستىقلايدۇ.

ھازىر جەمئىيەتتە پەرزەنتلىرىنى پىلانلىق ھالدا تەربىيەلەيدىغان ئاتا-ئانىلار ئىنتايىن ئاز. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى بالا تەربىيەلەشتە بىرەر پىرىنسىپ، ياكى بىرەر ئۇسۇل-قائىدىنى ئۆلچەم قىلمايدۇ. ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە بالا تەربىيەلەيدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئاتا-ئانىلارنىڭ بالا تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئاساسەن تۆۋەندىكى تۆت خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىپ بېرىلىۋاتىدۇ:

1. بالىلارنى رېجىم ئاستىدا باشقۇرىدىغان ئاتا-ئانىلار بولۇپ، مۇنداق ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن پەقەتلا پۇرسەت بەرمەيدۇ. ھېچقانداق ئەركىنلىك بەرمەيدۇ. بۇنداق رېجىم ئاستىدا چوڭ بولغان بالىلار تەرتىپلىك، ئەدەپلىك چوڭ بولىدۇ. ئەمما ئۇلار ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئۆتۈپ، ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپلا كەتسە، ئەتراپتىكى ئەركىنلىكنى كۆرگىنىدە، ئۆزىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

2. بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىپ چوڭ قىلىدىغان ئاتا-ئانىلار بولۇپ، ئۇلار بالىلىرىنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بېرىدۇ، قىسقىسى، ئۇلار بالىلارغا «ياق» دېيىشنى بىلمەيدۇ. مۇنداق تەربىيەدە چوڭ بولغان بالىلار بەك ئەركە چوڭ بولغانلىقتىن، يارامسىز، قابىلىيەتسىز، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، تەييارغا ھەييار بولسام، دەيدىغان چوڭ بولۇپ قالىدۇ.

3. بالىلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىدىغان مەسئۇلىيەتسىز ئاتا-ئانىلار بولۇپ، ئۇلار بالىلىرىنىڭ كىملەر بىلەن ئارىلىشىۋاتىدۇ؟ قانداق

باللار بىلەن دوست بولۇۋاتىدۇ؟ مەكتەپتە نېمە ئوقۇۋاتىدۇ؟ ئۆگىنىش سەۋىيەسى قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ بۇلارنى سۈرۈشتە قىلىپمۇ قويمايدۇ. بۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان باللار خاتا يوللارغا مېڭىپ قالىدۇ. بۇ باللار خاتا يولغا مېڭىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئىشى بەسى مۈشكۈل بولىدۇ، بەزىدە مۇمكىنمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن: ئاق ئالۋاستىغا ئادەتلىنىپ قالغان باللارنىڭ ئۆز هاياتىنى تۈگەشتۈرگىنىگە ئوخشاش.

4. باللارنى مىللىي ۋە ئىسلامىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام تەربىيەسىنى ئاساس قىلغان هالدا، قاتتىقلىق ئىچىدە يۇمشاقلىق، يۇمشاقلىق ئىچىدە قاتتىقلىق بولغان ئۇسۇلدا تەربىيەلەيدىغان ئاتا-ئانىلار بولۇپ، ئۇلار باللارنى چەك تۇتىمەن، دەپ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇۋالمايدۇ. ئەركىن قويۇپ بەردىم، دەپ ئۆستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۇلار يەنە دېموكراتىك ئۇسۇلدا باللارنىڭ پىكىر-قاراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلار بىلەن كېڭىشىپ ئىش كۆرىدۇ.

ئۇلارچە بولغاندا باللارنى ئائىلىدىكى مۇزاكىرە ئىشلىرىغا چوقۇم قاتناشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش لازىم. باللارنىڭ پىكىرلىرىنىڭ هەممىسى توغرا بولۇشى ناتايىن. ئەمما ئاڭلاپ، كۆرۈپ، ئويلىشىپ بېقىشقا بولىدۇ. مۇنداق تەربىيەلەنگەن باللار ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مەسئۇلىيەتنى تونۇيدىغان، ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىنى هېس قىلىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ.

كۆپلىگەن تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئاخىرقى بۇ ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئۇلۇغ ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالا تەربىيەسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇي-پەيلى خوپ.
ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا ياخشى ئىرۇر،
ئاتاسى، ئاناسى بەختلىك بولۇر.
ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە ئاندىن سەن ئۈزگۈن كۆڭۈل.
زەكىي بولسا ئالىم ئۇ ئوغۇل ئاتىسى،
ئۇنى تۇتقۇلۇق چىڭ شۇدۇر چارىسى.
كىمنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.
كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق ئاتاغا جاپا.
ئوغۇل-قىز خۇي-پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

ئاللاھ تائالا ئىنسانى بالىسىنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن شۇنداق پەرقلىق قىلغانكى، ئۇنىڭ ھاياتى ئانا قورسىقى دەۋرى، بالىلىق دەۋرى،

ياشلىق دەۋرى ۋە قورامىغا يەتكەن دەۋرى، ياشانغان دەۋرى دېگەندەك باسقۇچلارغا ئايرىلغان بولۇپ، باللارنىڭ ئانا قورسىقى ۋە باللىق دەۋرى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر دەۋردۇر. ئاتا-ئانىلار مۇشۇ دەۋردە باللىرىنىڭ قەلبىگە ئىمان-ئىسلامنى ۋە گۈزەل ئەخلاقنى يەرلەشتۈرۈۋالمىسا، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن (12~15 ياشلاردىن كېيىن) شەيتان ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئاسىيلىق بىلەن ئازغۇنلۇقنىڭ ئۇرۇقلىرىنى يەرلەشتۈرۈۋالىدۇ.

قەلبى پاك، خۇددى ئاپئاق مەرۋايىتتەك بولغان بۇ باللار ئەزەلدىن ئىنسان بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشنىڭ مەنبەسىدۇر. شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىس ئۆزىنىڭ ئىسيانكارلىقى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، بۇنى ئادەملەرنىڭ ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئازدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىشقا قەسەمياد قىلغان. قۇرئان كەرىم شەيتاننىڭ بۇ ئىقرارىنى ۋە رەزىل مەقسىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿قَالَ أَرَأَيْتَكَ هَذَا الَّذِي كَرَّمْتَ عَلَيَّ لَئِنْ أَخَّرْتَنِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ لَأَحْتَنِكَنَّ ذُرِّيَّتَهُ إِلَّا قَلِيلًا . قَالَ اذْهَبْ فَمَنْ تَبِعَكَ مِنْهُمْ فَإِنَّ جَهَنَّمَ جَزَاؤُكُمْ جَزَاءً مَوْفُورًا. وَاسْتَفْزِزْ مَنِ اسْتَطَعْتَ مِنْهُمْ بِصَوْتِكَ وَأَجْلِبْ عَلَيْهِمْ بِخَيْلِكَ وَرَجِلِكَ وَشَارِكْهُمْ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ وَعِدْهُمْ وَمَا يَعِدُهُمُ الشَّيْطَانُ إِلَّا غُرُورًا﴾ يەنى﴿ئىبلىس: «ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە، سەن مەندىن ئۈستۈن قىلغان ئادەم مۇشۇمۇ؟ ئەگەر ماڭا قىيامەتكىچە مۆھلەت بېرىدىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىنى (ئازدۇرۇپ) تولۇپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىمەن » دېدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا) ئېيتتى: «يوقال! ئۇلاردىن كىمكى ساڭا

ئەگىشىدىكەن، (بىلىڭلاركى) ھەممىڭلارنىڭ جازاسى تولۇق بىر جازا بولغان ھالدا جەھەننەمدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادىمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن  قوزغاتقىن، ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ماللىرىغا ۋە بالىلىرىغا شېرىك بولغىن، ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بەرگىن ـ شەيتان ئۇلارغا ئالداشتىن باشقا نەرسىنى ۋەدە قىلالمايدۇ»﴾ [1]

دېمەك، تەربىيە ئىشىنى قانچىلىك بۇرۇن باشلىساق شۇنچىلىك كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىمىز ۋە بالىلىرىمىزغا شەيتان ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال ئۆزىمىز ئىگە بولغان بولىمىز. چۈنكى خەلقىمىزدە «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن ھېكمەت بار، ئەمەسمۇ.

(1)سۈرە ئىسرا 62~64ـ ئايەتلەر.

# ئۆلگە بولۇش بىلەن تەربىيەلەش

ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا ئىسلامنىڭ توغرا چۈشەنچىلىرىنى ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئىبادەت پرىنسىپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەمەلىي تەتبىقاتلارنى ئۆگىتىش ۋە ئەمەلىي مەشىقلەر بىلەن ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار.

بۇ پەقەت ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش ۋە ھەر ئىشتا باشلامچى بولۇش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بالىلارنى ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولۇش بىلەن تەربىيەلەش ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ تەسىرلىك بولغان تەربىيە ئۇسۇللىرىدىن  بىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بەلكى بالىلارغا ياخشى ئۈلگە  بولماستىن، ئۇلارغا ئېيتىلغان قانچىلىغان ياخشى سۆزلەر، ۋەز-نەسىھەتلەر، مۇكاپات ۋە جازالار پايدىسىز قالىدۇ. چۈنكى بالىلار ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭا  بالىلار ئەدەپ-ئەخلاق، يۈرۈش-تۇرۇش، قائىدە-يوسۇن، دىيانەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەڭ ئاۋۋال ئاتا-ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىنمۇ بەكرەك، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئەمەلىيىتىدىن ئالىدۇ،  ناۋادا، ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان تەربىيەسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىردەك بولمىسا، بۇ تەربىيەنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

## بالىلار بىز ئويلىغاندىنمۇ بەك ئەقىللىك كېلىدۇ

بىز ئادەتتە كىچىك بالىلارنى  بىر نەرسە بىلمەيدۇ ۋە ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار تېخى كىچىك، دەپ ئويلايمىز. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، كىچىك بالىلار كۆپ

ھاللاردا بىزدىنمۇ ئەقىللىقتۇر. ئۇلار ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئۇ ئىشلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاقىۋەتتە ئۇلار كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن تەسىر قوبۇل قىلىدۇ.

چۈنكى باللاردا قوبۇل قىلىش ۋە تەقلىد قىلىش(دوراش)تىن ئىبارەت ئىككى خاراكتېر ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. ئۇلار مەيلى ئىختىيارىي، مەيلى ئىختىيارسىز بولسۇن داۋاملىق ئەتراپىدا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە تەقلىد قىلىشقا تىرىشىدۇ.

باللار ھاياتىدىكى ئەڭ ھالقىلىق ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك چاغلىرىنى ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ. يەنى ئۇلار تەربىيەدە ئەڭ ئۇنۇملۇك ھېسابلىنىدىغان باسقۇچنى ئاساسەن ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باسقۇچتا باللارنىڭ يېنىدا داۋاملىق بولىدىغانلار (يەنى ئاتا-ئانىسى) ئۇلارنىڭ ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىدۇر. نەتىجىدە، ھەممىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىشكە تىرىشىدۇ.

### باللاردا ئاتا-ئانا ئوبرازى

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە كۆرە، ئاتا-ئانا ئوبرازى بالا ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل ئوبرازدۇر. بالىنىڭ بىر جۈپ كۆزى خۇددى فوتو ئاپپاراتىغا ئوخشاش ئاتا-ئانا ئوبرازىنى سۈرەتكە ئېلىپ تۇرىدۇ. بىز مانا مۇشۇ باللارنىڭ قەلبى ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەتلەرگە قارىغىنىمىزدا، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەممە سۈرەتلىرىنىڭ پارلاق نۇر چېچىپ تۇرالىشى ناتايىن. ئاتا-ئانا ئوبرازىنىڭمۇ ئۇلۇغۋار بولالىشى ناتايىن. بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىقلىقى، مېھرىبانلىقى، شەخسىيەتسىزلىكى، قەيسەرلىكى، ئالىيجانابلىقى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن باللارنى

تەسىرلەندۈرىدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى، نادانلىقى، بىغەملىكى، مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئاڭسىزلىقى بىلەن بالىلارنى بىزار قىلىدۇ. دېمەك، ئوخشاش بولمىغان ساپادىكى ئاتا-ئانىلار بالىلارنى ئوخشاش بولمىغان سۈپەتتە تەربىيەلەپ چىقىدۇ.

## بالىلاردىكى قوبۇل قىلىش ۋە تەقلىد قىلىش قابىلىيىتى

بالىلاردىكى كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەقلىد قىلىش قابىلىيىتى چوڭلاردىكىدىنمۇ ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان قابىلىيەتتۇر. ئەرەبلەردە «كىچىك بالىلار مايمۇندىنمۇ ئۇستا دورامچى كېلىدۇ» دەيدىغان سۆز بار. دېمىسىمۇ، كىچىك بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ناماز ئوقۇشتىكى ھەرىكەتلىرىنى، سۆز قىلىش ئادىتىنى، ئولتۇرۇش ئۇسۇلىنى، تاماق يېيىش قائىدىسىنى ۋە باشقا جىمى ھەرىكەتلىرىنى ئەستايىدىل كۆزىتىدۇ، ئاندىن شۇ پېتى تەقلىد قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ھەتتا ئوغۇل بالا ئاتىسىنىڭ ماشىنا ھەيدىگەندىكى ھەرىكەتلىرىنى، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى، سۆز قىلىش ئادىتىنى ئەستايىدىل كۆزەتكىنىدەك، قىز بالىمۇ ئانىسىنىڭ كۆلۈشلىرىنى، تېلېفوننى قانداق تۇتۇپ سۆزلەيدىغانلىقىنى، چېچىنى قانداق تارايدىغانلىقىنى ئەستايىدىل كۆزىتىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى تەقلىد قىلىشقا باشلايدۇ. بالىلاردىكى دورامچىلىق ئالاھىدە بىر قابىلىيەتتۇر.

بالىلار قوبۇل قىلىش ۋە تەقلىد قىلىش يولى بىلەن سۆزلەش، مېڭىش، يېيىش-ئىچىش ۋە باشقىلارنى تەدرىجىي ھالدا ئاتا-ئانىسىدىن ۋە ئاكا-ئاچىلىرىدىن ئۆگىنىدۇ. بالىلار بۇ جەرياندا ئاتا-ئانىسىدا ۋە

ئاكا-ئاچىلىرىدا نېمە بولسا شۇنى ئەينەن ئالىدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىدا دىيانەت ۋە ئىسلام ئەخلاقى بولسا، بالا شۇلارنى ئالىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە ئۇلاردا دىنسىزلىق ۋە باشقا ئەخلاقسىزلىق بولسا، بالا شۇنى ئالىدۇ. قىسقىسى، خەلقىمىزنىڭ «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شۇڭا ئاتا-ئانىلارنىڭ دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇشى بالىلىرىنىڭ توغرا تەربىيە ئېلىشى ۋە ياخشى ئادەملەردىن بولۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە چوڭ رول ئوينايدۇ. بۇ نۇقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق بالا ئىسلام پىترىتىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خىرىستىيان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ»[1] دېگەن سۆزىنىڭ نەقەدەر توغرا ئېيتىلغانلىقىنى ۋە ئەمەلىيەتكە نەقەدەر ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

## ئۆلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەشنىڭ تۈرلىرى

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئۆلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەشنىڭ نېگىزى بالىغا ياخشى تەسىر كۆرسىتىشكە ئىخچاملىنىدۇ. بالىنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىش ئىككى يول بىلەن بولىدۇ. بىرى، ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش، يەنە بىرى، سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

1. ئۆزلۈكىدىن تەسىر كۆرسىتىش

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

ئۆزلۈكىدىن، ياكى ئىختىيارسىز تەسىر كۆرسىتىش دېگەن ئاتا-ئانا ياكى ھەر قانداق بىر تەربىيەچىنىڭ پەقەت «باللار مەندىن تەقلىد قىلىپ ئۆگەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا مەن مەسئۇل ۋە جاۋابكارمەن» دېگەن ئېتىقاد بىلەن پۈتۈن ياخشى ئىشلاردا ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولالىغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاۋۋال تەربىيەچى ئۆزىنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل قىلىپ يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، باللار ئۇنىڭدىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنى ھېچقانداق كۈچىمەستىن، ئىختىيارسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىدە يەرلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا يا تەربىيەچى، ياكى تەربىيەلەنگۈچى قىيىنچىلىق تارتمايدۇ. بەلكى بۇ ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇھىم بولغىنى تەربىيەچىنىڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى، ياخشى ئادەت ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئۆزلىرىدە يېتىشتۈرىشىدۇر.

شۇڭا كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار باللىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئۆزلىرى ياخشى ئادەملەردىن بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار باللىرىنى ئىمان ۋە ئەخلاقلىق، ئەل ئىشىغا يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەش يولىدا، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى تەربىيەلەش ۋە يېتىشتۈرۈش كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئالدىغا قەدەم ئاالمايدۇ.

2. سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش

سۆز ۋە ھەرىكەت بىلەن تەسىر كۆرسىتىش تەربىيەچىنىڭ باللارغا يول كۆرسىتىشى، بەزى ئىشلارنى ئېغىزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگىتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈلگىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسساالم ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرىنچى تەربىيەچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ساھابىلىرىغا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى گاھ سۆزى بىلەن گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى ھەر ئىككىسى بىلەن ئۆگىتەتتى.

ئۇنىڭ: «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1] ۋە «مەندىن ھەج قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار»[2] دېيىش ئارقىلىق ھەم سۆزى بىلەن ھەم ئەمەلىيىتى بىلەن قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆگەتكەنلىكى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گاھىدا نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايەت، دۇئا ۋە تەسبىھلەرنى بالىلارغا ئۆگىتىش مەقسىتى بىلەن ئىچىدە ئوقۇلىدىغانلارنىمۇ ئاۋازلىق ئوقۇپ بېرەتتى.

### يېگانە ئۈلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇكەممەل شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گويا ئىسلامنىڭ جانلاندۇرۇلغان شەكلى ئىدى. شۇڭا ئۇ تا قىيامەتكە قەدەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېگانە ئۈلگىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ يەنى﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ [3] ئاللاھ تائالا يەنە مۇھەممەد

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ « صحيح البخاري» (سەھىھ مۇسلىم) دىكى 1292ـ ھەدىس، «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم)دىكى 1658ـ ھەدىس.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) 33ـ سۈرە ئەھزاب 21ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ماختاپ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ يەنى﴿ سەن ھەقىقەتەن ئەڭ كاتتا ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾ [1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ ئەخلاقى توغرىلىق سورالغىنىدا: «رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[2] دېگەن.

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنىڭ جانلىق تەرجىمانى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى كۆرۈنىشى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى توغرىلىق: «مېنى رەببىم ئەڭ مۇكەممەل تەربىيەلىدى»[3] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبادەتتە، مېھىر-شەپقەتتە، ئەدەپ-ئەخلاقتا، ئادالەتتە، سېخىيلىقتا، راستچىللىقتا، چىدام ۋە سەۋرچانلىقتا، كەمتەرلىكتە، تەقۋالىقتا، ئىلىم-مەرىپەتتە، بالىلىرىغا ۋە ئاياللىرىغا كۆيۈمچانلىقتا، مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يېيىشتە، يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىشتە، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاشتا، جۈملىدىن دىن ۋە دۇنيالىق ھەممە ئىشتا ئەڭ مۇكەممەل ۋە يېگانە ئۈلگە ئىدى.

ئۇ ئاياللىرى ئۈچۈن ئەڭ ئۈلگىلىك ئەر، بالىلىرى ئۈچۈن ئەڭ شەپقەتلىك ئاتا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل رەھبەر ئىدى.

---

(1) 68- سۈرە قەلەم 4- ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەدنىڭ «مسند الإمام أحمد»( مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 24645- ھەدىسى.

(3) مۇتتەقىينىڭ «كنز العمال» (كەنزۇل ئۇممال) ناملىق ئەسىرىنىڭ 31895- ھەدىسى.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيەسىدىن ئۆرنەكلەر**

1. باللارغا راستچىل بولۇش

ئابدۇللا ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئانام مېنى ئۆيگە چاقىردى. كىرسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىمىزدە ئىكەن. ئانام ماڭا: «كەل ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامدىن: «بالىڭىزغا نېمە بەرمەكچىسىز؟» دەپ سورىدى، ئانام: «خورما بېرەرمەن» دەپ جاۋاب بەردى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا: «ئەگەر سىز بالىڭىزغا بىر نەرسە بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر يالغان ئېيتقانىنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ»[1] دېدى.

بۇ ھەدىس شەرىف ھەر قانداق بىر تەربىيەچىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدىكىلەرگە ھەمىشە راستچىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۆزىمىز يالغان ئېيتىپ تۇرۇپ باللىرىمىزغا: «يالغان ئېيتماڭلار» دەپ تەربىيە قىلغىنىمىزنىڭ زادى نېمە پايدىسى بولسۇن؟!

شۇڭا باللارغا ئاسانلىقچە بىرەر ئىشتا ۋەدە بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر ۋەدە بېرىلگەندە بولسا، چوقۇم ئۇنى ئورۇنداش كېرەك.

2. باللار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇش

باللارنى ئوخشاش كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقلا بىر ئىشتا بولمىسۇن، چوقۇم ئادالەتلىك بولۇش لازىم. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئاتام مېنى پەيغەمبەر

---

(1) ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھادىس توپلىمىنىڭ 4- توم، 455- بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: « يارەسۇلۇللاھ! بۇ بالامغا بىر خىزمەتچىمنى بېرىۋەتتىم» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتامدىن: «باللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، ئاتام: «ياق» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا بەرگىنىڭنى قايتۇرىۋال!» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، باللىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇڭلار» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئەي بەشىر! سېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بالاڭ بارمۇ؟» دەپ سورىغان، بەشىر: «ھەئە» دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا مېنى بۇنىڭغا گۇۋاھچى قىلما، چۈنكى مەن ناھەقچىلىققا گۇۋاھ بولمايمەن»[1] دېگەن.

باللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولماسلىق، بىر نەرسە بەرگەندە بەزىسىنى قايرىپ قويۇپ، بەزىسىگە بېرىش، ياكى بىرىنى باشقىلىرىنىڭ ئالدىدا ماختاپ قويۇپ، يەنە بىرىنى سۆكۈش، ياكى بىرىنى «سىز» دەپ چاقىرىپ، يەنە بىرىنى «سەن» دەپ چاقىرىش، ياكى بىرىگە قاپىقىنى ئېچىپ، يەنە بىرىگە قاپىقىنى تۈرۈش، ياكى بىرىنى ئوقۇتۇپ، يەنە بىرىنى ئۆي ئىشىغا سېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادالەتسىزلىك بولۇپ، باللارنىڭ ئۆز-ئارا مۇھەببىتىگە ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا، باللار ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك، قىزغىنىش ۋە ئاداۋەتكە سەۋەب بولىدۇ. نەتىجىدە، باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان ئىشەنچىسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىسيانكارلىققا ئۈندەپ قويىدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1622- ھەدىسى.

ئاتا-ئانىلار بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولمىغانلىقنى تۇرلۇك سەۋەبلەرگە ئارتىپ ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا تىرىششى مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇ ئەدەپلىك، سۆز ئاڭلايدىغان، ئىتائەتچان ئىدى، بۇ ئەدەپسىز، ئىسيانكار ئىدى، ياكى ئۇ ئەقىللىك، بۇ ئەقىلسىز ئىدى، دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھېچبىرى ئاتا-ئانىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ئاقلىيالمايدۇ.

ھەتتا ئاتا-ئانىلار تەبەسسۇم قىلىش، قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىش، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇش، ياخشى سۆز قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، شۇ ئەسنادا ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا ئوغلى كەلدى، ئۇ ئادەم بالىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قىزى كەلدى، بۇ چاغدا ئۇ ئادەم قىزىنى سۆيمەيلا يېنىدا ئولتۇرغۇزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئادەمگە: «سەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلمىدىڭ!» دېدى».

ئاتا-ئانىلار يۇقىرىقىدەك ئاددىي مۇئامىلىلەردىلا ئەمەس، بەلكى دۇئا، سۆيگۈ-مۇھەببەت قاتارلىق ئىچكى ئەمەللىرىدىمۇ ئادالەتلىك بولۇشى، ھەممىسىنى تەڭ سۆيۈشى ۋە ھەممىسىنىڭ ھەققىدە ياخشى دۇئالارنى قىلىشى لازىم. بۇلارنى بالىلار كۆرمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

3. مېھرىبانلىقنى ۋە كۆيۈمچانلىقنى كۆرسىتىش

ئابدۇللا ئىبن بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. تۇساتتىن نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىنلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، مۇنبەردىن چۈشتى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن: «ئاللاھ باللىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلار بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، دەپ راست ئېيتقان. مەن بۇ ئىككى نارەسىدىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرالماي قالدىم ۋە ئاخىرىدا خۇتبىنىمۇ ئۈزۈپ قويدۇم»[1] دېدى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆزلەۋاتقان خۇتبىنى توختىتىپ قويۇشقا ئېلىپ بارغان نەرسە، ۋاپىغا يەتكەن ھەقىقىي مېھىر-شەپقەتنىڭ بىر ئۆرنىكىدۇر.

باللارغا ئەنە شۇنداق مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا تەربىيەدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى باللارغا تەربىيەنىلا ئەمەس، بەلكى ھېچبىر پىكىرنى زورلاپ تېڭىپ قوبۇل قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىش پەقەت مېھىر-شەپقىتىنى ۋە سۆيگۈسىنى ئۇلارغا ئىزھار قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنى ئۇلارغا سۆيدۈرۈش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش بىلەنلا بولىدۇ.

مۇئەللىممۇ باللارغا سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنى قايىل قىلغاندىلا ئۇلارنى سۆزىگە كىرگۈزەلەيدۇ ۋە ئۇلارغا تەربىيەسىنى سىڭدۈرەلەيدۇ.

4. باللارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش

---

(1) ئىمام بەيھەقى «سنن البيهقي» (سۈنەنى بەيھەقى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 3- توم، 218-بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىدە ئىدى، نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى. بۇ سەۋەبلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىنى ناھايىتى ئۇزۇن قىلدى. نامازدىن كېيىن بىرسى ئۇنىڭدىن: يارەسۇلۇللاھ! سەجدىنى بەك ئۇزۇن قىلدىڭىزغۇ، دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «بالام ئۈستۈمگە مىنىۋالغانىدى، ئۇنى چۈشۈشكە ئالدىراتقۇم كەلمىدى»[1] دېدى.

باللارغا كۆرسىتىلگەن مۇشۇنچىلىك ئاددىي مېھرىبانلىقنىڭ باللارنىڭ قەلبىدىكى مەنىسى ۋە تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

ئاتا-ئانىسىدىن ياكى مۇئەللىمىدىن بۇنچىلىك كۆيۈمچانلىقنى كۆرگەن بالا ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا قەتئىي چىداپ تۇرالمايدۇ-دە، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىدۇ.

5. باللار بىلەن ئويۇن ئويناش

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت پۇتلۇق بولۇپ مېڭىۋېتىپتۇ، نەۋرىلىرى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئىككىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ تۆگەڭلار نېمىدېگەن ياخشى ۋە سىلەر نېمىدېگەن ياخشى مىنگۈچىلەر»[2] دەيتتى.

---

(1) ئەبۇ يەئلانىڭ«المسند» (مۇسنەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 3428-ھەدىسى.

(2) تەبەرانىي «المعجم الكبير» (مۇئجەمۇل كەبىر) ناملىق ئەسىرىنىڭ 3- باب، 52- بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

قېنىي ئويلاپ كۆرەيلى، دۆلەتنىڭ رەئىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى، جامائەتنىڭ ئىمامى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن غازاتلارغا قوماندانلىق قىلىپ ئالدىنقى سەپكە چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ ئىشلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۈشكۈلاتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆي ئىشلىرىدا ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە، بالىلىرىنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەمدى بىزنىڭ بالىلىرىمىزنى شۇنداق شاد قىلماسلىقىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلارنى ئويناتماسلىقىمىزغا يەنە نېمە ئۆزرىمىز بار؟

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلارنى «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن بۇيرۇق-چەكلىمىلەر بىلەنلا تەربىيەلەپ كەتكىلى بولىدۇ، دەپ جۆيلۈيدۇ. بالىلار بۇيرۇق بىلەن، ياكى تاياق بىلەن باشقۇرغىلى بولىدىغان قوي، ياكى كالا ئەمەس. بەلكى بالىلار پەقەت سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىق كۆڭلىنى خوش قىلىش بىلەن باشقۇرۇلىدۇ.

### 6. بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاسراش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ھەمىشە نامازغا ئۇزۇنراق سۈرە ئوقۇشنى مەقسەت قىلىپ نامازنى باشلايمەن. ناۋادا بىرەر بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قالسام، بالىنىڭ يىغىسىدىن ئانىسىنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، نامازنى تېزرەك ئوقۇپ تۈگىتىمەن.»(1) مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانا-بالىغا بولغان چەكسىز كۆيۈمچانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

(1) ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 750- ھەدىسى.

7. باللارغا سالام قىلىش ۋە تەبەسسۇم بىلەن كۆرۈشۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارنى كۆرگىنىدە، ئۇلارغا خۇددى چوڭلارغا سالام قىلغاندەك سالام قىلاتتى ۋە تەبەسسۇم بىلەن ئۇلاردىن ئەھۋال سورايتتى. ئىمام بۇخارى مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا قانداقلا بىر بالىنى كۆرسە ئاۋۋال ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى، ئاندىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلاتتى»[1] دەيتتى.

8. كىچىكلەرنى ئاسراش

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر ھەر يىلى مېۋىلىرى دەسلەپ چىققاندا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېۋىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! بىزگە مېۋىلىرىمىزدە، شەھىرىمىزدە، كەمچەنلىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ بولغىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭمەن. ئۇ مەككە ئۈچۈن دۇئا قىلغاندەك، مەن مەدىنە ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.» دەيتتى. ئاندىن بۇ مېۋىنى ئائىلىنىڭ ئەڭ كىچىك بالىسىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا بېرەتتى.[2]

(1) ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 5893۔ ھەدىسى.

(2) ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1373۔ ھەدىسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە بىرگە كىچىكلەرنى ئاسراشنى ۋە كىچىكلەرگە چوڭلارغا بېرىشتىن بۇرۇن بېرىشنى ئۆگەتكەن. چۈنكى چوڭلار سەۋر قىلالايدۇ. ئەمما كىچىك بالىلار تولا ۋاقىتتا سەۋر قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى ۋە لەززەتلىك مېۋىلەرنى كۆرگەندە، كىچىك بالىلارنىڭ نەپسى تاقىلداپ قالىدۇ. شۇڭا بېرىدىغاننى ئاۋۋال ئۇلارغا بەرمەسلىك ئۇلارنى قىيناپ قويغانلىقتۇر.

بۇ بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى چوڭلارمۇ كىچىك بولۇپ باققان. ئۇلارمۇ كىچىكلەرنىڭ سەۋرسىزلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە رەنجىپ قالمايدۇ. ناۋادا چوڭلار رەنجىپ قالسا، ئۇلارغا چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەك.

9. ھەممە ئادەمنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش

سەھل ئىبن سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سورۇندا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر بالا، سول تەرىپىدە چوڭلار بار ئىدى. شۇ پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭدىن ئىچتى. ئاندىن ئوڭ تەرىپىدىكى بالىدىن: «بۇنى ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىشىمگە ئىجازەت بېرەمسەن؟» دەپ سورىدى. بالا: «ياق، مەن ھەققىمنى ھېچكىمگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكىنى بالىغا بەردى.[1]

بۇ بالا پەۋقۇلئاددە ئەقىللىك ۋە زېرەك بىر بالا بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يېيىش-ئىچىش، ئېلىش-بېرىش، ھەتتا ئۆيگە، ياكى

(1) ئىمام بەيھەقى «سنن البيهقي» (سۈنەنى بەيھەقى)ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 7- توم، 286- بېتىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

مەسـجىدكە كىـرىش قاتـارلىق جىمـى ئىشـلاردا ئوڭـدىن باشـلاش پىرىنسىپىنى ئوبدان بىلەتتـى. شـۇڭا ئـۇ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئـوڭ تەرىپىـدە ئولتۇرۇۋالغـان. ئـۇ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىـنلا ئىچىشـتىن ئىبـارەت بـۇ چـوڭ شـەرەپنى قانـداقمۇ باشـقىلارغا ئۆتۈنـۈپ بەرسۇن؟!

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بالىنىـڭ ئـاۋۋال ئىچىشـتىن ئىبـارەت ھەققىنـى ئىپتىـراپ قىلغـانلىقتىن، ئۇنىڭـدىن ئىجازەت سـورىغان. ئەممـا بـالا قوبـۇل قىلمىغانـدىن كېيىـن، ئـۇنى زورلىمىغـان ۋە ئۇنىڭغـا ئـاۋۋال بەرگەن.

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ ئـاددىي بىـر مەسـىلە ئـارقىلىق مۇسـۇلمانلارغا ئادالەتلىـك بولۇشـنى ۋە ھەر كىمنىـڭ ھەققىنـى ــچـوڭ-كىچىك دېمەستىن ــ بېرىش لازىملىقىنـى ئـۆگەتكەن. چۈنكى ئـادالەت ھامان ئادالەتتۇر. ئۇ چوڭ ياكى كىچىكدىمەيدۇ.

10. خاتالىقنى سىلىقلىق بىلەن تۈزىتىش

ئەبـۇ بەكـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: بىـر كـۈنى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام نامـازدا رۇكـۇدا ئىـدى. مەن كېلىـپ سـەپكە قېتىلماستىنلا، ئارقىـدا ئـايرىم رۇكـۇ قىلـدىم. ئانـدىن نامـاز تۈگىگەنـدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئەھۋالنى بايـان قىلىـپ بېرىۋىـدىم. ئـۇ ماڭـا: «ئـاللاھ سـېنىڭ تىرىشـچانلىقىڭنى تېخىمـۇ زىيـادە قىلسـۇن، بۇنىڭـدىن كېيىـن مۇنداق قىلما»[1] دېـدى.

---

(1) ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 750- ھەدىسى.

ئەسلىدە، بۇ ساھابە ئالدىنقى سەپكە بېرىپ، ئاندىن نامازنى باشلىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئۇ رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۇرغان يېرىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىقتىدا قىلغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياخشى دۇئا قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئالدى سەپتە ئورۇن بولغان ھالەتتە، ئارقىدا يالغۇز تۇرماسلىققا بۇيرۇغان.

بۇ ئورۇندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيەنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئالدى بىلەن خاتالاشقۇچىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ، ئاندىن ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشتۇر. ئىسلامنىڭ تەربىيە ماۋزۇسىدىكى بۇ پرىنسىپى چوڭ-كىچىك ھەممىگە قارىتىلغاندۇر.

شۇڭا بالىلار خاتالاشقاندا، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىلا تىلغا ئالماستىن، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى خۇش قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ خاتالىقىغا چىرايلىقچە تۈزىتىش بېرىش لازىم. بۇ پرىنسىپ بالىلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېنىڭىزدا ئىشلەيدىغان كادىر، ئىشچى، شاگىرت ۋە ھەمراھىڭىز ئۈچۈنمۇ يارايدىغان پرىنسىپتۇر.

چۈنكى سىز بىرەر كىشىنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىش بەرمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۇنى ماختاپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىش بەرسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ ئادالىتىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا ھەقسىزلىق قىلمىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىدۇ. دە، نەسىھىتىڭىزنى ئاسانلا قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇلدا سىز ئۇنىڭ ھەققىنى بەرگەن ئىكەنسىز، ئۇمۇ سىزنىڭ ھەققىڭىزنى بېرىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە، بۇنداق ئىسىل ئەخلاق ئومۇملاشمىغان. ئائىلىلەردىمۇ يىلتىز تارتىپ بولالمىغان. بىزدە بالا بىرەر خاتالىقنى سادىر قىلىپ قويغان ھامان ئۇنىڭ بارلىق خاتالىقلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى، ھەتتا ئۆتمۈشتىكى گۇناھلىرىنى بىر-بىرلەپ يۈزىگە سېلىپ كېتىمىز، گويا ئۇ بىر قېتىممۇ توغرا ئىش قىلىپ باقمىغاندەك مۇئامىلە قىلىمىز. نەتىجىدە، بالىنىڭ خاتالىقنى تۈزىتىش ئىستىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىسيانكارلىقى ئېشىپ كېتىدۇ.

## جامائەت سېپىنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇش مەسىلىسى

ئەمدى جامائەت سېپىنىڭ ئارقىسىدا يالغۇز تۇرۇپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشىنىڭ نامىزىغا كەلسەك، ئۇنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

شافىئىي مەزھىپىگە كۆرە، جامائەت سېپىدىن ئورۇن تاپالماي سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغان ئادەم ئالدىنقى سەپتىكىلەردىن بىرىنى كەينىگە تارتىپ ئەكېلىپ، بىللە تۇرۇشى لازىم.

ھەنەفىي مەزھىپىگە كۆرە، سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغان كىشى ئالدىدىن بىرىنى تارتىپ كەلمەيدۇ، سەپكە كىرىش ئۈچۈن نامازدا تۇرۇپ، بىر سەپ مىقدارى ماڭسىمۇ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ ماڭسا نامىزى بۇزۇلىدۇ.

مالىكى مەزھىپىگە كۆرە، جامائەت سېپىدىن ئورۇن تاپالماي، سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز قالغان ئادەم، تۇرغان يېرىدە ناماز ئوقۇيدۇ، ئالدىنقى سەپتىكىلەردىن بىرىنى تارتىپ ئەكەلمەيدۇ.

ھەنبەلىي مەزھىپىگە كۆرە، سەپىنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز تۇرغان ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ، ئۇنى قايتا ئوقۇش لازىم كېلىدۇ[1].

## بالىنىڭ ھاياتىدىكى ئۈلگىلەر

1. ئاتا-ئانا ۋە مۇئەللىم

بالىلارغا ئۈلگە بولۇش ئارقىلىق تەربىيەلەش ئۇسۇلى بارلىق تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ئىچىدە تەسىر ۋە ئۈنۈم جەھەتتىن ئەڭ غەلىبىلىك ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى تەكىتلىمەكتە.

بالا ئاتا-ئانىسىدىن ۋە تەربىيەچىسىدىن ياخشىلىقنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىدۇ. شۇڭا بالا تەربىيەلەش ھەر قانداق بىر ئاتا-ئانا ۋە تەربىيەچى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىۋېلىش، ئەخلاقىنى توغرىلىۋېلىش پۇرسىتى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بالىلارنى ئىسلامىي تەربىيەلەش ئىشىدا غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

ئاتا-ئانىسىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ راستچىللىقنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن تىل-ئاھانەتلەرنى ۋە ئەدەپسىز سۆزلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بالىنىڭ چىرايلىق سۆز قىلىشقا ئادەتلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانىسىدىن قوپاللىقنى ۋە شەپقەتسىزلىكنى كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىنىڭ مۇلايىملىقنى ۋە رەھىم-شەپقەتنى ئۆگىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

(1) «الفقه الإسلامي وأدلته» (فىقھۇل ئىسلامى ۋە ئەدىللەتۇھۇ) 2 ـ توم 249ـ، 250 ـ بەتلەر.

ئوغۇل-قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،

بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يەنە.

ئوغۇل-قىز خۇي-پەيلى بولسا يامان،

يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

2. باللارنى ئەڭ ئېسىل ئۈلگىگە باغلاش

ئاتا-ئانىنىڭ باللارغا ئۆزلىرىدىنلا ئۈلگە كۆرستىشى كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى باللارنى ئۆزلىرىدىنمۇ ئېسىل ۋە مۇكەممەل ئۈلگە بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا باغلىشى زۆرۈردۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى، غازاتلىرىنى، ئىش-ئىزلىرىنى، سۆزلىرىنى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى باللارغا ھەمىشە سۆزلەپ بېرىش ۋە ئەستايىدىل ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز باللىرىمىزغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرىنى خۇددى قۇرئان ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتۇق.»

مۇنداق قىلىش بىر تەرەپتىن باللارنى شىجائەت، قورقماسلىق ۋە چىدامچانلىق قاتارلىق ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن سۈپەتلىنىشكە كۆندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان تونۇشىنى، سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ۋە باغلىنىشىنى كۈچەيتىدۇ.

باللارنى يەنە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشاش مەشھۇر ساھابىلەردىن باشلاپ، قەھرىمانلىقتا، تەقۋالىقتا ئۈلگىلىك ساھابىلارنىڭ، ئىمام ئەزەم، ئىمام

شافىئىي، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام مالىكلارغا ئوخشىغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ، ھەر قايسى زامانلاردا ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇسۇلمانلارنىڭ، خالىد ئىبنى ۋەلىد، سالاھىددىن ئەييۇبىيلارغا ئوخشىغان ئىسلام قوماندانلىرىنىڭ، شۇنداقلا بىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، سۇتۇق بۇغراخان، ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قىسسىلىرىنى كۆپ ئوقۇپ بېرىش لازىم.

## چوڭلاردا سۆز بىلەن ئەمەلىيەت بىردەك بولماسلىقنىڭ خەتىرى

بالا تەربىيە جەھەتتە ئۆگەنگەنلىرى ۋە ئاڭلىغانلىرى بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ، مەكتەپتىكىلەرنىڭ ۋە مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ زىت كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ھەيرانلىقتا قالىدۇ. بۇ ئەھۋال بالىنىڭ تەربىيەسى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر.

مەسىلەن: ئانا بالىلىرىغا راست سۆزلەش توغرىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىۋېتىپ، ئارقىدىنلا ئۇلارغا: «ماڭا بىرسى تېلېفون ئۇرسا، مېنى ئۆيدە يوق دەڭلار» دەيدۇ.

ئاتا بالىلىرىغا سەممىي ۋە توغرا بولۇش ھەققىدە نەسىھەتلەرنى قىلىپ قويۇپ، ئۆزى سودىدا باشقىلارنى ئالدايدۇ، قاقتى-سوقتى قىلىدۇ.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىغا ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن ساقلىنىش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ تۇرۇپ، ئىمتىھاندا بالىلارنىڭ كۆچۈرمىكەشلىك قىلىشىغا يول قويىدۇ.

ئانا باللىرىغا چىرايلىق سۆز قىلىش ۋە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلغىنى بىلەن، ئۆزى ئېغىزىنى يىغالمايدۇ، باللىرىنى ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيدۇ، ئېرىنى غۇرۇرىغا تېگىدىغان سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەيدۇ، باللىرىغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئانا باللىرىغا غەيۋەت قىلىشنىڭ يامانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئارقىدىن قوشنىلىرىنىڭ، تۇغقانلىرىنىڭ ۋە يېقىنلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ.

ئاكا ئۇكىسىغا نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ناماز ۋاقتىدا ئۇخلايدۇ.

ئاتا باللىرىنى تاماكا چېكىشتىن توسۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ماگىزىندىن تاماكا ئەكىرىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا نەتىجە قانداق بولماقچى؟

ئەلۋەتتە، بالا نەزەرىيەدە ئوقۇغانلىرى بىلەن ئاڭلىغانلىرىنى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتا كۆرگەنلىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ رېئاللىقتا كۆرگەنلىرى يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، كۆز بوياماچىلىق، ساختىپەزلىك، غەيۋەتخورلۇق، تىل-ھاقارەت، قوپاللىق قاتارلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولمىغانلارنى قاتتىق سۆككەن: ﴿أَتَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبِرِّ وَتَنْسَوْنَ أَنْفُسَكُمْ وَأَنْتُمْ تَتْلُونَ الْكِتَابَ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾ يەنى﴿كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈڭلارنى ئۇنتۇپ قالامسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتابنى ئوقۇپ

تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر؟﴾ (1) يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ. كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئېغىر گۇناھتۇر﴾(2)

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 44ـ ئايەت.

(2)61ـ سۈرە سەپ 2ـ، 3ـ ئايەتلەر.

# ئادەتلەندۈرۈش (كۆندۈرۈش) ئۇسۇلى ئارقىلىق تەربىيەلەش

ئادەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەربىيەلەش—بالىنى مۇئەييەن بىر ئىشلارغا كۆندۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى بالىنىڭ ئۆزلۈكىدىن قىلىدىغان تەبىئىي ئادىتىگە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۆلگە بولۇش، يول كۆرسىتىش، ئۆگىتىش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## ئادەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەربىيەلەشنىڭ ئەھمىيىتى

ئادەت ئىنسان ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئادەت ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن قىلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىنسانلارغا ئوڭايلىق ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسىدۇر. ئىنسان بىرەر ياخشى ئىشقا ئادەتلەنگەندىن كېيىن، باشقىلار بۇيرۇمىسىمۇ بۇ ئىشنى ئۆزلۈكىدىن، ھەتتا ئىختىيارسىز ھالدا قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما ئىنساننى بىرەر ئىشقا ئادەتلەندۈرۈش ئاسان ئەمەس. بالىلارنى ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈشتە، ئۇلارغا بىر-ئىككى قېتىم مۇنداق قىل دەپ بۇيرۇپ قويۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بەلكى ھارماي-تالماي ئۆگىتىش، كۆزىتىش ۋە كۆندۈرۈش كېرەك. بالىلارنى ھەر قانداق بىرەر ئىشقا ئادەتلەندۈرۈش ئىشى ئاتا-ئانىدىن ۋە تەربىيەچىدىن يېتەرلىك ۋاقىت، چىدامچانلىق ھەم سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىش. ئەمما بالا بىرەر ياخشى ئىشقا ئادەتلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئىش ناھايىتى

ئوڭۋايلىشىپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا بالا ئۇنى ئۆزلۈكىدىن قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئىسلام دىنى ئادەتلەندۈرۈشنى تەربىيەنىڭ ئۇسۇللىرىدىن ساناپ، تەربىيە ئىشلىرىدا ئۇنى قوللىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەشەببۇس قىلىنغان ياخشى ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئادەتلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. ساھابىلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بالىلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈڭلار، ئۇلارغا ياخشىلىقلارنى ئۆگىتىڭلار. چۈنكى ياخشىلىق ئادەتتۇر» دېگەن سۆزى نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان.

ئادەتلەندۈرۈشتىن بولغان ئاساسلىق مەقسەتنى ھەرۋاقىت قەتئىي ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز ۋە ھەمىشە نىيەتنى دۇرۇسلاپ، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا قارىتىشىمىز لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، بۇ ئادەتلەر قۇرۇق رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

راستچىللىق، ۋاپادارلىق، رەھىم-شەپقەت، سېخىيلىق، ئادىللىق، كەمتەرلىككە ئوخشاش بارچە ئىسلام ئەخلاقى، ناماز، روزا، زاكات، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر ئېيتىش قاتارلىق بارچە ئىسلام ئىبادەتلىرى، يېيىش-ئىچىش، ئۇخلاش، ئۇيقۇدىن ئويغىنىش، سالام بېرىش ۋە سۆز قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىكى بارچە ئىسلامىي قائىدە-يوسۇنلار، تازىلىق، پاكىزلىق، پىلانلىق ئىش قىلىش، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش دېگەنگە ئوخشاش بارلىق ياخشى خىسلەتلەر پەقەت ئادەتلىنىش يولى بىلەن ئۆزلىشىدۇ. پەقەت، ئادەتلەندۈرۈش ۋە كۆندۈرۈش يولى بىلەنلا بالىلارنى يۇقىرىقى ئەخلاقلار، ئىبادەتلەر ۋە قائىدە-يوسۇنلار ئاساسىدا تەربىيەلەپ چىققىلى بولىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىشقا كىچىك ۋاقتىدا ئادەتلىنىش، چوڭ بولۇپ قالغاندا ئادەتلەنگەندىن نەچچە ھەسسە ئوڭايدۇر. چۈنكى كىچىك بالا ھەر قانداق ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىدىغان، تەربىيەنى تېز ئۆزلەشتۈرىدىغان خاراكتېرغا ئىگە كېلىدۇ. ئەمما چوڭلار بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلارنى بىرەر ئىشقا ئادەتلەندۈرۈش ناھايىتى قىيىن. بولۇپمۇ ئۇلار يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىپ تەربىيەلەش ئىشى ئاسانغا توختىمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا تەربىيەچى ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى يامان ئادەتلەرنى بىر-بىرلەپ يوق قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىسلام تەربىيەسىنى سىڭدۈرىدۇ. بۇ ئىش ئاتا-ئانىدىن ياكى تەربىيەچىدىن ئادەتتىكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدۇ.

شۇڭا باللارنى ياخشى ئادەتلەرگە ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىلا كۆندۈرۈش ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئاسان چارە ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشى ئىشلارغا ئادەتلىنىش چوڭ بولۇپ قالغانلار ئۈچۈن قىيىن بولسىمۇ، يەنىلا مۇمكىندۇر. چىن ئىرادە باغلاش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالاغا يۆلىنىش ئارقىلىق ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغىلى بولغاندەك، ياخشى ئىشلارغا ئادەتلىنىش ئىشىدىمۇ غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

ئاۋۋالقى ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمانلارمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى يامان ئادەت ۋە ناچار قىلىقلىرىنى تاشلاپ، ئۆزلىرىگە ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئەخلاق ئۇستازلىرىغا ئايلانغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈلگە بولۇش، ئۆگىتىش، كۆزىتىش ۋە تەكرارلاش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرىدە ئىلگىرى بولمىغان ئىبادەتلەرگە، گۈزەل ئەخلاقلارغا ۋە قائىدە-تەرتىپلەرگە ئادەتلەندۈرگەنىدى.

## ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى

تۆۋەندە بالىلارنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. ئۆگىتىش ۋە قوبۇل قىلدۇرۇش بولۇپ، بۇ ئادەتلەندۈرۈشنىڭ نەزەرىيىۋى قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

2. چېنىقتۇرۇش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش بولۇپ، بۇ ئادەتلەندۈرۈشنىڭ ئەمەلىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

3. داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەكرارلاش بولۇپ، بۇ ئىزچىللىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

4. مۇكاپات بىلەن قىزىقتۇرۇش ۋە جازادىن قورقۇتۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە ھەرقانداق بىر دىنىي ماۋزۇنى تىلى بىلەن سۆزلەپ ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئورۇنداپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۆگەتەتتى. ئۇ ساھابىلىرىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىغا سىلىقلىق بىلەن تۈزىتىش بېرەتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى بىر ئادەم مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەم نامازدىن كېيىن، كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «

بــارغىن نامــازنى قايتــا ئوقــۇغىن، ســەن نامــاز ئوقۇمــىدىڭ» دەپ قــايتۇرۇۋەتتى. ئــۇ ئــادەم بېرىــپ نامــازنى قايتــا ئوقــۇپ بولــۇپ، يەنە پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يەنە ئالدىنقى سۆزنى قىلىپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۈچىنچى قېتىمدا ئانــدىن بــۇ ئــادەم پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامغا: يارەســۇلۇللاھ! مەن بۇنىڭــدىن باشقىســىنى بىلمەيــمەن، ئــۆزلىرى ماڭــا ئۆگىتىــپ قويغــان بولسىلىكەن.- دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنــداق دېــدى: «ســەن نامــاز ئوقۇمــاقچى بولغىنىڭــدا، ئالــدى بىــلەن تاھــارەتنى ياخشــى ئــالغىن، ئانــدىن قىــبلىگە يۈزلىنىــپ تــۇرۇپ تەكبىــر ئېيــتقىن، ئانــدىن قۇرئانــدىن بىلگەنلىرىڭنــى ئوقــۇغىن، ئانــدىن ئالدىرىماســتىن، تولــۇق رۇكــۇ قىلغىــن، ئانــدىن تولــۇق تۈزلىنىــپ ئــۆرە تــۇرغىن، ئانــدىن ســەجدىگە بــارغىن ۋە ئالدىرىماســتىن ســەجدە قىلغىــن، ئانــدىن ســەجدىدىن تــۇرۇپ تولــۇق ئولتــۇرغىن، ئانــدىن بــۇلارنى ھەمــمە نامازلىرىڭدا قىلغىن.»[1]

## يامان ئىشلارغا ئادەتلىنىپ قېلىشتىن توسۇش

باللارنى ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەندۈرۈش قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئــۇلارنى يامــان ئىشــلارغا ئادەتلىنىــپ قېلىشــتىن توســۇشمۇ شــۇنچىلىك، بەلكــى ئۇنىڭــدىنمۇ بەك مــۇھىم. چــۈنكى كۆنــۈپ قالغــان ئــادەتنى تاشــلاتماق ناھــايىتى قــىيىن. شــۇڭا ئەڭ ياخشىســى بــالىلارنى يامــان ئـــادەتلەرگە كۆنـــۈپ قېلىشـــتىن توســـۇش ۋە ئۇلارنىـــڭ بـــارچە ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش لازىم.

---

(1)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 5897- ھەدىس، «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم)دىكى 397- ھەدىس.

ئەربلەردە «كېسەلدىن ساقلىنىش داۋالىنىشتىن ياخشى» دېيىدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار.

ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە باللارنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش زۆرۈر بولغان، ناھايىتى خەتەرلىك، يامان ئىشلار مەۋجۇت. بۇلارنىڭ بېشىدا تاماكا، ھاراق، نەشە، خېروئىن، زىنا قاتارلىقلار كېلىدۇ. تاماكىنى خېروئىننىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب، تاماكا خېروئىن چېكىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولغانلىقىدىندۇر. چۈنكى ھەر قانداق بەڭگى خېروئىن چەككۈچى ئەمەس، ئەمما ھەر قانداق خېروئىن چەككۈچى بەڭگىدۇر!

## تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشنىڭ خەتىرى

تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىش دېگەنلىك قۇتۇلۇش تولىمۇ قىيىن بولغان، خەتەرلىك بىر يولغا كىرىپ قالغانلىقتۇر. چۈنكى تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىن ماددىسىنىڭ تاماكا چەككۈچىلەرنىڭ تېنىدە قوزغاش كۈچىنىڭ زورلۇقى ۋە ئۇنىڭ بەدەننىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، تاماكا چېكىشكە ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەر ئۇنى تاشلاش يولىدا كۆپ ئازابلانماقتا. ھازىرقى زىيانلىق ماددىلار ئىچىدە، تاماكا ئىنسان ساقلىقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولۇپ تونۇلماقتا. شۇڭا خەلقئارادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۈستى يېپىق جايلاردا، جۈملىدىن، ئىش ئورۇنلىرىدا تاماكا چېكىشنى قەتئىي تۈردە مەنئى قىلماقتا.

ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ئادەتتە تاماكىغا خۇمار بولۇپ قېلىش ھاراققا خۇمار بولۇپ قېلىشتىن تېز ۋە ئاسان بولىدۇ. 100 ئادەم ھاراق ئىچسە، ئۇلارنىڭ 10% ياكى 15%ى ھاراققا خۇمار بولسا، 100

ئادەم تاماكا چەكسە، ئۇلارنىڭ %85ى تاماكىغا خۇمار بەڭگى بولۇپ قالىدۇ.

## باللارنى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش چارىلىرى

ئاتا-ئانىلار باللارنى تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى لازىم:

(1) ئائىلىدە دىنىي تەربىيەنى كۈچەيتىش، ھالال-ھارام، ياخشى-يامان ۋە توغرا-خاتالارنىڭ ھەممىسىنى باللارغا توغرا يوسۇندا بىلدۈرۈش ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا چۈشەندۈرۈش.

(2) تەقۋادار بولۇپ، نەپسىنى يېڭىش ۋە ئېسىل ئەخلاقلاردا باللىرىغا ئۈلگە بولۇش.

(3) باللىرىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىنى ۋە سومكىلىرىنى پات-پات تەكشۈرۈپ تۇرۇش.

(4) باللىرىنىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى ۋە قوشنىلىرىنى ئېنىق بىلىش، شۇنداقلا باللىرىنى ئەخلاقسىز، يامان، بولۇپمۇ ، بەڭگى باللارغا قەتئىي ئارىلاشتۇرماسلىق.

(5) باللىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئەھۋالىنى مۇئەللىملىرىدىن ۋە ئىشەنچلىك ساۋاقداشلىرىدىن ھەمىشە ئىگىلەپ تۇرۇش.

(6) تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلارغا باللىرىنى ئېلىپ بارماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ يالغۇز بېرىشىغىمۇ يول قويماسلىق.

(7) ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى باللىرىنىڭ يېنىدا تاماكا چەكمەسلىك، ئۆيدە تاماكا ساقلىماسلىق.

(8) بالىلىرىنىڭ بىرەر قېتىم تاماكا چەككەنلىكىنى، ياكى بەڭگى باللارغا ئارىلاشقانلىقىنى ئاڭلىغان هامان بالىلىرىنى قانائەتلىنەرلىك ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئاگاهلاندۇرۇش، قايتا قىلماسلىقنى ۋەدە ئېلىشى ۋە ھەمىشە ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇش.

(9) بالىلىرىنىڭ يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالماسلىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق پەرزەنت بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھقا سىغىنىپ ھەر دائىم دۇئا قىلىش.

(10) تاماكا، ھاراق، خېروئىن، نەشە ۋە باشقا زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ خەتىرىدىن بالىلىرىنى ھەمىشە ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇش.

(11) ناۋادا، ئائىلە چوڭلىرىدىن بىرەرسىنىڭ تاماكا چېكىدىغان يامان ئادىتى بولسا، شۇ سەبى پەرزەنتلەرنىڭ يۈز-خاتىرىسى ۋە ئۇلارنىڭ پاك-پاكىز تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن بۇ ئادىتىنى قەتئىي تاشلىشى لازىم.

پەرزەنتلىرىنى راستتىنلا ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ ئىسيانكارلىقىنى يېڭىدۇ ۋە گۇناھ-مەسىيەتتىن ئالىدىغان ۋاقىتلىق لەززەتنى پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىدۇ. خەلقىمىزدە «قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. دۇنيادا ھەر قانداق بىر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. پەرزەنتلەر مەيلى قانچىلىك چوڭ بەدەل بولسىمۇ، ئەلۋەتتە تۆلەشكە ئەرزىيدۇ.

## تاماكا ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتۇر

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان رەسمىي ئىستاتىستىكىلىق دوكلاتىدا مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان: ــ«دۇنيادا

يىلىغا تاماكا سەۋەبىلىك ئىككى يېرىم مىليون ئادەم ئۆلىدۇ. بۇ سان 1945- يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى، ياپونىيەنىڭ خىروشىما ۋە ناگاساكى شەھەرلىرىگە ئاتوم بومبىسى تاشلىغاندا ئۆلگەن ئادەم سانىدىن تەخمىنەن 10 ھەسسە ئارتۇق. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئاتوم زەربىسى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 250 مىڭ ئادەم ئىدى. دۇنيادا ئەيدىز كېسىلى تارقالغاندىن كېيىن 1981- يىلدىن 1992- يىلنىڭ ئاخىرىغىچىلىك بولغان 12 يىلغا يېقىن ۋاقىت مابەينىدە، ئەيدىز كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى دۇنيا بويىچە 250 مىڭدىن ئازراق ئاشىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دۇنيادا تاماكا سەۋەبىدىن بىر يىل ئىچىدە ئۆلىدىغان ئادەم سانى ياپونىيەگە تاشلانغان ئاتومدا ئۆلگەن، ئەيدىز كېسىلى سەۋەبىلىك 12 يىل ئىچىدە ئۆلگەن ئادەم سانىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولماقتا».

## تاماكا چېكىشتىن ساقلىنىش چارىلىرى

تۆۋەندىكى چارە-تەدبىرلەر تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن:

(1) تاماكا چېكىدىغانلار بىلەن ئىمكان قەدەر ئارىلاشماسلىق. ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن چارىسىز ئارىلىشىشقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ، تاماكىغا سەلبىي نەزەر بىلەن قاراش، ئۇنى خەتەرلىك بىر ئاپەت ياكى ئالۋاستى دەپ تونۇش ۋە شۇنداق مۇئامىلە قىلىش.

(2) ئۆگىنىپ قالمايمەن، دېگەن ئىشەنچ بىلەن بىر-ئىككى قېتىم چېكىپ بېقىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش.

(3) تاماكىغا زورلىغۇچىلارغا قەتئىي بوي ئەگمەسلىك ۋە شۇنداق ئەھۋالغا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىقنىڭ چارىسىنى قىلىش.

(4) تاماكا چېكىدىغانلار بار سورۇنلاردىن مۇمكىن قەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇش. ئامالسىز قاتنىشىپ قالغاندىمۇ، بەڭگىلەردىن يىراقراق ئولتۇرۇش.

(5) سىزگە تاماكا سۇنغان كىشى ھەر قانچە يېقىن كىشىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلماستىن قەتئىي رەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، كېيىنكى پۇشايمان سىزگە پايدا بەرمەيدۇ.

# نەسىھەت بىلەن تەربىيەلەش

نەسىھەت كۆڭۈلنى يۇمشىتىدىغان، ۋىجداننى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، ئەقىلنى قايىل قىلىدىغان تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن مۇددىئانى قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىشىش دېگەنلىكتۇر.

نەسىھەتنى تەربىيە ئۇسۇللىرى قاتارىدا قوللىنىشتىن مەقسەت تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئويغىتىش، ۋىجداننى ھەرىكەتكە سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قوبۇل قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قەلبىگە گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى يەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

نەسىھەت قىلغۇچى ئاتا، ياكى ئانا، ياكى مۇئەللىم قىلغان نەسىھەتلىرىدە قانچىلىك ئىخلاسلىق، قانچىلىك ئەمەلىيەتچان ۋە قانچىلىك سەممىي بولسا، ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى شۇنچىلىك تەسىرلىك ۋە شۇنچىلىك ئۈنۈملۈك بولىدۇ. چۈنكى چىن يۈرەكتىن چىققان سۆز چوقۇم يۈرەككە يېتىپ بارىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدۇ. ئەمما ئېغىزدىنلا چىققان سۆز قۇلاقتىلا قېلىپ، قەلبكە ئۆتمەيدۇ، شۇڭا تەسىرى بولمايدۇ.

ئۆگىتىش بىلەن نەسىھەت قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ئۆگىتىش بىرەر ئىشنى قىلىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇ ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن چەكلىنىدۇ. ئەمما نەسىھەت قىلىش بىرەر ئىشنى قوبۇل قىلدۇرۇش، ياكى بىرەر پىكىرنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ۋىجدانغا خىتاب قىلىش، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بولىدۇ.

يولــدا قىلىنغــان نەســىھەتنىڭ ئادەمنىــڭ ئىچكــى دۇنياســىغا كۆرسـىتىدىغان تەسـىرى ناھــايىتى چــوڭ بولــىدۇ. شـۇڭا نەسـىھەت تەربىيەنىڭ ئەڭ تەسىرلىك ئۇسۇللىرىدىن بىرى سانىلىدۇ.

نەســىھەتنىڭ پايدىســى چوڭــدۇر. ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامغا خىتــاب قىلىــپ: ﴿ وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنْفَعُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنــى﴿ۋەز-نەســىھەت قىلغىــن. چــۈنكى ۋەز-نەســىھەت مــۇئمىنلەرگە پايــدىلىقتۇر﴾[1] دېــگەن. نەســىھەت چــوڭلار ئۈچــۈنمۇ پايــدىلىق بولغــان يەردە، گۇناھســىز، قەلبــى ئاپئــاق قۇنــدۇزدەك بولغــان باللار ئۈچۈن ئەلـۋەتتە پايـدىلىقتۇر. شەكسىزكى، نەسـىھەتنىڭ باللارغا بولغان تەسىرى چوڭدۇر.

## قۇرئان كەرىم ۋەز-نەسىھەتلەر بىلەن تولغان:

﴿وَعِظْهُمْ وَقُلْ لَهُمْ فِي أَنْفُسِهِمْ قَوْلًا بَلِيغًا﴾ يەنــى﴿ئۇلارغــا نەســىھەت قىلغىن، ئۇلارغا ئۆزلىرى توغرۇلۇق تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن﴾[2]

﴿وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ يەنــى﴿ئــۆز ۋاقتىــدا لوقمــان (ھەكىــم) ئوغلىغــا نەســىھەت قىلىــپ: «ئــى ئوغــۇلچىقىم، ئاللاھقــا شــېرىك كەلتــۈرمىگىن، شــېرىك كەلتــۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ ھەقسىزلىقتۇر» دېدى ﴾[3]

(1) 51- سۈرە زارىيات 55- ئايەت.

(2) 4- سۈرە نىسا 63- ئايەت.

(3) 31- سۈرە لوقمان 13- ئايەت.

﴿هَذَا بَيَانٌ لِلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ لِلْمُتَّقِينَ﴾ يەنى﴿بۇ (قۇرئان) پۈتۈن ئىنسانىيەتكە باياندۇر، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە نەسىھەتتۇر﴾[1]

**نەسىھەت ئادەمنى ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە**

ۋەز-نەسىھەتنىڭ قىممىتىنى ئادەتتىكى ساناشقا قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ۋەز-نەسىھەت بىر ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى باشقا بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدۇ. ۋەز-نەسىھەتنىڭ تەسىرى بىلەن ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمان بولغانلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر نۇرغۇن. چۈنكى چىن يۈرەكتىن قىلىنغان سەمىمىي نەسىھەت چوقۇم يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ ۋە ئادەمدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

ئەمدى نەسىھەتنى قانداق قىلىش كېرەك؟

**نەسىھەت قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى**

1. سىلىق ۋە يۇمشاق نەسىھەت قىلىش

ئۆلىمالاردىن بىرى ئىسلام خەلىپىلىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «مەن سىلىگە قوپالراق سۆز بىلەن بىر نەسىھەت قىلىپ قويماقچىمەن» دېگەندە، خەلىپە ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىم، قانداقلارچە سىز ماڭا قوپال نەسىھەت قىلماقچى بولۇپ قالدىڭىز؟ ئاللاھ تائالا سىزنىڭدىن ياخشى بىرىنى مېنىڭدىنمۇ يامان بىرىگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق نەسىھەت قىلىشقا بۇيرۇغان. سىز ئاللاھ تائالانىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى پىرئەۋنگە ئەۋەتىپ: ﴿فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَيِّنًا لَعَلَّهُ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَى﴾ يەنى﴿ ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار، ئۇ ۋەز - نەسىھەتنى

---

(1) 3- سۈرە ئال ئىمران 138- ئايەت.

قوبۇل قىلىشى، ياكى (ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن ﴾[1] دەپ ئەمر قىلغانلىقنى بىلمەمسىز؟ سىز مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەمەس، مەنمۇ پىرئەۋن ئەمەسقۇ» دېگەن ئىكەن.

نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ نىيىتى قانچىلىك خالىس بولغان تەقدىردىمۇ، قاتتىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەخلاقتا ئەڭ كامىل، ئەڭ شەپقەتلىك، ئەڭ مەرھەمەتلىك، ئەڭ ئالىم، ئەڭ ماھىر ناتىق، ئەڭ تەقۋا زات ئىدى. ئۇ ھېچقاچان قاتتىق ۋە قوپال سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلمايتتى.

ھەسسان ئىبن سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيەلەپ مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

وَأَحْسَنَ مِنْكَ لَمْ تَرَ قَطْ عَيْنٌ وَأَجْمَلُ مِنْكَ لَمْ تَلِدْ النِّسَآءُ

خُلِقْتَ مُبَرَّءاً مِنْ كُلِّ عَيْبٍ كَأَنَّكَ قَدْ خُلِقْتَ كَمَا تَشَآءُ

تەرجىمىسى:

سەندىن ئېسىلىنى كۆرگەن ئەمەس كۆز،
ئاياللار تۇغمىدى سەندىن گۈزەلنى.
ھېچبىر ئەيىبسىز، ساپساق تۆرەلدىڭ،
گويا خەلق ئەتتىڭ شۇنداق ئۆزۈڭنى.

(1) 20ـ سۈرە تاھا 44ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ ﴾ يەنى﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى﴾[1] دېگەن.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋزەل ئەمەسمىز، ئۇنىڭدىن ئەخلاقلىقمۇ ئەمەسمىز. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە قاتتىقلىق قىلىمىز؟

## مەسجىدكە تەرەت قىلغان ئادەمنىڭ قىسسىسى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، شۇ پەيتتە سەھرالىق بىر ئادەم مەسجىدكە كىرىپ كىچىك تەرەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇنى كۆرگەن ساھابىلەر كۈتۈلمىگەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «توختاڭلار! ئۇ ئادەمنى ئالدىراتماڭلار، سۈيدۈكنى قىسۋالمىسۇن» دەپ ئۇلارنى پەس قىلىدۇ. ئاندىن ھېلىقى ئادەم تەرىتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «بۇ مەسجىدلەر تەرەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان» دەپ چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىدۇ. ھېلىقى ئادەم ئەتراپتىكىلەرنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ كېتىپ، سۆز قىلماستىن مەسجىدتىن چىقىپ كېتىدۇ. نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە بۇ ئادەم مەسجىدكە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن

---

(1) 3- سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەت.

تــۇرۇپ «ســەمىئەللاھۇ لــىمەن ھەمىــدەھ» دېگىنىــدە ھەممــە جامــائەت بىـرلىكتە «رەببەنـا ۋەلەكەلھەمـدۇ» دەيـدۇ. پەقەت ھېلىقـى ئـادەم ئۈنلـۈك ئـــاۋازدا "ئـــى ئـــاللاھ! ماڭـــا ۋە مـــۇھەممەدكە رەھـــم قىلغـــىن، بىـــز ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىمگە رەھىم قىلمىغىن"دەپ دۇئـا قىلـدۇ. نامـاز تۈگىگەنـدىن كېـيىن، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام جامـائەتكە يۈزلىنىـپ، ھېلىقـى دۇئـانى كىمنىـڭ قىلغـانلىقىنى سـورايدۇ. ئـۇ ئـادەم "مەن" دەپ ئالــدىغا چىقىــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام ئۇنىڭغــا: «ئاللاھنىــڭ كەڭ رەھمىتىنى تار قىلىۋالدىڭغۇ»[1] دەيدۇ.

ھەدىســتىن مەلــۇمكى، مەســجىدكە تەرەت قىلغــان ســەھرالىق بىــر ئادەمنىــڭ قەلبىنــى پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام چىرايلىــق نەســىھەتى ۋە چەكسىز مېھرىبانلىقى بىـلەن ئاچقـان ۋە ئۇنىـڭ قەلبىگە كىرىـپ ئۇنىـڭ شۇنداق چەكسىز سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولغان.

## نامازدا سۆز قىلغان ئادەمنىڭ قىسسىسى

مۇئـاۋىيە ئىـبن ھەكەم رەزىيەللاھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: بىـر كـۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇۋاتـاتتىم. جامائەتلەردىن بىـرى چۈشــكۈرىۋىدى، مەن يــۇقىرى ئــاۋاز بىــلەن «يەرھەمــۇكەللاھ» دېــدىم، كىشــىلەر ماڭــا كــۆزلىرى بىــلەن ئالايــدى، مەن ئۇلارغــا: نــېمە بولــدى؟ ھەممىڭـلار ماڭـا ئالىيىـپ قارايسـىلەرغۇ، دېـدىم. ئانـدىن ئـۇلار قـوللىرى بىــلەن تىزلىرىغــا ئــۇرۇپ مېنــى ســۆز قىلىشــتىن توختىتىشــقا تىرىشــتى. مەنمـۇ جىـم بولـدۇم. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام نامـازنى تۈگەتكەنـدىن كېـيىن، ماڭـا ئاچچىقلانمـدى يـاكى مېنـى سـىلكىمىدى. مەن ئۇنىڭـدەك

---

(1) ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 285- ھەدىسى.

ئالىيجانــاب بىــرەر تەربىيەچىنــى بۇرۇنمــۇ ۋە كېيىنمــۇ ھــېچ كــۆرۈپ باقمــدىم، ئــۇ ماڭــا: «نامــازدا تەســبىھ، تەكبىــر ئېيــتىش ۋە قــرائەت قىلىشتىن باشقا سۆز قىلسا بولمايدۇ»[1] دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەنە شۇنداق سىلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن نەســىھەت قىلىــش ئــارقىلىق كىشــلەرنىڭ قەلبىــدىن ئــورۇن ئــالاتتى، كۆڭلىنى يۇمشىتاتتى.

2. قايىل قىلىش بىلەن نەسىھەت قىلىش

نەسىھەت قىلغۇچى چوقۇم كىشىلەرنى قايىــل قىلىــدىغان ئۇســۇللارنى قوللىنىشــى لازىــم. چــۈنكى ئــاڭلىغۇچىلار ئۇنىــڭ نەســىھەتلىرىگە قايىــل بولمىسا، ئــۇنى قوبــۇل قىلمايــدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالام بــۇ ھەقتىمــۇ بىزگە ئەڭ ئېسىل ئۈلگىلەرنى بەرگەن.

بىـــر كـــۈنى پەيغەمـــبەر ئەلەيهىسســـالامنىڭ يېنىغـــا قـــۇرەيش قەبىلىســىدىن بىــر يــاش كېلىــپ، ئۇنىڭــدىن زىنــا قىلىشــقا رۇخســەت قىلىشــىنى ســورايدۇ. ئەتراپتــا ئولتۇرغانلارنىــڭ ئــاچچىقى كېلىــدۇ. ئەممــا پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالام ئــۇلارنى توختىتىــپ، ھېلىقــى ياشــنى يېنىغــا چاقىرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن: «ئاناڭنىــڭ زىنــا قىلىشــىنى ياقتۇرامســەن؟» دەپ سورايدۇ. يــاش: «يــاق ئەلــۋەتتە» دەپ جــاۋاب بېرىــدۇ. ئانــدىن پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســـالام: «دۇنيـــادا ھـــېچكىم ئانىســـىنىڭ زىنـــا قىلىشـــىنى ياقتۇرمايــدۇ. ئۇنــداقتا، بــۇ ئىشــنى قىزىــڭ ئۈچــۈن ياقتۇرامســەن؟» دەپ ســـورايدۇ. يـــاش: « يـــاق» دەپ جـــاۋاب بېرىـــدۇ. ئانـــدىن پەيغەمـــبەر ئەلەيهىسسالام : «ھــېچكىم قىزلىــرى ئۈچــۈن ئــۇنى ياقتۇرمايــدۇ. ئۇنــداقتا

(1) ئىمام مۇسلىمنىڭ«صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 537ـ ھەدىسى.

ئاچا-سىڭىللىرىڭ ئۈچۈن ياقتۇرامسەن؟ تاغا ئاچىلىرىڭ ئۈچۈن ياقتۇرامسەن؟» دېگەن سوئاللارنى سوراپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ياشنىڭ مەيدىسىگە مۇبارەك قولىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئاللاھ! بۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن، قەلبىنى پاكلىغىن، ئۇنى ھارامدىن ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياش ھارامغا قەتئىي قارىمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.[1]

ھەدىستە كۆرگىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ياشقا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قايىل قىلغان ۋە ھارامدىن ساقلاپ قالغان.

3. رەسۋا قىلماستىن نەسىھەت قىلىش

نەسىھەت قىلغۇچىلارنىڭ بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، بىراۋنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىش بېرىش ئاساسىدا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماقچى بولغان ئادەم چوقۇم ئۇنىڭغا كىشىلەر جىق يەردە نەسىھەت قىلماستىن، بەلكى يالغۇز يەردە نەسىھەت قىلىشى لازىم. ئەگەر مۇنداق قىلمىغاندا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىش ئەمەس، ئۇنى رەسۋا قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن تۈزىتىش ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە سەلبىي نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنىڭ ئەيىبىنى ئاچمىغان ۋە ھېچكىمنىڭ خاتالىقىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىگە سالمىغان.

ۋەز-نەسىھەت كىشىلەرگە سوئال قويۇش، مىساللارنى كەلتۈرۈش ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەنمۇ

(1) ئىمام ئەھمەدنىڭ «مسند الإمام أحمد» (مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 22265- ھەدىسى.

بولىدۇ. ۋەزىنەسىھەتنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىلىنىشى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زېھنىنى ئېچىش، ئەقلىنى ئويغىتىش ۋە چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە ئۈنۈم بېرىدۇ.

# ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن تەربىيەلەش

دۇنيا ھاياتى تۈرلۈك مۇسىبەتلەردىن، ھادىسىلەردىن، قۇربان بېرىشلەردىن ۋە ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. ئەقىللىق تەربىيەچى مۇشۇنداق ئەھۋاللاردىن پايدىلىپ، نەپسنى پاكلاش، روھنى ئۇرغۇتۇش ئىشلىرىنى قولدىن بەرمەيدۇ.

چۈنكى مۇنداق ۋاقىتلاردىكى تەربىيەنىڭ تەربىيە ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، مۇسىبەتلىك ياكى دەرد-ئەلەملىك كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ قەلبى يۇمشاپ قالىدۇ، ئۇلاردا ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ. مۇنداق ۋاقىتتا قىلىنغان تەربىيەنى ۋە نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. تەربىيەچى ۋەقەلىكلەرنى ئۆزى يارىتالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ نەسىھەتلىرىنى قىلىۋالالايدۇ، خالاس.

مۇسىبەتلىك ۋە دەرد-ئەلەملىك ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر ۋەقەلىك ۋە ئۆزگىرىشلەردىن پايدىلىنىپ دىنني ھەقىقەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە تەربىيە قىلىش ئالاھىدە ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا تاغىسىنىڭ ئوغلى فەزل ئىبن ئابباسنى مىندۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەسىلە سورىغىلى كەلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياشىنىپ قالغان ئاتىسى ئۈچۈن ھەج پەرزىنى ئادا

قىلىپ قويسام بولامدۇ؟ دېگەن مەنىدە سوئال سورىغىنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بولىدۇ، ئاتىڭىز ئۈچۈن ھەج قىلىڭ» دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئايالغا ئىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋاتقان فەزلنىڭ بېشىنى مۇلايىملىق بىلەن باشقا ياققا بۇراپ قويدى. ئاببــاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بوينىنى بۇراپ قويغانلىقىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ياش يىگىت بىلەن بىر ياش قىزنى كۆرۈۋىدىم، ئۇلارغا نىسبەتەن شەيتاندىن خاتىرجەم بولالمىدىم»[1] دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئاددىي بىر ۋەقەلىكتىن پايدىلىنىپ، نامەھرەمگە ئىكىلىپ قاراشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت شەرئىيەت ھۆكۈمىنى ئۆگەتكەن.

قىسقىسى، ئاتا-ئانا، ياكى مۇئەللىم، ياكى ھەر قانداق بىر تەربىيەچى قولغا كەلگەن پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشى لازىم. ھەتتا ئانا بالىسى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا تېلېۋىزوردىكى ئەدەپ-ئەخلاققا تەسىر يەتكۈزىدىغان كۆرۈنۈشلەرگە ۋە شۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى بېرىدىغان قاناللارغا قارىماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرەلەيدۇ.

ئاتا بازاردا سودا-سېتىق قىلىدىغانلاردىن سەممىي مۇلازىمەت قىلمايدىغانلارنى كۆرگىنىدە، بالىسىغا مۇنداق قىلىشنىڭ ئىسلام ئەخلاقىدىن نېسىۋە ئالالمىغان ئادەملەرنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى

(1) بەيھەقىنىڭ«السنن الكبرى» (سۈنەنى كۇبرا) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 13290- ھەدىسى.

چۈشەندۈرۈپ، راستچىل، دۇرۇس ۋە سەممىي بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە تەربىيە بېرەلەيدۇ.

مەسىلەن: ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن بىرەرسى ۋاپات بولغان مۇسىبەتلىك كۈنلەردە، ئاتا-ئانا بالىغا ئۆلۈم دېگەننىڭ پەقەتلا بىر يوقىلىش ئەمەس، بەلكى بۇ پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە يۆتكىلىش سەپىرى ئىكەنلىكىنى، ئاخىرەتتە بەختلىك بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تائەت-ئىبادەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىپ بېرىش ئارقىلىقمۇ تەربىيە بېرەلەيدۇ. دېمەك، تۇرمۇشىمىزدىكى ھەر كۈن ۋە ھەر سائەتتە تەربىيە قىلىش پۇرسەتلىرى تېپىلىپ تۇرىدۇ.

تەربىيەگە ئالاقىدار بولغىنى بۇ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىشتۇر. ئەقىللىك تەربىيەچى ھېچبىر پۇرسەتنى بىكارغا كەتكۈزىۋەتمەيدۇ، تەربىيەگە پايدىلىق بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىدۇ.

# قىسسىلەر بىلەن تەربىيەلەش

## قىسسىلەرنىڭ تەسىر كۈچى

قىسسە ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ داۋامىغا قىزىقىپ ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى قىسسىدە ئىنسانىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىۋالىدىغان ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۈچ بولۇپ، چوڭ-كىچىك ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە باغلىۋالىدۇ. قىسسىلەر ئارقىلىق تەربىيەلەش تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم بۇ ئۇسۇلنى كۆپ قوللانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كۆپلىگەن گۈزەل ئەخلاق ئۈلگىلىرىنى قىسسىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرگەن.

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى ئىبرەت ۋە دەرس سۈپىتىدە تەرىپلەپ: ﴿لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِأُولِي الْأَلْبَابِ﴾يەنى﴿ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾ [1] دېگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿فَاقْصُصِ الْقَصَصَ لَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى﴿ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا قىسسىلەرنى بايان قىلىپ بەرگىن﴾[2] دەپ ئەمر قىلغان.

## قىسسىلەردىن تەسىرات ئېلىشنىڭ يولى

قىسسىلەردىن تەربىيە جەھەتتىن تەسىرات ئېلىش مۇنداق ئىككى خىل يول بىلەن بولىدۇ:

---

(1) 12- سۈرە يۇسۇف 111- ئايەت.

(2) 7- سۈرە ئەئراف 176- ئايەت.

1. قىسسىدىكى شەخسلەرگە ۋىجدانىي تەرەپتىن قوشۇلۇش بولۇپ، قىسسىنى ئاڭلىغۇچىلار سۆزلىگۈچىگە ئەگىشىپ ۋىجدانىي تەرەپتىن قىسسىگە ئىشتىراك قىلىدۇ. قىسسىدىكى ئىجابىي شەخسلەرگە ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. قىسسىدىكىلەر بىلەن بىرگە خۇشال بولىدۇ ۋە بىرگە قايغۇرىدۇ.

2. قىسسىنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى قىسسىدىكى شەخسلەرنىڭ ئورنىغا قويۇشى بولۇپ، قىسسىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ. قىسسىنىڭ قەھرىمانى ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىقىنى كۆرسەتكەن چاغلاردا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇش، ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك قەھرىمانلىق كۆرسىتىش ئارزۇسى قوزغىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشتىراك قىلىش ۋە بىرگە بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى قات تەسىر قىسسىنى ئاڭلىغۇچىلار، ياكى ئۇنى ئوقۇغۇچىلاردا چوقۇم ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**بالىلارنى قىسسە ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش**

بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپلا قىسسىلەرنى ئوقۇپ بېرىش، ئۇلار خەت ئوقۇيالىغۇدەك بولغاندا ئۆزلىرىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم ئىشتۇر. ئۇلارغا ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەرنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى، ئۇلارنىڭ غازاتلىرىنى، ساھابىلارنىڭ قىسسىلىرىنى ناھايىتى ئاسان ۋە چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبتا ئوقۇپ بېرىشنىڭ تەربىيە جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭدۇر.

قىسسە ئوقۇپ بېرىش جەريانىدا بالىغا سوئاللارنى قويۇش، قانداق تەسىرات ئالغانلىقىنى سوراش، چۈشەنمىگەن يەرلىرىنى قايتا ئوقۇپ

بېرىش، قىسسىلەرنىڭ قەھرىمانلىرىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە قىسسىدىكى جەريان بىلەن رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئىنتايىن ياخشى.

بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ئۈندەشتە ئاتا-ئانىلار ئەمەلىيەتچان بولۇشى ۋە ئۆزلىرىمۇ بالىلارنىڭ ئالدىدا كۆپرەك كىتاب ئوقۇشى لازىم. ئەكسىچە، سىز ئۆزىڭىز تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، بالىڭىزنى كىتاب ئوقۇشقا، ياكى ئۆگىنىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرسىڭىز ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئەگەر سىز كىتاب ئوقۇشنى بىلمىسىڭىزمۇ بالىڭىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرسىڭىزمۇ بالىنى رىغبەتلەندۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا بىر خىل تەشەببۇسكارلىق قىلغان بولىسىز.

كىتاب ئوقۇشنى تېخى ئۆگەنمىگەن كىچىك بالىلارغا ياتىدىغان ۋاقتىدا، ئاتا-ئانىنىڭ نۆۋەتلىشىپ بولسىمۇ ھەر ئاخشىمى قىسسە ئوقۇپ بېرىشى بالىنىڭ تەپەككۇر قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. مۇندىن باشقا ئۇلارنىڭ تېزرەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

# كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەش

كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەش — ئاتا-ئانىنىڭ ياكى ھەر قانداق بىر تەربىيەچىنىڭ بالىلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغا داۋاملىق ناھايىتى ھوشيار، سەگەك، ئويغاق تۇرۇپ ۋە دىققەت قىلىپ تۇرۇپ، تەربىيەلەپ چىقىشى دېگەنلىكتۇر.

بالىلارنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ، ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇش، كېرەكلىك مەلۇماتلارنى بېرىپ، نەسىھەتلەرنى قىلىپ تۇرۇش، ئاندىن ئۇلار نەسىھەت بويىچە ئىش كۆرۈۋاتامدۇ-يوق؟ بۇنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ياخشى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلاش، يامان قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئەدەپلەش ھەر قانداق بىر ئاتا-ئانىنىڭ ۋە تەربىيەچىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىدۇر.

غەلىبىلىك تەربىيە بالىلارغا نەسىھەت قىلىش ۋە ياخشى ئىشلاردا ئۈلگە بولۇش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بەلكى ئىنتايىن سەگەكلىك بىلەن بالىلارنى كۆزىتىش ۋە تەربىيەنى قوبۇل قىلدىمۇ ياكى قىلمىدىمۇ؟ بۇنى بىلىپ تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەش ئۇسۇلى ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاتا-ئانا ياكى تەربىيەچى بالىلارنىڭ ئېتىقادىي، ئەخلاقىي، پسىخىكىسى، تەن سالامەتلىكى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئىبادەتكە بولغان قىزغىنلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىم. بۇنىڭدىن مەقسەت بالىلارنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

ئەھۋال بولىداق ئىكەن، ئاتا-ئانا باللىرىنى مىكروسكوپنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۇنىڭ جىمى ھەرىكەتلىرىنى ۋە سۆكۈناتلىرىنى، گەپ-سۆزلىرىنى، پىكىر-قاراشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى لازىم.

باللارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىن غەپلەتتە قېلىش، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاددىي خاتالىقلىرى بولسىمۇ كۆز يۇمۇش، باللارنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىگە ۋە يامان يوللارغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. پۇرسەت كېتىپ قالغاندا قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

باللاردا كۆرۈلگەن چوڭ-كىچىك ھەرقانداق بىر خاتالىقنى، ياكى يامان ئادەتنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ تۇرمىغاندا، كېيىن ئىسلاھ قىلىش قىيىن بولىدۇ، ھەتتا مۇمكىن بولمايدىغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردا: «كۆچەتنى كىچىك ۋاقتىدا خالىغان تەرەپكە ئەگكىلى بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار.

كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەش ئۇسۇلى ئاتا-ئانىلاردىن ۋە ھەر قانداق بىر تەربىيەچىدىن كۆپ تىرىشچانلىق، سەگەكلىك ۋە ھوشيارلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر ئۇسۇل بولۇپ، كېچە-كۈندۈز ھەمىشە شۇنداق نازارەت قىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىلار كېيىنچە بۇ جاپالارنىڭ مېۋىسىنى كۆرگىنىدە خۇشاللىقنى باسالماي قالىدۇ، تارتقان جاپالىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ ۋە چىن قەلبىدىن «ئاللاھقا شۈكرى» دەيدۇ.

تەربىيە مەسىلىسىگە دائىر ئېلىپ بېرىلغان ئىستاتىستىكىلار ۋە تەتقىقاتلار« ئاتا-ئانىنىڭ باللىرىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن غەپلەتتە قېلىشى باللارنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبىدۇر»دېگەن يەكۈننى چىقارغان. قانچىلىغان باللار ئاتا-

ئانىلارنىــڭ بىپەرۋالىقــى ۋە مەسئۇلىيەتســىزلىكى ســەۋەبىدىن قايتىشــقا بولمايــدىغان خەتەرلىــك يوللارغــا كىرىــپ قالغــان. تاماكــا، زەھەر، هــاراق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، زىنا-پاهىشە قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

**پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆزىتىشىدىن ئۆرنەكلەر**

ئىنســانىيەتنىڭ ئىپتىخــارلىق ئۈلگىســى ۋە يېگــانە تەربىــيە ئۇســتازى هەزرىتــى مــۇهەممەد ئەلەيهىســسالام ئــۈممىتىمگە بــۇ مــاۋزۇدىمۇ يېتەرلىــك ئـــۆرنەكلەرنى بەرگەن. پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـسالام ســـاهابىلىرىنىڭ ئەهــۋالىنى كۆزىتىــپ، ســوراپ ۋە بىلىــپ تــۇراتتى. كەمچىلىــك ســادىر قىلغانلارغــا ســىلىق تــۈزىتىش بېرەتتــى، مــۇكەممەل ئىــش قىلغــانلارنى ماختــاپ روهلانــدۇراتتى، يوقسۇللارنىڭ هالــدىن خەۋەر ئېلىــپ تــۇراتتى، يېتىملەرنىــڭ بېشــىنى ســىلايتتى. بالىلارغــا ئەڭ مــۇلايىم ئۇســۇل بىــلەن تەربىيە بېرەتتى، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى.

پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ ســۆهبىتىگە چــوڭ-كىچىــك هەمــمە بـــىردەك قىزىقــاتتى. ئۇنىــڭ يېنىغــا كەلــگەن ۋە ســۆهبىتىگە ئىشــتىراك قىلغــان هەر قانــداق ئــادەم ئــۆزىنى پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ ئەڭ يـــېقىن ئـــادىمى دەپ هـــېس قىلاتتـــى. چـــۈنكى ئـــۇنى پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـسالامنىڭ خــۇش مۇئامىلىســى، يېقىملىــق ســۆهبىتى شــۇنداق هالەتكە كەلتۈرۈپ قوياتتى.

پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام بالىلارنىــڭ سەۋىيەســىگە چۈشــۈپ تــۇرۇپ ئۇلارنىــڭ كــۆڭلىنى ئاچــاتتى، ئــۇلار بىــلەن ئوينــايتتى. شــۇنىڭ بىــلەن بـــالىلار پەيغەمـــبەر ئەلەيهىســـسالامنى ئۆزلىرىنىـــڭ دوســـتى ۋە ئەڭ كۆيۈمچــان كىشىســى دەپ بىلەتتــى. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام يولــدا يۈرگىنىــدە بــالىلارنى كــۆرۈپ قالســا، ئۇلارغــا ئــاۋۋال ســالام بېرەتتــى ۋە

ئەھۋالىنى سورايتتى. ئۇلارنى كىچىك باللار دەپ قارىماستىن، بەلكى چوڭلارغا كۆرسەتكەن ھۆرمەتنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا باللارمۇ ئۇنى خۇددى ئاتا-ئانىلىرىنى سۆيگەندەك، ھەتتا ئاتا-ئانىسىدىنمۇ ئارتۇق سۆيەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ۋايىغا يەتكەن ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتى ئارقىسىدا، چوڭ-كىچىك ھەممىنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن ياشىغانلىقتىن، ئۇ چارەك ئەسىرگىمۇ يەتمەيدىغان قىسقىغىنا بىر ۋاقىت (يەنى23 يىل) ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام نۇرىنى پارلاتقان ئىدى. مانا بۇ ھەقىقىي غەلىبە ۋە ھەقىقىي ئۇتۇقتۇر.

تۆۋەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى كۆزىتىش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەش نەمۇنىلىرىدىن بىر قانچىسىنى نەقىل قىلىمىز:

## يولنىڭ ھەققىنى بېرىشنى ئۆگىتىش

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا ۋەز-نەسىھەت قىلىپ: «سىلەر يوللاردا ئولتۇرماڭلار» دېيىدى، ساھابىلەر: يارەسۇلۇللاھ! بىز يول بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىمىز، مۇندىن باشقا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان يېرىمىز يوق، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنداق بولسا، يولنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: يارەسۇلۇللاھ! يولنىڭ ھەققى دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «يولنىڭ ھەققى ـ نامەھرەمگە قارىماسلىق، يولدىن ئۆتكەنلەرگە ئەزىيەت بەرمەسلىك، سالامنى قايتۇرۇش ۋە

كىشىلەرنى ياخشىلىقا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش»[1] دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ھايات ئاددىي ئىدى. زامانىمىزدىكىدەك كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىدىغان ۋە پاراڭلىرىنى قىلىشىدىغان قەھۋەخانىلار، رېستورانلار ۋە كۇلۇبلار يوق ئىدى. شۇڭا كىشىلەر يوللاردا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ئولتۇرۇشىنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، دەسلەپتە ئۇلارنى يوللاردا ئولتۇرۇشتىن توسقان. ئەمما ساھابىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق ئولتۇرۇشلارغا بولغان ئېھتىياجلىرىنى چۈشەندۈرگىنىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يوللاردا ئولتۇرۇشنىڭ ئەدەپ ۋە قائىدىلىرىنى ئۆگەتكەن.

بۇ باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي تەربىيە بولۇپ، بىز بۇ تەربىيەنىڭ سايىسىدا، باللىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە ئۇلارنى توغرا ئىشلارغا يۈزلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالالايمىز.

مەسىلەن: بالىڭىز ئىشىكنى قاتتىق قاقسا ۋە ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇۋالسا، سىز ئۇنىڭغا: ئى ئوغلۇم! مۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن ئەخلاق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئىشىكنى سىلىق قاقىن، ئاندىن ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتكىن، قانداقلا بىر ئىشىكنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق قاقمىغىن، دەپ تەربىيە قىلالايمىز. باشقا ئەھۋاللارنىمۇ بۇنىڭغا قىياس قىلساق بولىدۇ.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 2333- ھەدىس، «صحيح مسلم» (سەھىھۇل مۇسلىم)دىكى 2121- ھەدىس.

## ھارامدىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىش

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى قولىدىن چىقىرىپ يەرگە تاشلىۋەتتى. ئاندىن: «سىلەر دوزاختىن بولغان چوغنى قولۇڭلارغا سېلىۋالامسىلەر؟»[1] دېدى.

مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ئىشلىتىشى ۋە يىپەكتىن كىيىم كىيىشى قەتئىي ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولىغا ئالتۇننى، سول قولىغا يىپەكنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ ئىككىسى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرى ئۈچۈن ھارام قىلىندى ۋە ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى»[2] دەپ جاكارلىغان.

ئالتۇن پەقەت ئاياللارنىڭ زىننەتلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان قىممەتلىك مەدەن. شۇڭا ئەرلەرنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان ئۈزۈكلەرنى سېلىشى، ئالتۇندىن كەمەر تاقىشى، ئالتۇندىن ياسالغان قاچىلاردا يەپ، ئىچىشى جائىز ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرگەن ھامان ئۇنى ھارامدىن ۋە دوزاختىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈزۈكىنى قولىدىن چىقىرىۋەتكەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆز ئالدىدا بىرەر ھارام ئىشنىڭ سادىر بولۇشىغا ھەرگىز تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

---

(1) ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2090- ھەدىسى.

(2) ئىبنى ماجەنىڭ «سنن إبن ماجة» (سۈنەنى ئىبنى ماجە) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 3595- ھەدىسى.

مەسىلەن: بالىلىرىمىزنىڭ ئىنتېرنېتتا ياكى تېلېۋىزوردا يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنىڭ رەسىملىرىگە، ياكى فىلىملىرىغا قاراۋاتقانلىقىنى، ياكى ئەدەپ ـ ئەخلاققا زىت كېلىدىغان قانداقلا بىر غەيرى نورمال ئەھۋالنى كۆرگىنىمىزدە، دەرھال ئۇنى توختىتىشىمىز ۋە چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىشىمىز لازىم.

شۇنىڭدەك، ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ تاماكا چېكىدىغان بالىلار بىلەن يۈرگەنلىكىنى بايقىغىنىدا، ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەستىن دەرھال بالىلىرىغا تاماكىنىڭ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەن سالامەتلىكى جەھەتتىكى زىيانلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ شەرئەتتە ھارام ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىشى ۋە تاماكا چېكىدىغان دوستلار بىلەن ئارىلاشماسلىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلىشى لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئاتا ـ ئانا بالىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى، ياكى ئائىلىدە بىرەرسىنىڭ يانچۇقىدىن سورىماستىن پۇل ئالغانلىقىنى بايقىغىنىدا، دەرھال ئۇنىڭغا مۇنداق قىلىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان، تەربىيە كۆرمىگەن بالىلارنىڭ قىلىقى ئىكەنلىكىنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى توختىتىشى ۋە بالىنىڭ بۇ ئىشنى قايتىلىماسلىقىغا ئۇنىڭدىن ۋەدە ئېلىشى لازىم.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى پەقەت كۆزىتىش بىلەنلا بولىدۇ. ناۋادا ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالسا، بالىلارنىڭ ئاددىي بىر كىچىك خاتالىقى ئاستا ـ ئاستا چوڭ جىنايەتلەر بىلەن خۇلاسىلىنىدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا جىمى بەندىلىرىنى بۇنىڭدىن ساقلىغاي!

## كىچىكلەرنى تەربىيە قىلىش

ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ ئەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىدە يۈرىدىغان كىچىك بىر بالا ئىدىم. بىر كۈنى تاماق يەۋېتىپ، قولۇم تاۋاقنىڭ ھەر تەرىپىگە كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ماڭا: «ئى بالام! ئاۋۋال بىسمىللاھ دېگىن، ئاندىن ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن يېگىن»[1] دەپ نەسىھەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە، كىچىك ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمەگە تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش، ئوڭ قول بىلەن يېيىش ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىشتىن ئىبارەت داستىخان ئەدەپلىرىنى ئۆگەتكەن.

ئىمام ئەللامە ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالى «إحياء علوم الدين» (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن) ناملىق ئەسىرىنىڭ «داستىخاندا ئولتۇرۇشتىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار» دېگەن بابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «تاماق يېيىشنىڭ ئەدەپلىرى- تاماقنى يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش، تاماقنى ئوڭ قولىدا يېيىش، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش، تاماققا باشقىلاردىن ئاۋۋال قول ئۇزارتماسلىق، تاماققا ۋە ئۇنى يەۋاتقان كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق، تاماقنى بەك تېز يېمەستىن، ئالدىرىماي، يۇمشاق چايناپ يېيىش، تاماقنى ئېغىزىغا ئارقا-ئارقىدىن سېلىۋەرمەستىن،

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 5061- ھەدىس، «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم)دىكى 2022- ھەدىس.

ئاغزىدىكىنى يۇتۇپ بولۇپ، ئالدىرىماستىن ئېلىش، تاماقنى بەك كۆپ يېمەسلىك، مېھمانلارنى تاماققا كۆپ زورلىماسلىق... قاتارلىقلاردۇر»[1].

بالىلارنىڭ بارچە تەسەررۇپلىرىنى يۇقىرىقىلارغا قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بالىلارغا تاماق يېيىش ئەدەپلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىش، مېھمانغا بېرىش، مېھماننى قارشى ئېلىش، سۆز قىلىش، قوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىش، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يوقلاش، سورۇن ۋە ئاممۋى پائالىيەتلەردە ئولتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىكى ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىتىش كېرەك.

## كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەشنىڭ ھەر تەرەپلىمىلىكى

كۆزىتىش بىلەن تەربىيەلەش بالىلارنى ئېتىقادىي، ئەقلىي، ئەخلاقىي، ئىلمىي، جىسمانىي، پىسخىكىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە مۇكەممەل قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنى تەربىيە ئەقىدە، ئەقىل، ئەخلاق، ئىلىم، پىسخىكا، جىسمانىي تەربىيە ۋە جەمئىيەت تەربىيەسى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە بولۇشى لازىم.

1. ئەقىدە جەھەتتىن كۆزىتىش

مەكتەپ يېشىغا توشمىغان كىچىك بالىلار كۆپرەك ئانىسى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئانا ئۇچۇن تولىمۇ ياخشى پۇرسەتتۇر. ئانا بالىلىرىغا ئاۋۋال ئىسلام ئەقىدىسىنى ئۆگىتىشى لازىم. مەسىلەن:

ئىمان دېگەن نېمە؟

---

(1)ئەللامە ئەبۇھامىد ئەل غەززالىنىڭ «إحياء علوم الدين» (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن) ناملىق شانلىق ئەسىرىدىن.

ئىمان ــ ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ۋە ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى، رىزىق بەرگۈچىسى ئىكەنلىكىگە، ئۇ چۈشۈرگەن كىتابلارنىڭ، ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرىنىڭ بارلىقىغا، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ۋە ياخشىلىق-يامانلىق ئاللاھ تائالادىن ئىكەنلىكىگە چىن ئىشىنىشتۇر.

ئىسلام دېگەن نېمە؟

ئىسلام ــ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە ئىمكانىيىتى بولسا ھەج قىلىشتۇر، دەپ چۈشەندۈرگەنگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا، پەرىشتىلەر، قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەرلەر ھەققىدە بالىلارغا چۈشىنىشلىك قىلىپ مەلۇمات بېرىش لازىم. ئانا بالىلىرىغا بۇ ھەقتە سوئاللارنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى سىناش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قالغان ياكى چۈشەنمىگەن يەرلىرى بولسا، توغرا چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك. شۇنداق قىلىپ ئانا بالىلىرىنىڭ قەلبىگە ئىماننى دەسلەپ يەرلەشتۈرگەن تۇنجى مۇئەللىمى بولۇپ قالىدۇ. بۇ راستىنلا شەرەپلىك ئىش ئەمەسمۇ؟

بالىلار مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئالغان دەرسلىرىنى تەكشۈرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرۇش ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. خۇسۇسەن ئىسلام ئەقىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھەر دائىم تۈزىتىشلەرنى بېرىپ، ئۆيدە ئالغان ئىسلامىي پىكىر ۋە ئىسلامىي ئەخلاققا زىت كېلىدىغان پىكىر قاراشلارغا

ئۇچرىغاندا ۋاقتىدا رەددىيە بېرىپ تۇرۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. مەسىلەن: «ئادەم مايمۇندىن ئۆزگەرگەن»، «دىنغا ئىشىنىش خۇراپاتلىق» دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرگە ۋاقتىدا تۈزىتىش بېرىش لازىم. ئاتا-ئانا ناۋادا بۇلارغا دىققەت قىلمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆيدە بەرگەن ئىسلامىي تەربىيەسى پايدىسىز قالغان، تارتقان جاپالىرى بىكارغا كەتكەن بولىدۇ.

يۇرەك پارىمىز بولغان باللىرىمىزنى قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن قانداق ساقلىساق، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى، ئىسلامىي ئەقىدىسىنى ۋە ئەخلاقىنى شۇنداق، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ قوغدىشىمىز لازىم.

2. ئەخلاق جەھەتتىن كۆزىتىش

ئاتا باللىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلار ھەر قېتىم راست سۆزلەۋاتامدۇ ياكى بەزىدە يالغان ئېيتامدۇ؟ بۇنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، يالغان ئېيتقانلىقى مەلۇم بولغان ھامان ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىشنىڭ يامانلىقىنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈپ، تەسىرلىك ئۇسۇلدا نەسىھەت قىلىشى لازىم.

شۇنىڭدەك، بالا ماگىزىندىن بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەن، دەپ بېرىلگەن پۇلنىڭ ئاشقىنىنى ساق قايتۇرۇپ كېلەمدۇ ياكى يېرىمىنى ئېلىۋېلىپ كېلەمدۇ؟ بۇنى كۆزىتىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ناۋادا ئىنتايىن ئاز مىقداردا بولسىمۇ، پۇلغا خىيانەت قىلغانلىقى مەلۇم بولسا، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق قىلىشنىڭ كېيىنچە چوڭ ئوغرىلىققا يول ئاچىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى لازىم.

ئاتا ـ ئانا يەنە باللىرى دوستلىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا باشقىلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللامدۇ؟ بۇنىمۇ كۆزىتىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئەخلاقسىز سۆزلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالغان بولسا، ئۇلارغا مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق ئەدەپسىز سۆزلەرنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنىڭ تىلنى ئىمان كەلىمىسىنى ئېيتسۇن ۋە ياخشى سۆز قىلسۇن دەپ ياراتقانلىقىنى، قەبىھ سۆزلەرنى قىلغۇچىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلىشى ۋە ھەمىشە كۆزىتىپ، نازارەت قىلىپ، بالىنىڭ سۆزى ئۆزگەردىمۇ-يوق؟ بۇنى بىلىپ تۇرۇشى لازىم.

3. ئىلمىي جەھەتتىن كۆزىتىش

ئاتا ـ ئانا باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان دەرسلىرىنى، باللىرىنىڭ قانچىلىك سەۋىيەدە كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، مۇئەللىمىنىڭ باھاسىنى، ئىمتىھان نەتىجىسىنى، مەكتەپتىكى تەرتىپ ساقلاش ئەھۋالىنى، مۇئەللىم بىلەن ۋە دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تولۇق كۆزىتىپ بىلىپ تۇرۇشى لازىم.

ئاتا ـ ئانا يەنە باللارنىڭ ئۆگىنىشىنى كۆزىتىپ، ئۇلارغا قىيىن كەلگەن پەنلەرنىڭ دەرسلىرىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە بىرگە تەكرار قىلىشىپ بېرىپ ياردەم قىلىشى ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاتا-ئانىلار باللارغا ھەر تەرەپتىن ياردەم قىلغان بولىدۇ.

4. جىسمانىي ۋە ساغلاملىق جەھەتتىن كۆزىتىش

دۇنيادا ھەر كىم باللىرىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، ئەقلىي جەھەتتىن ئۆتكۈر بولۇپ چىقىشىنى خالايدۇ. تەن سالامەتلىكنى

ساقلاش ئاۋۋال يېمەك-ئىچمەكلەرگە دىققەت قىلىش ۋە پايدىلىقلىرىنى يېيىش، زىيانلىقلىرىدىن ساقلىنىشتىن باشلىنىدۇ.

ئۆيىنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز ۋە ئەڭ پايدىلىق تاماق ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇڭا ئانا بالىلارنىڭ يېمەكلىكىنى ئۆز قولى بىلەن ھازىرلىشى، سىرتلاردا، ئاشخانىلاردىن تاماق يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈپ قويماسلىقى لازىم.

بالىلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە زىيانلىق بولغان ئامىللارنىڭ بىرى تازىلىققا رىئايە قىلماسلىق بولۇپ، ئىسلام پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىي دىندۇر. مۇسۇلمان دېگەن ئائىلە تازىلىقىغا رىئايە قىلىدىغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[1] دېگەن. شۇڭا ئاتا-ئانا بالىلار تاماق يېيىشنىڭ ئالدى-كەينىدە قوللىرىنى سوپۇنلاپ، پاكىز يۇيغان-يۇيمىغانلىقىنى كۆزىتىشى لازىم. ناۋادا بالىلار ئۇنداق قىلمىغان بولسا، تازىلىق ھەققىدە زېرىكمەستىن قايتا-قايتا تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى تازىلىققا ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك .

تەن سالامەتلىككە ئەڭ زىيانلىق بولغان تاماكا چېكىش، پىۋا ياكى ھاراق ئىچىش قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن بالىلارنى قەتئىي يىراق تۇتۇش ئاتا-ئانىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ، ھەمىشە بالىلارنىڭ يانچۇقلىرىنى، سومكىلىرىنى ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈپ تۇرۇشى زۆرۈر.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، بالىلارنى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قىزىقتۇرۇش ئۇلارنىڭ تەن سالامەتلىكىنى قوغداشقا ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

5. پسىخىكا جەھەتتىن كۆزىتىش

نۇرغۇن كىشىلەر ھايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدۇ ۋە بۇ ئىككىسىنى بىر مەنىدە دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ھايا بىلەن خىجىللىق ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار.

پسىخولوگىيە ئالىملىرى خىجىللىقنى مەلۇم شارائىتلاردا ئىنساندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئەندىكىش دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا ئەمەلىيەتتە بىلىدىغان ئوقۇغۇچىنىڭ قورقۇنچتىن جاۋاب بېرەلمىگەن ھالىغا ئوخشايدۇ. خىجىللىق قورقۇنچاقلىقتىن كېلىدۇ. خىجالەتچان ئىنسان ئىرادىسى ئاجىز ئىنساندۇر. ئەمما ھايا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، كۆپىنچە ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەملەردە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى ساقلايدۇ.

خىجىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ يوللۇق ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم ھايالىق سانالمايدۇ. چۈنكى ھايالىق ئادەم ئېزىلىشكە، بوزەك قىلىنىشقا رازى بولۇپ تۇرالمايدۇ.

خىجالەتچان ئادەم ئۆزىنىڭ پىكىر قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ، ئۆزىدىكى تالانتىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، ھەتتا بەزى تالاش-ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىيالمايدۇ.

ئاتا-ئانا بالىلىرىدا شۇنداق خىجىللىق ئىللىتى بارمۇ-يوق؟ مەكتەپتە مۇئەللىم سوئال سورىسا قانداق جاۋاب بېرىدۇ؟ بۇلارنى كۆزىتىشى، مۇئەللىمدىن ۋە دوستلىرىدىن سوراپ بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلاردا خىجىللىق ياكى قورقۇنچاقلىق ئىللىتى بولسا،

ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلىشى، ئاندىن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىشى لازىم.

شۇڭا بالىلارغا ھەر دائىم ھەقنى خىجىل بولماستىن، قورقماستىن، دادىل سۆزلەشنى ئۆگىتىش كېرەك.

6. ئىجتىمائىي جەھەتتىن كۆزىتىش

ئىنسان ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلالمىغاچقا، داۋاملىق باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدۇ. بالىلاردىكى ئىچىگە بېكىنىش ۋە «كۆڭلۈمدىكىنى تاپ» دەپ، خۇشاللىق ياكى خاپىلىقنى ئاشكارا قىلالماسلىق بىر خىل يېتەرسىزلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە زىيانلىق بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىگىمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر.

شۇڭا ئاتا-ئانا بولغۇچىلار بالىلىرىنىڭ بۇ تەرىپىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ۋە ئىنچىكە كۆزىتىشى لازىم. بالىنىڭ دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق؟ مۇئەللىملەر بىلەن قانداق ئۆتىۋاتىدۇ؟ باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا رىئايە قىلامدۇ-يوق؟ بۇلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋە يېتەرسىز تەرەپلىرىنى تۈزىتىشكە يېقىندىن ياردەم قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

7. ئىبادەت جەھەتتىن كۆزىتىش

ئىبادەت روھنىڭ ئوزۇقىدۇر. ئىنسان بەدەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىدىن تەركىب تاپقان مەخلۇقاتتۇر. ئۇ بەدىنىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈندىلىك يېمەك-ئىچمەككە موھتاج بولغىنىدەك، روھىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، مەنىۋى تەرىپىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ھەم ئىبادەتكە موھتاجدۇر. خۇددى

ئاشقازاننىڭ ئېھتىياجى كۈندىلىك ئۈچ ۋاخ تاماق بىلەن قامدالغانغا ئوخشاش، روھنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىمۇ ئىبادەت بىلەن، خۇسۇسەن بۇ بەش ۋاخ ناماز بىلەن قامدىلىدۇ.

ناماز ئىبادەتنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكىدۇر. بالىلار نامازلىرىنى ۋاقتىدا ۋە توغرا ئوقۇۋاتامدۇ-يوق؟ ھەر كۈنى ئاز بولسىمۇ قۇرئان تىلاۋەت قىلامدۇ-يوق؟ ئەتىگەن-ئاخشاملىرى كۈندىلىك زىكىر-تەسبىھلەرنى ئوقۇۋاتامدۇ-يوق؟ بۇلارنى كۆزىتىشمۇ ئاتا-ئانا بولغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. ناۋادا بالىلار نامازلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلمىسا، ياكى باشقا ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتكەن بولسا، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان مۇقەددەس بۇرچ ئىكەنلىكىنى، تەرك ئېتىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، چىرايلىقچە نەسىھەت قىلىش لازىم.

# مۇكاپاتلاش بىلەن تەربىيەلەش

## مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەشنىڭ ئەھمىيىتى

بالىلارنى قىلغان ياخشى ئىشلىرى، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىغانلىقى ۋە بىرەر ياخشى ئىشتا ئۇتۇق قازانغانلىقى يۈزىسىدىن مۇكاپاتلاش ئۇلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەشكە ئېلىپ بارىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى كىچىك بالىلار ئۈچۈن مۇكاپاتنىڭ مەنىۋى قىممىتى زور بولىدۇ. شۇنداقلا بالىلارنى مۇكاپاتلاش ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ توغرا ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

مۇكاپات ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى مەنىۋى مۇكاپات، يەنە بىرى ماددىي مۇكاپات.

1. مەنىۋى مۇكاپات

مەنىۋى مۇكاپات—بالىلارغا تەبەسسۇم قىلىش، ئۇلارنى سۆيۈپ قويۇش، قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىش، ئۇلارنى ۋە قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى ماختاش، ئۇلارغا دۇئا قىلىش، ئۇتۇق تىلەش ۋە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بولىدۇ. كىچىك بالىلار بۇ تۈردىكى مۇكاپاتلارغا قىزىقىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەتكە ۋە ئەھمىيەت بېرىلىشكە بولغان ئېھتىياجى چوڭلارنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

ماختاشنىڭ تېخىمۇ كۆپ مېۋە بېرىشى ئۈچۈن بالىلارنى ماختىغاندا، ئۇلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئاساسلىق ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى، ئىبادەتتىكى ئاكتىپلىقىنى، ئېسىل-پەزىلەتلىرىنى، ئۆگىنىش قىلىشتىكى ئەستايىدىللىقىنى، تاپشۇرۇقلارنى ئورۇنداشتىكى

مەسئۇلىيەتچانلىقنى، ئاتا-ئانىسىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا بولغان كۆيۈمچانلىقنى ماختاش لازىم. ئەمما شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، باللارنى ماختاشتا ئاشۇرۇۋېتىش بەزى ھاللاردا ئۇلارنى مەغرۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ.

2. ماددىي مۇكاپات

ماددىي مۇكاپات باللارغا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ۋە قازانغان ئۇتۇقلىرى يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان ئويۇنچۇق، پۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ماددىي قىممىتى بار نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. باغچىلارغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىش، گۈزەل سەھرالارغا ۋە مەنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇرۇشمۇ ماددىي مۇكاپات تۈرىگە كىرىدۇ.

ئىلمىي تەتقىقاتلار كىچىك باللار ئۈچۈن ماددىي مۇكاپاتلاردىن كۆرە، مەنىۋى مۇكاپاتلارنىڭ قىممىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە. چۈنكى كىچىك باللارنىڭ ماددىي مۇكاپاتلاردىنمۇ بەك، كۆڭۈل خۇشاللىقىدىن ئىبارەت مەنىۋى مۇكاپاتلارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى مەلۇم.

**مۇكاپاتلاش بىلەن تەربىيەلەش ھەققىدە تەۋسىيەلەر**

1. ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ۋاقتىدا بېرىش

مۇكاپات بېرىشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋاقتى ئىشنى بېجىرىپ بولغان ھامان، يەنى بالا مۇكاپاتقا لايىق بولغان ھامانلا بېرىشتۇر. مۇنداق قىلىش باللارنىڭ قەلبىدە چوڭ تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ:

«ئىشـچىنىڭ ھەققىنـى ئۇنىـڭ تەرى قۇرۇشـتىن بـۇرۇن بېرىـپ بولۇڭلار»[1] دېگەنلىكىنىڭ سىرى دەل مۇشۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن.

باللارنىـڭ مۇكاپـاتىنى ۋاقتىـدا بېـرىش ئەۋزەل. ئەممـا ئـۇنى كېچىكتۈرگەننىڭ زىيىنى يوق. مەسىلەن: ۋاقتىدا بەرمىسىمۇ، كېيىنچە بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانغا ئوخشاش. ئەمما ۋەدە قىلغان نەرسىسـىنى كېيىن چوقـۇم ئېلىـپ بېـرىش لازىـم. ئەگەر مۇنـداق قىلمىغانـدا، بـالا بىـلەن ئاتـا-ئانـا ئوتتۇرىسـىدىكى ئىشـەنچ سۇسلىشـىپ قالىدۇ.

2. مۇكاپاتنىڭ باللار ياقتۇرىدىغان نەرسىلەردىن بولۇشى

بـالىلارنى مۇكاپاتلاشـتا ئـۇلار ئـۆزلىرى ياقتۇرىـدىغان ۋە ئـارزۇ قىلىۋاتقـان نەرسـىلەر بىـلەن مۇكاپـاتلاش لازىـم. نـاۋادا مۇكاپـات ئـۇلار ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەردىن بولـۇپ قالسـا، بۇنـداق مۇكاپاتنىـڭ ئۇلارغـا پايدىسـى بولمايـدۇ. نەتىجىـدە، ئـۇلارنى مۇكاپـاتلاش ئۇسـۇلى بىـلەن تەربىـيەلەش ئىشـى پايـدا بەرمەي قالىـدۇ. بـالىلار بېـرىلگەن مۇكاپـاتنى ياقتۇرمىغـان ئەھۋالـدا، ئۇلارغـا باشـقا تـۇردىكى، ئـۇلار ياقتۇرىـدىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ بېرىش لازىم كېلىدۇ.

3. مۇكاپاتنىڭ ھەجمى باللارنىڭ ئۇتۇقلىرىغا مۇناسىپ بولۇشى

مۇكاپاتنىـڭ قىممىتـى ئۇتۇقنىـڭ قىممىـتىگە مۇناسـىپ بولۇشـى ۋە كـۆپ ئۇتـۇق قازانغىنىغـا كـۆپرەك، ئـازراق ئۇتـۇق قازانغىنىغـا ئـازراق مۇكاپات بېرىش لازىم.

(1) ئىبنى ماجە«سنن إبن ماجة» (سۈنەنى ئىبنى ماجە) ناملىق ھەدىس توپلىمىدا رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئەگەر مۇنداق قىلمىغاندا، كۆپ ئۇتتۇق قازانغاننىڭ قىممىتى بىلەن ئاز ئۇتتۇق قازانغاننىڭ قىممىتى ئوخشاش بولۇپ قىلىپ، كۆپ ئۇتتۇق قازانغان بالىنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى بوشىتىپ قويىدۇ. ئاز ئۇتتۇق قازىنىپ كۆپ مۇكاپات ئالغان بالىغا نىسبەتەنمۇ ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. چۈنكى «ئاز ئۇتتۇق بىلەنمۇ كۆپ ئۇتتۇق قازانغانغا ئوخشاش مۇكاپات ئالغاندىكەن، مۇشۇنچىلىك تىرىشسامۇ يېتىدىكەنغۇ» دېگەن چۈشەنچە بىلەن ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭدەك، مۇكاپات قىممىتىنى بىردىنلا ئاشۇرۇۋېتىش مۇكاپاتنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. مۇكاپاتنى بەك ئاددىي قىلىۋېتىش بالىلارنىڭ روھىيىتىنى چۈشۈرۈۋېتەلەيدىغان، بەك كۆپ قىلىۋېتىشمۇ ئۇلارنى مەغرۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا مۇكاپات بەك كۆپمۇ ئەمەس، بەك ئازمۇ ئەمەس، ئوتتۇرھال بولۇشى ۋە ئۇتتۇقنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بولۇشى لازىم.

4. مۇكاپاتلارنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بېرىلمەسلىكى

خۇسۇسەن ماددىي مۇكاپاتلارنى ھەمىشە بەرمەسلىك، بىر مۇكاپات بىلەن يەنە بىر مۇكاپات ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈشى لازىم. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا، باللار ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىشنىڭ مەنىسى ۋە ئەھمىيىتى قالمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا باللار مۇكاپاتلىنىشنى ئادەتتىكى ئىشلار قاتارىدا كۆرۈپ قىلىپ، مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈن تىرىشمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن بالىلارنى قىلغان ھەربىر ياخشى ئىشى ۋە قازانغان ھەربىر ئۇتۇقى ئۈچۈن ھەدەپ مۇكاپاتلاۋېرىش ئۇلارنى «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەيدىغان تاماخورلۇققا ۋە مادداپەرەستلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى بولغىنىدەك، مۇكاپاتنىڭمۇ يولى بىلەن بولغىنى تۈزۈك.

5. ماددىي مۇكاپات بىلەن مەنىۋى مۇكاپات ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش

ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى تۈرلۈك مۇكاپاتنىڭ ئورنى بالىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ بولۇشى لازىم. مەنىۋى مۇكاپات بالىلارنىڭ ۋىجدانىنى كۈچلەندۈرۈپ، چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ.

ماددىي مۇكاپات بالىلارنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغانلىقى سىرتىدا، ئۇلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلدۈرىدۇ. ئەمما ماددىي مۇكاپاتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بالىلارنى ئۇتۇق قازىنىشقا ئەمەس، بەلكى ماددىي مۇكاپاتقىلا قىزىقىدىغان، پەقەت مۇكاپاتلىنىش ئۈچۈنلا تىرىشىدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇتۇق قازىنىش ۋە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ۋاستە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بۇ مۇكاپات مەقسەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بالىلار مۇكاپاتسىز ئىش قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

مۇنداق بالىلار چوڭ بولغاندا بەدەلسىز ئىش قىلمايدىغان، شەخسىيەتچى ۋە خالىسانە ئىش قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

6. بالىلار ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلانمايدۇ

بالىلارنىڭ ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، مەكتەپكە ۋاقتىدا بېرىش، ئاخشاملىرى بۇرۇن ئۇخلاش، ئەتىگەندە سەھەر تۇرۇش، مەكتەپتىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەش، ئۆي ئىشلىرىدا ئاتا-ئانىسىغا ياردەملىشىش قاتارلىق قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا مۇكاپات بېرىلمەيدۇ. ئەمما ماختاپ قويۇش، سۆيۈپ قويۇش، باغرىغا بېسىش دېگەندەك مەنىۋى مۇكاپاتلارنىڭ چېكى يوق. بۇلارنى ھەمىشە قىلىش كېرەك.

7. مۇكاپاتنىڭ بالىنىڭ سەۋىيەسىگە قاراپ بولۇشى

مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن تەربىيەلەش بالىنىڭ يېشىغا ۋە ئەقلىنىڭ ئۆسۈشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپ يېشىغا تولمىغان كىچىك بالىلارنى كۆپرەك سۆيۈپ قويۇش، باغرىغا بېسىش ۋە تورت، كىيىم، ئويۇنچۇق، ئاز مىقداردا پۇل قاتارلىقلارنى بېرىش بىلەن مۇكاپاتلاش يېتەرلىك.

بالىلار ئەمدىلا مەكتەپكە بارغان ياشلىرىدا، ئۇلارغا ئىلگىرىكىسىدىن چوڭراق مۇكاپاتلارنى بېرىش ۋە كۆپرەك ماختاپ قويۇش يېتەرلىك. ئاندىن ئۇلارنىڭ يېشى ئىلگىرىلىگەنسېرى ئۇلارغا: «ياخشى ۋە ياراملىق ئادەم بولۇشۇڭ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەم كىشىلەرنىڭ سۆيگۈسىگە سازاۋەر بولۇشۇڭ ئۈچۈن ياخشى ئوقۇغىن ۋە تىرىشقىن. مەن ساڭا دېگەنلىرىڭنى ئېلىپ بېرىمەن» دېگەن ئاساستا، ئۇلارنى قايىل قىلىپ، شۇ بويىچە مۇكاپاتلاش كېرەك.

**بالىلارنى مۇكاپاتلاشنىڭ تۈرلىرى**

1. تەبەسسۇم بىلەن مەنىلىك قاراش

بالىنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن مەنىلىك قاراش بالىنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋېتىدۇ. بالىغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن، يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىش چوڭ بىر مۇكاپاتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمان بۇرادىرىڭنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم قىلىشىڭدا سەدىقىنىڭ ساۋابى باردۇر»[1] دېگەن سۆزىنىڭ قىممىتىگە يېتەلەيمىز.

2. سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەت

باللاردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇش، مېھرىبانلىق بىلەن بېشىنى سىلاپ قويۇش ۋە قولىنى چىڭ سىقىمداش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ مەنىۋى قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، باللارنىڭ قەلبىگە تەسىرلەپ بولغۇسىز ئىسسىقلىقنى ۋە مېھىر-مۇھەببەتنى سالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلار ھەقىقىي بەختنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئەڭ سائادەتلىك مىنۇتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولىدۇ.

3. خاتالىقنى كەچۈرۈش

باللارنىڭ خاتالىقنى كەچۈرۈشمۇ ئۇلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتقا ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭ شەرتى بالىغا بۇنى بىلدۈرۈش يەنى «مەن سېنىڭ مۇنۇ ياخشى ئىشىڭ، ياكى مۇنۇ ئۇتۇقۇڭ يۈزىسىدىن، ماۋۇ خاتالىقىڭنى كەچۈرۈۋەتتىم. مۇندىن كېيىن بۇ خاتالىقنى سادىر قىلمىغىن» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر.

4. يۈكنى يەڭگىللىتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

---

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1956- ھەدىسى.

باللارغا يېقىملىق ئاۋازدا "بۇ ھەقتە ئويلىنىپ كۆرۈڭ" دېيىشكە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەش، ياكى ۋاقتىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشمۇ باللار ئۈچۈن مۇكاپاتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭ شەرتى ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ماۋۇ ئىشتا، ياكى ئۆگىنىش قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىڭ يۈزىسىدىن، بۈگۈن ئاۋۇ ۋەزىپەڭنى سەندىن ئېلىۋەتتۇق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ، بالىغا بۇنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ۋاقىتتا بالا بىر تەرەپتىن ئاتا-ئانىسىنىڭ شەپقىتىنى ھېس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئادىللىقىغا قايىل بولىدۇ.

5. چىرايلىق سۆز ۋە دۇئا

باللارنىڭ قازانغان ئۇتۇقلىرى ۋە قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى تەقدىرلەپ: «ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، بالام» ياكى «سەندىن ئاللاھ رازى بولسۇن، راستتىنلا ياخشى ئىش قىلدىڭ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى خوش قىلىشمۇ ئۇلارغا بېرىلگەن مۇكاپاتنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە ئۇتۇقلارنى قازىنىش ئارقىلىق ئاتا-ئانىسىنى تېخىمۇ مەمنۇن قىلىش ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

6. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختاش

ياخشى ئىش قىلغان، ياكى بىرەر ئۇتۇق قازانغان بالىنى قېرىنداشلىرىنىڭ، دوستلىرىنىڭ ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ماختاپ قويۇش، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىش بالىنىڭ روھىيىتىنى كۆتۈرىدۇ ۋە خۇددى چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەندەك خۇشال قىلىۋېتىدۇ.

ئەمما باللارنىڭ بىرنى ماختىغاندا، باشقىلىرىنى سۆكمەسلىك كېرەك. چۈنكى مۇنداق قىلىش باللارنىڭ قەلبىدە كۆپ ھاللاردا قىزغىنىش، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرىدۇ.

7. باللارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش

باللارنى قىلغان ياخشى ئىشلىرى، ياكى بىرەر ئىشتا ئۇتۇق قازانغانلىقى يۈزىسىدىن باغچىلارغا، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلار خۇشال بولىدىغان جايلارغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش بالىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىگە ۋە زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

# جازالاش بىلەن تەربىيەلەش

## جازالاش دېگەنلىك ئۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس

بالىلارنى جازالاش بىلەن تەربىيەلەش تەربىيە ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، بالىلارنى جازالاش تولىراق ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىرىدىن ۋە تەلەپ قىلغانلىرىدىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قىلىش بىلەن بولىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر چۈشەنگەندەك، بالىلارنى جازالاش دېگەنلىك ئۇلارنى ئۇرۇپ، تىللاش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مەھرۇم قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئەمما بالىلارنى ئۇرۇش ئەڭ ئاخىرقى چارە بولۇپ، ئۆلگە، نەسىھەت، يۇمشاق مۇئامىلە، چىرايلىق سۆز قاتارلىق تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسى نەتىجە بەرمىگەندە، ئەڭ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە يېنىك ئەدەپلەش بىلەن تەربىيەلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالى ۋە تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىلارنى جازالاشتا ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. شۇنىڭدەك بالىلارنى ئاسرىدىم، دەپ ئۇلارغا ئارتۇقچە كەڭ قورساقلىق قىلىش ۋە يۇمشاقلىق قىلىشمۇ بالىلار ئۈچۈن زىيانلىق. شۇڭا ياۋروپالىق تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىلارنى جازالاشنى پەقەتلا ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىدىغان تەربىيە ئۇسۇللىرىنى يېتەرسىز تەربىيە ئۇسۇللىرى دەپ قارايدۇ. چۈنكى بالىلارنى جازالاش ئىنتىقام، ياكى ئاچچىقنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تەربىيە ئۈچۈندۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بالىلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن كېرەك بولغاندا، جازالاش ئۇسۇلىنىمۇ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىسلامدىكى جازا بىلەن تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى

ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تولىمۇ مۇناسىپ، ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىق يول تۇتقان، ئەڭ مەدەنىي، ئەڭ ئىلغار بىر دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنسانىيەتنى تەربىيەلەشتە تەرغىب بىلەن قورقۇتۇش، جازا بىلەن مۇكاپات ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق ئىش كۆرۈشكە چاقىرىپ كەلمەكتە.

## جازا دەرىجىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ

ئىنسانلار بىر خىل ئەمەس. بەزى كىشىلەرگە يىراقتىن قىلىنغان ئىشارەتمۇ كۇپايە قىلىدۇ. مۇنداق كىشىلەرنىڭ ئادىتى بىر ئىشارەت، ياكى بىرەر مەنىلىك قاراش بىلەن ۋىجدانى قوزغىلىپ كېتىدۇ ۋە قىلماقچى بولغان يامان ئىشنى دەرھال تاشلايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلارغا چىرايلىق نەسىھەت، يۇمشاق مۇئامىلە كار قىلمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت قورقۇتۇش ياكى مەھرۇم قىلىش بىلەنلا پەيلىدىن ياندۇرغىلى بولىدۇ.

باللارمۇ خۇددى شۇنداق بولۇپ، باللار ئىچىدە مۇكاپات كۇپايە قىلىپ جازاغا ھاجىتى قالمايدىغانلىرىمۇ ۋە جازالىماستىن تەربىيەلەش مۇمكىن بولمايدىغانلىرىمۇ بار. خەلقىمىزدىمۇ: «ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار.

باللارنى جازالاش دېمەك ئۇلارنى ئۇرۇپ، دۇمباللاش دېگەنلىك ئەمەس. جازا دەرىجىلىرى ئاددىيدىن مۇرەككەپكە، كىچىكتىن چوڭغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن: بالىنىڭ قىلغان كەمسىزلىكى سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن رەنجىپ قالغانلىقىمىزنى مەلۇم بىر شەكىلدە بىلدۇرۇپ قويۇش جازانىڭ ئەڭ ئاددىي دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان بالىغا قاپىقىنى تۈرۈپ، ۋاقتلىق سۆز قىلماسلىق چارىسىنى قوللىنىش، بالا ئۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلمىسا، ئەدەپلىك سۆزلەر بىلەن ئاچچىقلىنىش، ئۇمۇ كار قىلمىسا، بالىنى ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىدىن ۋاقتلىق مەھرۇم قىلىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇش، بۇمۇ كار قىلمىسا، ئۇنى ئۇرىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇش، بالا يەنە ئۆزگەرمىسە، ئۇنى سىلىق ئەدەپلەش كېرەك. يەنە تەكىتلەيمىزكى، بالىلارنى ئۇرۇش ياخشى چارە ئەمەس. تەربىيەدىكى ئۇرۇش جازا ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئالدىنقى چارىلەرنىڭ ھېچبىرى مەنپەئەت قىلمىغاندا، ئۇرۇش بىلەن جازالاش كېرەك. بالىلارنى ئۇرۇش بىلەن تەربىيەلەشنىڭ شەرتلىرى ۋە قائىدىلىرى بار. بۇ ھەقتىمۇ نۆۋەتتىكى كەلگەندە توختىلىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارنى تەربىيەلەش توغرىسىدا ئۆگەتكەنلىرىمۇ بالىلارنى رەھىم-شەپقەت ۋە يۇمشاقلىق بىلەن تەربىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا مۇكاپات بىلەن تەربىيەلەش تەربىيەنىڭ ئەسلىدۇر. ئەمما جازا بىلەن تەربىيەلەش مۇكاپاتلاش ۋە باشقا تەربىيە ئۇسۇللىرى كار قىلمىغاندا، ئامالسىزلىقتىن قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى چارىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا ناھايىتى مېھرىبان ۋە تولىمۇ شەپقەتلىك زات ئىدى. بالىلارمۇ ئۇنى ئىنتايىن بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بالىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ۋە سەۋىيەسىگە چۈشۈپ تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئويۇن ئوينايتتى. شۇنداق قىلىپ بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. ئەمما ئۇ گۇناھ-مەسىيەتنىڭ سادىر قىلىنىشىغا ھەرگىز سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ خاتالىقىغا تۈزىتىش بېرىشتە گاھ ئىشارەت، گاھ نەسىھەت، گاھ ئۈلگە كۆرسىتىش،

گاھ چىرايىنى تۈرۈش، گاھ ئاچچىقلاش، گاھ يۈز ئۆرۈپ ۋاقتلىق سۆز قىلماسلىق قاتارلىق چارىلەرنى قوللىناتتى.

**باللارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى تۈزەش ئۇسۇللىرى**

باللارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان ھالدا، ئوتتۇرىغا قويغان ياخشى ئۇسۇل ۋە چارىلىرى باردۇر. ئەپسۇسكى بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋرسىزلىكى، ياكى تەربىيە ئۇسۇللىرىنى بىلمەسلىكى، ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى باللار خاتالاشقان ھامان ئۇلارنى تاياق بىلەن ئەدەپلەشكە ئالدىرايدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىش بىلەن تەربىيەنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە باشتا كېلىدىغان ياخشى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى قايرىپ قويۇپ، ئەڭ ئاخىرقى چارىنى قوللانغان بولىدۇ.

باللارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى ۋە خاتالىقلىرىنى، شۇنداقلا كۆنۈپ قالغان يامان ئادەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزىتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. مۇلايىملىق بىلەن تۈزىتىش

ئاۋۋال شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، باللارنى بىلمەستىن قىلىپ قويغان خاتالىقى، ياكى ئىلگىرى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلمىگەن خاتالىقلىرى سەۋەبلىك جازالاشقا بولمايدۇ. چۈنكى باللار چوڭلار بىلگەنلەرنىڭ كۆپۈنچىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردىن سادىر بولىدىغان خاتالىقلارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا نېمىنىڭ توغرا ۋە نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى سىلىقلىق بىلەن چىرايلىقچە بىلدۈرۈش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى سەدىقە قىلىش ئۈچۈن يىغىپ كېلىنگەن خورمىدىن بىر تالنى ئاغزىغا سالغىنىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن: «ئى بالام! ئۇنى ئاغزىڭدىن چىقار! بىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟»[1] دېگەن.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىگە سەدىقە يېيىش ھالال ئەمەس. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىسىگە ئاغزىدىكى خورمىنى چىقارغۇزغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرگەن.

ھەر قانداق ئاتا-ئانا بالىلىرىغا شۇنداق يول كۆرسىتىشى ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى شۇنداق تۈزىتىشى لازىم.

مەسىلەن: باللاردىن بىرى ئاتا-ئانىسىدىن بىرەرسىگە ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىسىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر شەكىلدە سۆز قىلسا ياكى ئۇلاردىن «بەر» دېگەن تەلەپپۇزدا بىر نەرسە تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا چىرايلىقچە: بالام! ئاتا-ئانا دېگەنگە ئۇنداق سۆز قىلمايدۇ. بەلكى ئاۋازىڭنى پەسلىتىپ، ئەدەپلىك سۆز قىلغىن، بىر نەرسە سورىساڭ، «بېرەمسىز» ياكى «بەرگەن بولسىڭىزكەن» دېگەن ئۇسلۇبتا سورىغىن، دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك.

2. ئىشارەت بىلەن تۈزىتىش

ئىشارەت بىلەن تۈزىتىش باللارنىڭ خاتالىقىغا مەنىلىك ئىشارەتلەر بىلەن رەددىيە بېرىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: بالا تۇتسا بولمايدىغان

---

(1)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 1420- ھەدىس، «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم)دىكى 1069- ھەدىس.

بىر نەرسىنى ئۆتمىاقچى بولغىنىدا، ياكى ئۆزىگە ئائىت بولمىغان بىر نەرسىنى ئالماقچى بولغىنىدا، ئانىنىڭ «ياق» دېگەننى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە باش ئىشارىتى قىلغىنىغا ئوخشاش. «ياخشىغا ئىشارەت» دەيدىغان ھېكمەتنى بۇ يەردە ئىشلىتىش كېرەك. باللارنى شۇنداق بىر ئىشارەت بىلەن ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان قىلىپ يېتىشتۈرگەن ئاتا-ئانا تەربىيە ئىشىدا كۆپ جاپا تارتماستىنلا نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئەقىللىك تەربىيەچىنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياش ئايالغا تىكىلىپ قاراۋاتقان فەزلىنىڭ بېشىنى سىلىقلىق بىلەن باشقا ياققا بۇراپ قويغانلىقمۇ ئىشارەت بىلەن تۈزىتىش بېرىش قاتارىدىن سانىلىدۇ.[1]

3. ئەمەلدە كۆرسىتىش بىلەن تۈزىتىش

باللار كۆپىنچە ئۆزى قىلىپ كۆرمىگەن بىرەر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇلغىنىدا، ئۇنى ئىلگىرى قىلىپ باقمىغانلىقتىن، تەلەپكە لايىق قىلالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ قويىدىغان بىرى بولۇشى لازىم. بالا ئىلگىرى قىلىپ كۆرمىگەن بىر ئىشنى قىلالمىغانلىقى سەۋەبلىك جازاغا تارتىلسا ئادىللىق بولمايدۇ، بالىغا ھەقسىزلىق قىلىنغان بولىدۇ.

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوينى سويۇۋاتقان بىر بالىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ قوي سويۇشنى تازا بىجىرەلمەيۋاتقانلىقىنى بايقىدى-

---

(1)بەيھەقىنىڭ«السنن الكبرى» (سۇنەنى كۇبرا) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 13290- ھەدىسى. ھەدىسنىڭ تېكىستى كىتابىمىزنىڭ «نەسىھەت بىلەن تەربىيەلەش» دېگەن بابىدا ئۆتتى.

دە، بالىغا: «ماڭا قويۇپ بەرگىن، ساڭا قانداق سويۇشنى كۆرسىتىپ قوياي» دېگىنىچە تېرە بىلەن گۆشنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقىپ قوينى چىرايلىق سويۇپ بەردى.(1)

4. چىرايىنى تۇرۇش بىلەن تۈزىتىش

ئاتا-ئانىنىڭ، ياكى مۇئەللىمنىڭ بالىلارغا چىرايىنى تۇرۇشى ۋە ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن ھالدا مەنىلىك قارىشى ئەقىللىق بالىلار ئۈچۈن جازانىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ تەسىرى كىچىك بالىلار ئۈچۈن چوڭ بولىدۇ.

5. بىۋاسىتە تەنقىد قىلماستىن تۈزىتىش

خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەربىيە ئۇسۇللىرىدىن بىرى بالىنى بىۋاسىتە تەنقىد قىلماستىن، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ قويۇشتۇر. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ ئۇسۇل « قىزىم سىزگە سۆزلەي، كېلىنىم سىز ئاڭلاڭ» دەپ قوللىنىلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ كۆڭلىگە تەگمەسلىك، ھېسسىياتىنى زېدىلىمەسلىك ۋە ئۇلارنى دوستلىرىنىڭ، ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىدا خىجىل قىلماسلىق ئۈچۈن ياخشى چارىدۇر. ئەقىللىك بالىلار ئۈچۈن بۇ ئەڭ ياخشى تەنقىد ۋە تەربىيەدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ ۋە بالىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشتە بۇ ئۇسۇلنى كۆپ قوللىناتتى. ئۇ بەزىدە: «بۇ قەۋمگە نېمە بولغاندۇ؟ مۇنداق قىلىۋاتىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇراتتى.

---

(1) ئىبنى ھىببانىنىڭ «صحيح» (سەھىھ) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1163-ھەدىسى.

ئاتا-ئانىمۇ باللىرىنى شۇنداق نازۇك ئۇسۇل بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتەلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا باللارغا ۋارقىراش، ياكى جازالاشقا ئورۇن قالمايدۇ. مەسىلەن: باللاردىن بىرەرسىنىڭ تازىلىققا رىئايە قىلمىغانلىقىنى بايقىغان ئانا: «ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئەجەبلىنىۋاتىمەن، پاكىزلىق دېگەن دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزدىن بىرى تۇرسا، نېمىشقا تازىلىققا رىئايە قىلمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئەخلەتلەرنى يوللارغا تۆكىدىغاندۇ؟» دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرەلەيدۇ.

6. كۆرمەسكە سېلىش بىلەن تۈزىتىش

كىچىك باللارنىڭ بەزىبىر كەپسىز قىلىقلىرىنى گاھىدا كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئەھمىيەت بەرمىگەندەك قىلىپ، ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىشمۇ تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەقىللىك بالا بۇنى چۈشىنىدۇ-دە، بۇ قىلىقتىن تەدرىجىي توختايدۇ. مەسىلەن: كىچىك بالا كۆپ يىغلىسا، ياكى تاماق يېيىشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ئۇنى زورلىماستىن، ۋاقىتلىق ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىپ، كۆزەتكەنگە ئوخشاش. چۈنكى بۇنداق قىلىقلارنى كىچىك باللار كۆپىنچە، ئاتا-ئانىسىنى يالۋۇرتۇش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئاتا-ئانا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغاندىن كېيىن، بالا ئەس-ھوشىنى تاپىدۇ-دە، ئۆزلۈكىدىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ. شۇڭا باللارنى ئارتۇقچە ئەركىلىتىپ كەتمەسلىك لازىم. بىز ئۇيغۇرلاردا كىچىك بالا «تېۋىپتىنمۇ ئۇستا تومۇرچى كېلىدۇ» دەيدىغان سۆز بار.

7. يېنىك كايىش بىلەن تۈزىتىش

بالا كەپسىزلىك قىلىپ ئاتا-ئانىسىنى خاپا قىلغانـدا، ئاتـا-ئـانىلاردىن بىـرى ئۇنىڭغـا يېقىنلىشـىپ چىرايلىـق سـۆز بىـلەن ئۇنىـڭ قىلغـان ئىشـىنىڭ خاتـا ئىكەنلىكىنـى ئېيتىشـى ۋە كـۆزىگە تىكىلىـپ قارىشـىمۇ بالىغـا بىۋاسـىتە تەسـىر قىلىـدىغان تەربىـيە ئۇسـۇللىرىدىن بىرىـدۇر. چـۈنكى بـالا بـۇ ۋاقىتتـا ئاتـا-ئانىسـىنىڭ قانچىلىـك رەنجىگەنلىكىنـى، ئۆزىنىـڭ راسـتىنلا خاتـا قىلغـانلىقىنى بىلىـدۇ ۋە خىجىللىـق هـېس قىلىدۇ-دە، قايتا قىلماسلىق نىيىتىگە كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ بىـزگە ئەڭ ئېسـىل ئـۈلگىلەرنى قالدۇرغان. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: «مەن پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ ئۆيىـدە ئۇنىـڭ خىزمىتىنـى قىلاتـتىم. بىـر كـۈنى پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام مېنـى بىـر ئىشـقا بۇيرۇغـان ئىـدى. مەن بازاردا ئويناۋاتقـان بـالىلارنى كـۆرۈپ قېلىـپ، ئـۇلار بىـلەن بىللە ئويناـپ قالدىم. بىر ۋاقىتتا پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالام كەينىمـدىن كېلىـپ مېنىـڭ بېشىمنى مۇبارەك قـولى بىـلەن يۇمشـاق تـۇتتى ۋە: "ئـى كىچىـك ئەنەس! مەن بۇيرۇغان يەرگە باردىڭمۇ؟" دېـدى ۋە كۈلـدى. مەن: "يارەسـۇلۇللاھ! هـازىرلا بـارىمەن" دېـدىم. ئاللاهنىـڭ نـامى بىـلەن قەسـەمكى، مەن پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ ئۆيىـدە يەتـتە يىـل خىـزمەت قىلـدىم. ماڭـا بىرەر قېتىممۇ نـېمە ئۈچـۈن مۇنـداق قىلـدىڭ؟ يـاكى نـېمە ئۈچـۈن بـۇنى قىلمىدىڭ؟ دەپ باققان ئەمەس.»[1]

### 8. قاتتىق كايىش بىلەن تۈزىتىش

باللار چوڭراق خاتالىق سادىر قىلغانـدا، يـاكى يېنىـك كـايىش بىـلەن كـۆز ئىشـارىتى ئۇلارغـا تەسـىر قىلمىغانـدا، ئۇلارنىـڭ خاتالىقىغـا قـاتتىق

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان 2310- هەدىس.

كـايىش ۋە ئـاچچىقلاش بىـلەن تـۈزىتىش بىرىشـكە تـوغرا كېلىـدۇ. بـۇ باللارنىـڭ ئەھۋالىغـا ۋە خاتالىقىنىـڭ دەرىجىسـىگە قـاراپ ئۆزگىرىـدۇ. خـۇددى باشـتا ئېيتقىنىمىـزدەك، يېنىـك كـايىش كـار قىلمىغانـدا، قـاتتىق كايىشـقا، كـۆز ئىشـارىتى كـار قىلمىغانـدا، ئەدەپلىـك ئاچچىقلىنىشـقا ئۆتىمىز.

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ ئۇسـلۇبنى ئەبـۇ زەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىڭ خەتەرلىك بىـر خاتالىقىغـا كەسكىن تـۈزىتىش بىرىـش ئۈچـۈن قوللانغان. ئەبـۇ زەر بىـلال رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ بىـلەن رەنجىشـىپ قېلىـپ، ئـۇنى «قـارا خوتۇننىـڭ بالىسـى» دەپ ئەيىـبلىگەن ئىـدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بـۇنى ئـاڭلاپ قـاتتىق بىئـارام بولغـان. چـۈنكى ئىسـلامدا بىراۋنىـڭ ئاتـا ـ ئانىسـىنى ئەيىـبلەش قـاتتىق چەكلەنـگەن قەبىـھ ئىشـلاردىن سـانىلىدۇ. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە مۇسـۇلمانلار نەسـەبتىكى قېرىنداشـلىقتىن ئۈسـتۈن ئىسـلامىي قېرىنداشـلىقتىن ئىبـارەت چـوڭ شەرەپكە ئىگە بولـۇپ تـۇرۇپ، بىلالنىـڭ قـارا تەنلىـك ئىكەنلىكىنـى تىلغـا ئېلىشى ئەڭ خەتەرلىـك بىـر جاھىلىيەت ئىللىتـى ئىـدى. شـۇ سـەۋەبتىن پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام ئەبـۇ زەرگە قـاتتىق تەلەپپـۇز بىـلەن: «ئۇنىـڭ ئانىسىنى ئەيىبلىـدىڭمۇ؟ سـەن جاھىلىيەتنىـڭ ئىللەتلىرىـدىن قۇتۇلـۇپ بولالمىغان ئادەم ئىكەنسەن»[1] دەپ كايىغان.

9. ۋاقىتلىق تەتۈر قارىۋېلىش بىلەن تۈزىتىش

ۋاقىتلىــق تەتــۈر قارىۋېلىشــنىڭ تەربىــيە جەھەتــتىن كــۆپلىگەن پايدىلىق تەرەپلىرى باردۇر. ئەمما بۇ ئۇسۇلدىكى تەتـۈر قـارىۋېلىش، سـۆز

(1) ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 5703 ـ ھەدىسى.

قىلماسلىق ۋە بالىنىڭ چىرايىغا قارىماسلىق ئۇزۇنغا سوزۇلماسلىقى شەرت. سۆزگە كىرمىگەن باللار ئۈچۈن بۇنداق قىلىش چوڭ جازانىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بالىنىڭ ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى بايقىغان هامان، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش ۋە قايتىدىن ئارىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ئۇسۇلنى ساهابىلىرىنى تەربىيە قىلىش ئۇسۇلى قاتارىدا قوللانغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ساهابىلەر ئۆزرىسىز تۇرۇپ تەبۇك غازىتىغا چىقمىغانلارنى بۇ ئۇسۇل بىلەن 50 كۈن جازالىغان. ئۇلارغا هېچكىم سۆز قىلمىغان، سالاممۇ قىلمىغان، ئارىسىغىمۇ ئالمىغان، ئۇلار ئۈچۈن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولۇپ قالغان، ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقمىغان گۇناهىغا قاتتىق تەۋبە قىلىپ، پۇشايمان قىلغان. ئاخىرى ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغانلىقى هەققىدە قۇرئان كەرىمدىن ئايەت چۈشكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى كەچۈرۈۋەتكەن. جازالانغانلارنىڭ بىرى بولغان كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئارىدا شۇنداق ئىچىم سىقىلغانكى، ماڭا كەڭ جاهان تار كەلگەن ئىدى.»

ئاللاه تائالا تەتۈر قارىۋېلىش ۋە سۆز قىلماي تەرك ئېتىش بىلەن جازالاش ئۇسۇلىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا تەلىم بېرىپ: ﴿وَاهْجُرْهُمْ هَجْرًا جَمِيلًا﴾ يەنى﴿ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن﴾[1] دېگەن.

10. مەھرۇم قىلىش بىلەن تۈزۈتۈش باللارنى بەزىدە ئۇلارغا بېرىپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇش ئارقىلىق

(1) 73- سۈرە مۇززەممىل 10- ئايەت.

جازالاشمۇ، تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر. باللارغا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى بەرمەسلىك، پۇلدىن قىسىش، باغچىلارغا ياكى باشقا كۆڭۈل ئاچىدىغان جايلارغا ئېلىپ بېرىشتىن توختىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭمۇ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن: ئەتىگەندە ۋە ئاخشاملىرى يېتىشتىن بۇرۇن چىشىنى تازىلاشقا ئادەتلىنىشكە ئۈنىمىغان بالىنى ۋاقتىلىق كەمپۈت، تورت، شاكىلات قاتارلىق تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن مەنئى قىلغانغا ئوخشاش.

11. بالىنىڭ دىققىتىنى بۇراش بىلەن تۈزىتىش

كىچىك بالا قولايسىز بىر ۋاقىتتا، مەلۇم بىر نەرسىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا ئىشقا بۇراش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بالا مۇناسىپ ئەمەس بىر ۋاقىتتا ئانىسىدىن بازاردىن مەلۇم بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ئانا ئۇنىڭغا: «ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى باشقا بىر نەرسە بەرسەم قانداق دەيسەن؟» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۇنى قايىل قىلغىنىغا ئوخشاش.

12. تەھدىت ۋە قورقۇتۇش بىلەن تۈزىتىش

يۇقىرىقى تۈزىتىش بېرىش ئۇسۇللىرى كار قىلمىغان بالىنى تاياق بىلەن ئەدەپلەيدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ تەھدىت قىلىش، ياكى دوستلىرى بىلەن ئويناشقا چىقىشتىن مەنئى قىلىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتۇشمۇ تەربىيە ئۇسۇللىرىدىن بىرىدۇر. ئەسلىدە تاياق بىلەن تەھدىت قىلىش باللار ئۈچۈن بەزى شارائىتلاردا تاياقتىنمۇ تەسىرلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تاياقتىن قورقىدۇ.

13. ئەدەپلەش ئارقىلىق تۈزىتىش

بالىلارنى ئۇرۇش ئەسلىدە توغرا ئەمەس. پەقەت بالىغا يۇقىرىقى تۆزىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسى مەنپەئەت قىلمىغان شارائىت ئاستىدا، چارىسىزلىكتىن ئۇنى ئۇرۇپ ئەدەپلەش يوللۇقتۇر. بۇ ئەڭ ئاخىرقى چارە بولۇپ، بۇ چارىنى قوللىنىشقا ھاجەت بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى ياخشى تەتبىقلاش كېرەك. ئەسلىدە، تەربىيە ئۇسۇللىرى جايىدا ۋە توغرا ئىشلىتىلسە، بالىلارنى ئۇرۇشقا ھاجەت قالمايدۇ.

## بالىلارنى ئۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان سەلبىي نەتىجىلەر

بالىلارنى ئۇرۇش تەربىيە ئۇسۇللىرىنىڭ ۋە تۆزىتىش بېرىش چارىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئىمكانقەدەر ئۇرماستىن مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم. چۈنكى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچكىمنى ئۇرۇپ باقمىغان.»(1)

دېمىسىمۇ، بالىنى ئۇرۇش ھەرگىزمۇ ئىجابىي نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەكسىچە داۋاملىق بالىلارنى ئۇرۇشنىڭ زىيىنى ئىنتايىن كۆپتۇر. بالا ئاتا-ئانىسىدىن تۇنجى قېتىم تاياق يېگىنىدە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئازابلىنىدۇ. كېيىن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغىنىڭىزدا بالىنىڭ غۇرۇرى يوقىلىشقا باشلايدۇ. ھەتتا تاياق ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدىغان، ئاتا-ئانىسغا قارىتا: «سەن ئۇرۇپ مۇرادىڭغا يەتكىن، مەن بىلگىنىمنى قىلىش بىلەن مۇرادىمغا يېتىمەن» دەيدىغان پسىخىكا شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز بالىڭىزنى ئۇرۇپمۇ يولغا سالالمايدىغان چارىسىز ھالغا چۈشۈپ قالىسىز.

---

(1) ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2327ـ ھەدىسى.

## باللارنى ئۇرۇشنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى

بالىلارنى ئالدىراپ ئۇرۇپ قويۇشتىن تۆۋەندىكىدەك سەلبىي نەتىجىلەر كېلىپ چىقىدۇ:

1. ئاتا-ئانىسىدىن ياكى مۇئەللىمىدىن تولا تاياق يەيدىغان بالا قورقۇنچاق، ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئاجىز بولۇپ قالىدۇ.

2. ئەرەبلەردە «قوپاللىق قوپاللىقنى تۇغدۇرىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. چۈنكى ئائىلىسىدە ئاتا-ئانىسىدىن يىرىكلىك ۋە قوپاللىق كۆرۈپ چوڭ بولغان بالىلار، باشقىلارغىمۇ شۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ، شۇ قوپاللىقنى داۋام قىلدۇرىدۇ.

3. ئالدىراپ بالىلارنى ئۇرۇش ئاتا-ئانىغا پۇشايمان كەلتۈرىدىغان ئىش. شۇڭا ئاتا-ئانا، ياكى تەربىيەچى بىردەملىك ئاچچىقىنى بېسىپ، بالىغا ئىمكانقەدەر ئۇرماستىن، چىرايلىق تەربىيە بېرىشى لازىم. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلارنى ئۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەركىلىتىدۇ. بۇمۇ ئىككىنچى بىر خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بالىنى ئۆز قىلمىشى سەۋەبلىك ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىماسلىق ۋە قەتئىيلىكنى كۆرسىتىش، ھەرگىز ئەركىلەتمەسلىك لازىم.

## باللارنى ئۇرۇشنىڭ شەرتلىرى

1. بالىلارنى ئون ياشقا توشماستىن ئۇرماسلىق.

2. بالىلارنى ئۇرغاندا بار كۈچىنى قوللانماسلىق.

3. قىرلىق ياغاچ، ياكى بىسلىق نەرسە بىلەن ئۇرماسلىق.

4. باللارنىڭ بېشىغا، يۈزىگە ۋە جان يېرىگە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش.

5. قاتتىق غەزەپلىك ھالەتتە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش.

6. باللارنى دوستلىرىنىڭ، ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ياكى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇرماسلىق.

7. باللارنى بىلمەستىن، ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن سادىر قىلغان خاتالىقلىرى سەۋەبلىك ئۇرماسلىق.

8. باللارنىڭ راستتىنلا يامان ئىش قىلغانلىقىنى ئېنىقلىماستىن ئۇرماسلىق.

9. يامان ئىش قىلغان باللارنىڭ بىرىنلا جازالاپ قالغانلىرىنى تەرك ئەتمەسلىك لازىم.

10. باللارنى كېرەك بولغىنىدا ئۇرۇش ھەققى ئاتا-ئانىنىڭلا ھەققىدۇر. ئاتا-ئانىسى بولمىغان باللارنىڭ ئاكىلىرى ۋە ئاچىلىرى ئاتا-ئانىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ـگەرچە ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ-ئۇلارنى ئۇرۇش ھەققى يوق.

# سۆھبەت ۋە دىيالوگ بىلەن تەربىيەلەش

بالىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىقمۇ كۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى سۆھبەتلىشىشتە ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا مەسىلىلەرگە قارىتا ئورتاق چۈشەنچە ۋە قانائەت ھاسىل بولىدۇ. سۆھبەت بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتكەندىن باشقا، ئۇلاردا ئۆزىنىڭ توغرا ۋە خاتاغا بولغان قانائەتلىك تونۇشنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى سۆھبەتنىڭ ئاساسلىق مەقستى قايىل قىلىشتۇر.

بالىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش تۆۋەندىكىدەك 4 خىل بولىدۇ:

1. ئۆگىتىش.

2. ھېسداشلىق قىلىش.

3. قىزىقتۇرۇش.

4. كېلىشىش.

**ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت**

بۇ خىل سۆھبەت ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان سۆھبەت تۈرى بولۇپ، ئاتا-ئانىلارنىڭ سۆھبەت يولى بىلەن بالىلىرىغا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتكۈسى كېلىدۇ. ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت، مۇئامىلە، مەكتەپنىڭ دەرسلىكى قاتارلىقلارنى سۆھبەت يولى بىلەن بالىلارغا ئۆگىتىش تولىمۇ ياخشىدۇر. ئەمما بالىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇلارنى تەنقىدلەيدىغان، ياكى تۆۋەن

چۈشــۈرىدىغان ســۆزلەردىن يىــراق تــۇرۇپ، بالىلارنىــڭ روھىنـــى كۆتۈرىدىغان، ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان ۋە قىزىقتۇرىدىغان ئىبارىلەرنى قوللىنىش لازىم.

مەسىلەن:

ـ ماڭا قويۇپ بەرگىن، بۇنى مەن ساڭا چۈشەندۈرەي...

ـ ئىككىمىز بىرلىكتە تەجرىبە قىلىپ باقساق قانداق دەيسەن؟

ـ سېنىڭ تاللىغىنىڭمۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ، بىراق مېنىڭكىنىمۇ ئاڭلاپ باقامسەن؟

ـ ئاۋۋال مېنىڭكىنى كۆزەتكىن، ئاندىن خۇددى مەن قىلغاندەك قىلغىن...

ـ ئويلىغانلىرىڭ توغرا، ئەمما ئازراق تۈزىتىشكە تېگىشلىك...

ـ بالام، سېنىڭ ئەقلىڭگە بارىكاللا!

دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى قوللىنىش ياخشىدۇر.

ئەمما:

ـ سېنىڭ ئەقىلسىزلىقىڭغا قارا...

ـ قارا دۆتلۈكىڭگە!...

ـ سەن ئۇنى ھەرگىز قىلالمايسەن...

ـ سەن بۇ ھالىڭ بىلەن قەتئىي ئالغا باسالمايسەن.

ـ نېمىشقا پالانچىدەك بولالمايسەن؟

ـ سەندە ئۈمىد يوق...

ـ سەن زادى ئادەم بولمايسەن...

دېگەنــگە ئوخشــىغان ســۆزلەرنى قىلىــش بالىلارنىــڭ غۇرۇرىغــا تېگىدىغان ۋە ئۇلارغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان سۆزلەردۇر.

**ھېسداشلىقنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت**

بالىلار ئىمتىھاندا تۆۋەن نومۇر ئالغانلىق، يـاكى مۇسابىقىدە بىرىنچى بولالمىغانلىق، ياكى قايسىبىر سەۋەب بىـلەن ئـۆزى غەمكىــن، مەنىـۋىيىتى چۈشــكۈن بولــۇپ قالغــان، يــاكى يــۇقىرى نومــۇر ئالغــانلىق، يــاكى مۇســابىقىدە ئۇتقــانلىق، يــاكى قايســىبىر خۇشــاللىق ئىــش ســەۋەبلىك قــاتتىق ھاياجانلانغــان ۋاقىتلىرىــدا، ئۇلارنىــڭ خۇشــاللىق يــاكى غەمكىـنلىكىگە ھېسداشـلىق قىلىـش ئاساسـىدا، ئـۇلار بىـلەن سـۆھبەت ئۆتكۈزۈشــنىڭ پايــدىلىق تەرەپلىــرى كــۆپ. مەســلەن: بــۇ ســۆھبەت ئارقىلىق بالىنى ئىلگىـرى قايىـل قىلـدۇرالمىغان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولـدۇ. چـۈنكى بـالا بۇنـداق ۋاقىـتلاردا ئـۆزلىرىگە ھېسداشـلىق قىلغان بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ ۋە نەسىھەتكە قۇلاق سالىدۇ.

بالىلارغا قىلىدىغان ھېسداشـلىق ئىجابىي بولۇشـى لازىـم. مەسـلەن: بالا مەكتەپـتىن «مـۇئەللىم مېنـى ئـۇردى» دەپ يىغلاپ كەلسـە، ئىشـنىڭ ھەقىقىتىنــى ئۇقماســتىن، مـۇئەللىمنى تىللاشـقا باشـلاش، يـاكى «خـوپ بوپتـۇ» دېگەنـگە ئوخشـاش دۆشـكەلەش سـۆزلىرىنى قىلىـپ بالىلارنىـڭ يارىسـى ئۈسـتىگە تـۇز سـېپىش سـەلبىي ھېسداشـلىق بولـۇپ سـانىلىدۇ. ئىجابىي ھېسداشلىق دېگەن بالىنىـڭ غەمكىنلىكـى بىـلەن تەڭ غەمكىـن بولــۇپ، مۇئەللىمــدىن تايــاق يېيىشــكە ئېلىــپ بارغــان ئىشــنىڭ قايتىلانماســلىقى ۋە قانــداق قىلغانــدا، مۇئەللىمنىــڭ سۆيگۈســىگە ئېرىشكىلى بولـدۇ، دېـگەن مـاۋزۇدا بـالا بىـلەن بىللـە سۆھبەتلىشـىپ،

بالىغا ئاۋۋال تەسەللى بېرىپ، ئۇنىڭمۇ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئاتا-ئانا ئۆزىنىڭ توغرا كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بالىنى قايىل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## قىزىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت

بالىلارنى ياخشى ئىشلارغا ۋە گۈزەل ئەخلاققا قىزىقتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان سۆھبەت بالىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىنى ياكى قازانغان بىرەر ئۇتۇقىنى ماختاش ئارقىلىق ئۇنى داۋاملىق شۇنداق ياخشى ئىش قىلىش ۋە ئۇتۇق قازىنىشقا ئۈندەشنى ئاساس قىلىدۇ. بالىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشىنىڭ نەقەدەر تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە قازانغان نەتىجىسىنىڭ ئاددىي ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ ئىشنىڭ داۋام قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەش ۋە بۇنداق چاغدا بالىنى ھەرگىز تەنقىد قىلماسلىق لازىم. بالىلار قولغا كەلتۈرگەن قانداقلا بىر نەتىجىنى كىچىك سانىماستىن، ئۇنىڭ كاتتا نەتىجە ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرۇش لازىم. چۈنكى بالىلار قىلغان ئاددىي بىر ياخشى ئىشنىمۇ، ئاتا-ئانىلاردىن بىرەرسىنىڭ «بۇ دېگەن ئاسان ئىش» دېيىشى بالىنىڭ مەنىۋىيىتىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ياخشى ئىشلاردىن سوۋۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## بىرەر ئىشتا كېلىششنى مەقسەت قىلغان سۆھبەت

كېلىشىش مەقسەت قىلىنغان سۆھبەت كۆپىنچە ھاللاردا بالىلارنىڭ تەلەپ قىلغان ئىشىغا رۇخسەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا بەزى شەرتلەرنى قوشۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مەسىلەن: بالا بىرەر ئاخشام ياتىدىغان ۋاقتىدىن كەچرەك يېتىشنى ۋە بۇ ئارىدا تېلېۋىزور كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئاتا-ئانا ئۇنىڭ كەچ ياتقانلىق سەۋەبلىك بامدات

نامىزىغا ئويغىنالماسلىقىدىن قورقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئاتا-ئانا بالىدىن بامداتقا ۋاقتىدا تۇرۇش ھەققىدە سۆز ئېلىشى، بالىمۇ بۇ ھەقتە ۋەدە بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلىپ بالا بىلەن ئاتا-ئانا ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم ھاسىل بولغان بولىدۇ. ناۋادا بالا سۆزىدە تۇرمىسا، كېيىنكى قېتىمدا ئۇنىڭ تەلىپىنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقى باشتا ئەسكەرتىلىدۇ.

دېمەك، كېلىشىش ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا تولۇق قانائەت ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ. ئاندىن ھەر ئىككى تەرەپ ۋەدىسىدە تۇرىدۇ.

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئانىنىڭ بالىلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى سوراپ تۇرۇشىنى ۋە بالىلار دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق، ياكى قانداقلا بىر مەسىلە بولسا، ئۇنى ھەل قىلىش يولىدا بالىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ۋە پىكرىنى ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

**بالىلارنى گەپكە كىرگۈزۈش چارىسى**

ھازىرقى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ كۆپ دەيدىغان سۆزى «بالام سۆزۈمگە كىرمەيدۇ» دېيىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ دەردى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا زادى قانداق قىلىپ بالىلارنى قورقۇتماستىن، تىللىماستىن، ئۇرماستىن، چىرايلىقچە سۆزگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟

بالىلارنى بۇيرۇق شەكلىدە ئىشقا بۇيرۇش كۆپ ھاللاردا ئۇلارنى ئىسيانكارلىققا ئاپىرىپ قويىدۇ. چۈنكى بالىلار ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقاننىڭ بۇيرۇق ئەمەس، بەلكى تەلەپ، ياكى ئۆتۈنۈش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا چوقۇم ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ.

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بۇ جەھەتتە ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

1. باللارغا كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ۋە ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر خۇددى قوماندانىنىڭ ئەسكەرلەرگە چۈشۈرىدىغان كەسكىن بۇيرۇقىغا ئوخشاپ قالماستىن، بەلكى تەلەپپۇزىدىن مۇلايىملىق، تەبەسسۇم، يېقىملىق چىقىپ تۇرىدىغان سىلىق ۋە يۇمشاق ئۆتۈنۈشلەردىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. شۇ ۋاقىتتا باللار ئاتا-ئانىسىنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى كىچىككىنە ئۆرمەستىن ئورۇندايدىغان بولىدۇ.

2. باللارغا ۋارقىراشتىن، قاتتىق تەلەپپۇزدا ئىشقا بۇيرۇشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ۋارقىراش، ئاچچىقلىنىش، چېچىلىش دېگەنلەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى ئاجىز ئادەملەرنىڭ قىلىقىدۇر. مۇنداق ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئادەم باللىرىنى قايىل قىلالمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنى سۆزىگە كىرگۈزەلمەيدۇ. چۈنكى باللارنى سۆزگە كىرگۈزىدىغان سېھىرلىك چارە سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە چىرايلىق سۆزلەردۇر. بىزدە «چىرايلىق سۆز تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار ئەمەسمۇ.

3. تەلەپلەرنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە شەكىللىرى ھەرخىل ۋە جەلپ قىلارلىق بولۇشى لازىم. مەسىلەن: «ئويۇننى قوي، تېزدىن تەييار بول، سىرتقا چىقىمىز» دېيىشنىڭ ئورنىغا « بالام، سىرتقا چىقىشقا تەييار بولامسەنكىن»، ياكى بالا تېخىمۇ كىچىك بولسا «قايسىمىز بۇرۇن تەييارلىنىپ بولىمىزكەن قېنى، بەسلىشەيلىمۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش بالىنى قىزىقتۇرىدىغان سۆزلەرنى قىلغانغا ئوخشاش.

4. باللارغا ئاخشىمى ئۇخلايدىغان ۋاقىتتا، بېشىدا ئولتۇرۇپ قىسسە ئوقۇپ بېرىشنى ئۇنۇتماسلىق لازىم. باللارنىڭ مەلۇماتىنى كېڭەيتىش ۋە ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشتە قىسسىنىڭ پايدىسى چوڭدۇر. ئۇنىڭ

ئۇستىگە باللار ئاخشىمى ياتقان ۋاقىتتا كۆپرەك خىيال سۈرىدۇ ۋە ئويلايدۇ. قىسسىدىكى قەھرىمانلار ۋە ئەجايىپ شەخسلەردەك بولۇشنى ئويلايدۇ ۋە بەل باغلايدۇ.

5. بالىنىڭ قىلغان ئاددىي ئىشىنىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ بېرىش. مەسىلەن: «ئابدۇللا بۈگۈن ياتقان يېرىنى ناھايىتى رەتلىك يىغىپتۇ ۋە ياتقىنى پاكىز ساقلاپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭ ئەكسىچە باللارنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا سۆكۈش چوڭ خاتالىقتۇر. مۇنداق قىلىش بالىنىڭ قەستەن يامان يولنى تاللىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

6. باللارنى ئىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئادالەت بىلەن ئىش تەقسىم قىلىش ۋە ئۇنى بۇيرۇق شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئۆتۈنۈش ۋە تەلەپ شەكلىدە قىلىش كېرەك. مەسىلەن: «ئەھمەد، خالىساڭ سەن ياتىقىڭنى رەتلە، مۇھەممەد ئاشخانىنى تازىلىسۇن»، ياكى «ئامىنە، قىزىم خالىسىڭىز سىز ئۆيىنى سۈپۈرۈڭ، ھەدىڭىز ھويلىغا سۇ چاچسۇن» دېگەنگە ئوخشاش.

7. باللارغا بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە كۆپ تەلەپلەرنى قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن: تىز بول، تاھارەت ئال، ناماز ئوقۇ، ياتىقىڭنى يىغىشتۇر، دەرسىڭنى مۇزاكىرە قىل» دېگەنلەرگە ئوخشاش بىر قانچىلىغان تەلەپلەرنى بۇيرۇق شەكلىدە بىرلا ۋاقىتتا قويۇش باللارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ.

8. باللارغا بەرمەكچى بولغان بۇيرۇقلارنى ھەممە بىلىدىغان مەخسۇس ئىشارەتلەرگە ئايلاندۇرۇش، ياكى يېزىپ تامغا چاپلاش. مەسىلەن: باللارنىڭ ئاخشىمى ياتىدىغان ۋاقتى بىلەن ئەتىگەن

ئۆيقۇدىن تۇرىدىغان ۋاقىتلىرىنى، ھەتتا ئۆگىنىش قىلىدىغان ۋاقىتلىرىنى باللار بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق ئالدىن بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى ئاتا-ئانا دېمىسىمۇ شۇ سائەتتە ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىلىدىغان بولۇشى لازىم. باللار بەربىر باال بولغانلىقتىن، ئاتا-ئانا ھەمىشە ئېسىگە سېلىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا باللارنىڭ ئۇخلايدىغان، تۇرىدىغان، ئۆگىنىش قىلىدىغان، ناشتا قىلىدىغان، كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقىتلىرىنى جەدۋەل قىلىپ يېزىپ، ئۇالرنىڭ ياتىقىغا چاپالپ قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىشالردىن قايسىبىرىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە باللارنىڭ ئېسىگە سېلىش ئۈچۈن سائەتنىڭ زىل چېلىشى دېگەنگە ئوخشاش بىرەر مەخسۇس ئىشارەتكە كېلىشىۋېلىش الزىم. مۇنداق قىلىش ئاتا-ئانىنى كۆپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشتىن ساقالپ، باللارنىمۇ راھەتلەندۈرىدۇ.

## باللارغا قانداق «ياق» دېيىش كېرەك؟

ئاتا-ئانىالرنىڭ باللارنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىش ئۇسۇلى مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى باللارغا پەقەت «ياق» دېيەلمەيدىغانالر، يەنە بىرى «ياق»تىن باشقىسىنى دېمەيدىغانالردۇر. بۇالرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتۇر. ئىشالرنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرھال بولغىنىدەك، باللارنىڭ تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىشتىمۇ ئوتتۇراھال بولۇش الزىم. باللارنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل دېيىش چوڭ خاتالىق بولغىنىدەك، ئۇالرنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىگىمۇ ھەمىشە ياق دەپ تۇرۇۋېلىشمۇ شەپقەتسىزلىكتۇر.

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ماۋزۇدا تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

1. بالىغا ياق دېمەكچى بولغانىدا، بۇ «ياق» دېگەن سۆزنىڭ قايىل قىلارلىق ۋە تەسىرلىك بولۇشى ئۈچۈن، بالىغا «ياق»دېگەنلىكنىڭ سەۋەبىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بالا قايىل بولىدۇ ۋە ئاتا-ئانىسىدىن رەنجىمەيدۇ.

2. «ياق» دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز قىلغانىدا، ئاچچىق ياكى غەزەپ ئارىلاشتۇرۇپ قاتتىق ئېيتماستىن، يۇمشاق تەلەپپۇزدا، نورمال سۆزلەر قاتارىدا ئېيتىش لازىم. بەزىدە «ياق» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئۇنىڭدىن كۆرە مۇنداق قىلساق قانداق دەيسەن؟» دەپ بالىغا باشقا بىر تاللاشنى سۇنۇشنىڭ ئىجابىي نەتىجىسمۇ ياخشى بولىدۇ.

3. «ياق» دېگەندىن كېيىن، بۇ سۆزىمىزگە ئاخىرغىچە ئىگە بولۇپ، يېنىۋالماسلىقىمىز لازىم. بالىنىڭ يىغىسىغا قاراپ، ياكى ئىچىمىز ئاغرىپ سۆزىمىزدىن يېنىۋالساق، باللارنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسى ئاجىزلاپ قالىدۇ ۋە كېيىنچە «ياق» دېگەنگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا «ياق»نى ئاسانلىقچە ئېغىزدىن چىقارماسلىق كېرەك. ناۋادا چىققان ئىكەن، چوقۇم ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

4. ئاتا-ئانىلاردىن بىرەرسى «ياق» دېگەن ئىشقا، يەنە بىرسىنىڭ «ماقۇل» دېيىشى تەربىيەنىڭ بىلگە تېپىدىغان چوڭ خاتالىق بولۇپ، ھەتتا ئانىنىڭ ئاتا بۇيرۇغان ئىشنى يەڭگىللىتىپ بېرىشىمۇ چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاتا بالىغا ئېغىر بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرغىنىدا، ئانا بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا ياردەملەشسە بولىدۇ، ئەمما ئاتىنىڭ تاپشۇرغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇنسا قەتئىي بولمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىنىڭ كۆزىدە ئاتىنىڭ ئىناۋىتى ۋە ھەيۋىسى يوق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ۋە كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## قانداق قىلغاندا بالىلاردىن «ياق»نى ئازايتقىلى بولىدۇ؟

كىچىك بالىلار ئادەتتە «ماقۇل» دېگەن سۆزگە قارىغاندا «ياق» دېگەن سۆزنى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. تاماق يەمسەن؟ ياق، سۈت ئىچەمسەن؟ ياق، دېگەنلەرگە ئوخشاش بىر قاتار «ياق»لار كىچىك بالىلارنىڭ ئاغزىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدۇ.

تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى بالىلارنىڭ «ياق»دېيىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

1. بالىلارغا ئۇدۇللا سوئال قويماستىن، بەلكى يەنە بىر تاللاشنىمۇ بىرلىكتە سۇنۇش لازىم. مەسىلەن: سۈت ئىچەمسەن؟ دېگەننىڭ ئورنىغا، سۈت ئىچەمسەن ياكى مېۋە سۈيىمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش.

2. ئۆزىمۇ بىلىدىغان بىر ئىشتا بالىنىڭ رايىنى سوراشنىڭ ئورنىغا، خاتىرىلىتىپ قويۇش لازىم. مەسىلەن: ئەمدى ئۇخلامسىز؟ دېگەننىڭ ئورنىغا، ئەمدى ئۇخلاشنىڭ ۋاقتى كەلدى، ئۇخلىمساق ئەتە سەھەر تۇرالمايمىز، دېگەنگە ئوخشاش.

3. ئىككى ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان بالىلارنىڭ «ياق»نى كۆپ دېيىشى تەبىئىي ئەھۋال. بۇ ئۇلارنىڭ يېتىلىشى، شۇنداقلا مۇستەقىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلىش يولىدىكى باسقۇچتۇر. شۇڭا بىز بالىلارنىڭ «ياق»دېيىشلىرىدىن رەنجىپ قالماسلىقىمىز ۋە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

# ئائىلىنىڭ قائىدە-تۈزۈمى قانداق بولۇشى كېرەك؟

كۆرۈۋاتىمىزكى، ئادەتتە شىركەتلەرنىڭ روناق تېپىشى، ياكى راۋاج تاپالماي مەغلۇپ بولۇشى پەقەت شۇ شىركەتنى باشقۇرۇشقا باغلىق ئىش. ئائىلە ھەر قانداق شىركەتتىن قېلىشمايدىغان مۇكەممەل بىر مۇئەسسەسە. شۇڭا، ئائىلىمۇ ئەلۋەتتە مەلۇم قائىدە-تۈزۈمگە ئېھتىياجلىقتۇر.

ئائىلىدە قائىدە-تۈزۈم بولغاندىلا ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدىغان بولىدۇ.

بالىلارمۇ ئائىلىدە مۇئەييەن بىر قائىدە-تۈزۈمگە موھتاج بولىدۇ. گەرچە بالىلار گاھىدا قائىدە-تۈزۈمنىڭ بېسىمىدىن سىقىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، نورمال ئەھۋالدا قائىدە-تۈزۈم بويىچە ئىش كۆرۈشنى ياقتۇرىدىغان كېلىدۇ. چۈنكى بىر ئائىلىدە مەلۇم قائىدە-تۈزۈمنىڭ بولۇشى بالىلارنىڭ مۇقىملىق، خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق ھېس قىلىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ.

## قائىدە-تۈزۈمنى قانداق تۈزۈش كېرەك؟

ئاتا-ئانا بالىلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولغان مۇناسىپ بىر ۋاقىتنى تاللاپ ئۇلار بىلەن ھەممە باراۋەر ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىدۇ ۋە ئۆيدە بالىلارنىڭ ناماز ئوقۇش، ئۆگىنىش قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئۆي ئىشىغا ياردەم قىلىش، تېلېۋىزور كۆرۈش، ئۇخلاش ۋە ئويغۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ ۋاقىت-سائەتلىرىنى بەلگىلەش ھەمدە ئۇنىڭغا مۇكاپات ۋە جازالارنى بېكىتىش توغرىسىدا بىرلىكتە باش قاتۇرۇش ئارقىلىق،

ئاخىرى ھەممەيلەنگە ئورتاق بولغان مەلۇم بىر قائىدە-تۈزۈمنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

قائىدە-تۈزۈملەرنى بالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تۈزگىلى سېلىپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلغانلارغا مۇكاپات بېرىش، خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشنىمۇ بالىلار بىلەن كېڭىشىپ بىرلىكتە بېكىتىپ چىقىشنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار. چۈنكى بالىلارنىڭ ئۆزلىرى تۈزگەن تۈزۈمگە ئەمەل قىلىش نىسبىتى ئەلۋەتتە يۇقىرى بولىدۇ.

## ئائىلە مەجلىسىنىڭ(ياكى سۆھبىتىنىڭ) زۆرۈرلۈكى

ئائىلە مەجلىسى—ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەپتىلىك، ياكى ئايلىق جەم بولۇپ ئولتۇرۇشى ۋە ئارىدىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بولسا، بىرگە مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىشى دېگەنلىكتۇر.

ئائىلە مەجلىسىنىڭ ئەھمىيىتى كۆپ بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرى مەيلى چوڭ ئادەم بولسۇن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن، ئۆز پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە ئائىلىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا باش قاتۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگىدۇر. بۇنىڭدا ئائىلە ئەزالىرىدىن ھەربىرىنىڭ ھۆرمىتى، پىكىر بېرىش ھوقۇقى قوغدالغانلىقتىن، بالىلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچلىنىدۇ، ئائىلىنىڭ ئورتاق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا بولغان تىرىشچانلىقى ئاشىدۇ. بالىلار ئائىلىنىڭ ھۇزۇرىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى ساقلاش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلىدۇ.

ئائىلە مەجلىسىدە، ئائىلىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر، قىيىنچىلىقلار ۋە ئائىلە ئەزالىرىدىن سادىر بولغان كەمچىلىكلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇلۇپ، ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىش ۋە كېڭىشىش

بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئائىلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان يىغىلىشلار، ساياھەتكە بېرىش مەسىلىسى، سەيپەرگە چىقىش ۋاقتى... قاتارلىقلارمۇ ئورتاق كېڭىشىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ.

مۇنداق ئائىلە مەجلىسلىرى باللارنى مەسئۇلىيەتچانلىققا كۆندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى جەمئىيەتكە ياراملىق قىلىپ تەييارلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. چۈنكى باللار ئائىلىدە ئۆگەنگەن تەرتىپ-ئىنتىزام، مەسئۇلىيەتچانلىق، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە دادىل ئوتتۇرىغا قويۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى كېيىنچە جەمئىيەتكىمۇ تەتبىقلىيالايدىغان بولىدۇ. ئائىلە مەجلىسى نورمالدا بىر ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ مەيلى، ئەمما ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا جىددىي توپلىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

# باللارنىڭ سوئاللىرىغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟

باللار ئادەتتە سوئاللىرىنى يوشۇرالمايدۇ. بەلكى كۆڭلىگە كەلگەن سوئالنى شۇ هامان ئاتىسىدىن، ياكى ئانىسىدىن، ۋەياكى مۇئەللىمىدىن سوراپ بىلىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. باللارنىڭ سوئال سورىشى ئىجابىي ئىش. چۈنكى سورىماقچى بولغانلىرىنى كېچىكتۈرۈپ سوراش باللارغا نىسبەتەن بىلىشكە تېگىشلىك كۆپ مەلۇماتلارنى ۋە ئىلىم-مەرىپەتلەرنى قولدىن بېرىش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەتتە باللار بىر نەرسە ئەقلىگە كەلگەن هامان ئۇنى سوراپ ئۆگىنىۋالمىسا، كېيىن ئۇنى سوراشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئەپسۇسكى كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ تولا سوئال سوراشلىرىدىن زېرىكىپ قالىدۇ، بەزىدە جاۋابمۇ بەرمەيدۇ، جاۋاب بەرگەندىمۇ خوش ياقمىغان قىياپەتتە جاۋاب بېرىشىدۇ. بۇ سەلبىي مۇئامىلىدۇر. سوئال سوراش باللارنىڭ ئەڭ نورمال ھەقلىرىدىن بىرى بولۇپ، تولۇق جاۋاب بېرىش ئاتا-ئانىنىڭ ۋە مۇئەللىمنىڭ ئۇنىڭدىن باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسىدۇر.

ئىلمىي تەتقىقاتلار باللارنىڭ سۆزلىرىنىڭ 15%ى سوئال سوراش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

**باللارنىڭ سوئال سورىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار**

باللارنىڭ سوئال سورىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار كۆپ. مەسىلەن:

1. باللارنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆزگىچە تونۇشلۇق بولمىغان شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشكە بولغان قىزىقىشى.

2. بەزى كۆرۈنۈشلەردىن، ۋەياكى بەزى نەرسىلەردىن بىئارامىلىق ھېس قىلىشى

3. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ سۆز قىلىش ۋە سوئال قويۇش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىشى.

4. چوڭلارنى تەقلىد قىلىشقا قىزىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئىسپاتلاش ھەۋىسى.

5. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ئارزۇسى.

نېمىلا بولمىسۇن، باللارنىڭ كۆپ سوئاللارنى سوراپ، بىلىمگەنلىرىنى بىلىپ تۇرغىنى ياخشى.

## تەربىيەچىلەرنىڭ سوئاللارغا قارىتا سەلبى مۇئامىلىسى

ئەپسۇسكى، مەيلى ئاتا-ئانىلار، مەيلى مەكتەپتىكى تەربىيەچىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى باللارنىڭ سوئاللىرىغا قىزىقمايدۇ. مۇناسىپ جاۋاب تېپىپ بېرىشتىن قورقۇپمۇ، ياكى باللارنىڭ سوئاللىرىنى ئەھمىيەتسىز دەپ قارىغانلىقتىنمۇ، باللارنىڭ سوئاللىرىغا قايىل قىلارلىق جاۋاب بەرمەيدۇ. بۇ ئەھۋال ئائىلىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

## جاۋاب بېرىشتىكى سەلبىي مۇئامىلىلەر

بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۆۋەندىكىدەك سەلبىي مۇئامىلىلەر ساقلانماقتا:

1. بالىلارنىڭ سوئالىغا قاتتىقلىق بىلەن سىلكىپ جاۋاب بېرىش ۋە بالىنىڭ ئاغزىنى يۇمۇشقا تىرىشىش. ئاتا ـ ئانىلار مۇنداق قىلىش ئارقىلىق بالىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىن بىرىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ، شۇنداقلا بالىنىڭ پىكىر دائىرىسىنى ۋە چۈشەنچە دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارزۇسىنى بوغۇپ قويغان بولىدۇ.

2. بالىلارنىڭ سوئاللىرىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ئاددىي سىناش، سوئال سوراۋاتسا دىققىتىنى يىغماستىن، ئاغزىغا كەلگەن بويىچە قىسقا ۋە خاتا جاۋاب بېرىپ قويۇش. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بۇ قىلىقى سەۋەبلىك بالىلار ئۆز دۇنياسىدا يالغۇز ياشاش يولىنى تاللىۋالىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مۈشكۈللىرىنى ئۆزلىرىلا ھەل قىلماقچى بولۇشىدۇ ـ دە، خاتالىقلارغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا ـ ئانىنىڭ يۇقىرىقى سەلبىي مۇئامىلىسى سەۋەب بولىدۇر.

چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلارنى كۆپرەك سوئال سوراشقا ئۈندەش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا قىزىقتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار.

3. بالىلارنىڭ خېلى مۇھىم سوئاللىرىغىمۇ ئويلىماستىنلا كەلسە ـ كەلمەس خاتا جاۋابلارنى بېرىپ قويۇپ، بالىنى يالغاندىن قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇش. بۇ كەچۈرۈشكە بولمايدىغان جىنايەت قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانا بىرەر قېتىملىق خاتا جاۋابى بىلەن بالىنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

مۇنداق ئەھۋالدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ چوڭ زىياننىڭ بىرى چوقۇم كېلىپ چىقىدۇ:

1. بالىلار كېيىنچە، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىلگىرى بەرگەن جاۋابلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۆگەنگىنىدە، ئاتا-ئانىسىغا بولغان ئىشەنچىسى، ئەقىدىسى ۋە ھۆرمىتى ئازىيىپ قالىدۇ.

2. ئاتا-ئانىسى قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمىگەنلىكتىن كېيىن، بالا بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى باشقا يەرلەردىن ئىزدەيدۇ. بۇ جەرياندا كۆپرەك خاتا ۋە خەتەرلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخلاقى بۇزۇلىدۇ.

3. بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ خاتا ۋە يېتەرسىز جاۋابلىرىغا قانائەت قىلىپ، شۇ خاتا چۈشەنچە بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئاخىرىغىچە خاتا ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانىلاردىن، ياكى مۇئەللىمدىن سادىر بولغان خاتا جاۋابلار بالىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىدىغان خەتەرلىك ئىشلار بولۇپ، بالىلارغا ئىلمىي، ئەقلىي ۋە پسىخىكا جەھەتلەردىن كۆپلىگەن زىيانلارنى يەتكۈزىدۇ. بۇنى ئاز دەپ بالىلارنى ئىزدىنىش قىزغىنلىقىدىن سوۋۇتۇپ قويىدۇ.

## تەربىيەچىنىڭ سوئاللارغا قارىتا مەسئۇلىيەتلىرى

1. بالىلارنى سوئال سوراشقا ئۈندەش، قىزىقتۇرۇش ۋە تەشەببۇس قىلىش. خۇسۇسەن، ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارا قىلىشنى خالىمايدىغان بالىلارنى كۆپرەك سوئال سوراشقا رىغبەتلەندۈرۈش.

2. بالىلارنىڭ سوئاللىرىنى خۇشاللىق ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىش.

3. باللارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، ئۇلارنىڭ يېشى ، ئەقلى ۋە بىلىم سەۋىيەسىگە مۇناسىپ جاۋابلارنى بېرىش. ئەپسانىلەرنى، خۇراپاتلارنى باللارغا ھەرگىز سۆزلەپ بەرمەسلىك لازىم.

4. باللارنىڭ سوئالىغا ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك جاۋاب بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇلار باللار ئۆزلىرى تەپسىلىيرەك جاۋاب تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىگە قاراپ مۇۋاپىق دەرىجىدە كېڭەيتىپ جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

5. باللار قېيىن ۋە مۇرەككەپ سوئاللارنى سورىسا، قانائەتلىك جاۋاب بېرىشكە كۆزى يەتمىگەن ئادەم، كېيىن ئىزدىنىپ جاۋاب بېرىشكە ۋەدە قىلىپ شۇنداق قىلسا بولىدۇ. مۇنداق قىلىش كاللىدىن ئويدۇرۇپلا خاتا جاۋاب بەرگەندىن مىڭ مەرتىۋە ئەۋزەلدۇر.

**باللارنىڭ ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرى**

كىچىك باللارنىڭ ئەڭ كۆپ سورايدىغان سوئاللىرىنىڭ بىرى، «بىز نەدىن كەلدۇق» دېيىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ياراتقۇچىنىڭ يېگانە ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇچۇن ئاللاھ تائالا، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، پەرىشتىلەر، شەيتان، جىن، ئۆلۈم، ئاخىرەت ھاياتى، جەننەت، دوزاخ... قاتارلىقلار توغرىلىق ئىزدىنىش تېمىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانا باللارنىڭ بۇنداق مۇھىم سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن چوقۇم دىنىي ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ، ياكى قولىدا كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ، توغرا، چۈشىنىشلىك ۋە قانائەتلىك جاۋاب بېرىشى لازىم.

مەسىلەن: بالا ئاللاھ تائالا ھەققىدە سوئال سوراپ: ئاللاھ تائالا نەدە؟ ئۇنى نېمىشقا كۆرمەيمىز؟ ئۇ كىمگە ئوخشايدۇ؟ دېسە، بىز ئۇنىڭغا: ئاللاھ تائالانى بىز كۆرمىگەن بىلەن ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىمدە:﴿ لَا تُدْرِكُهُ الْأَبْصَارُ وَهُوَ يُدْرِكُ الْأَبْصَارَ﴾يەنى ﴿ كۆزلەر ئاللاھنى كۆرەلمەيدۇ، ئەمما ئۇ كۆزلەرنى كۆرىدۇ﴾ دېيىلگەن، دەپ جاۋاب بەرسەك، 3~4 ياشلاردىكى بالىلار گەرچە بۇ جاۋابنى ھامان چۈشىنەلمىسىمۇ، ئەمما قوبۇل قىلىدۇ. كېيىنچە چوڭ بولغاندا بۇ جاۋابنىڭ توغرىلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق كىچىك بالىلارغا جاۋاب بېرىش ئۇسۇلى پەقەت مىسال كەلتۈرۈش بىلەن بولغىنى ياخشى. مەسىلەن بىز بالىدىن:

ــ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى مىدىرلايدۇ، شۇنداقمۇ؟ دەپ سورايمىز. بالا:

ــ ھەئە، مىدىرلايدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئۇنىڭدىن:

ــ بۇ ياپراقلارنى مىدىرلاتقان نېمە؟ ــ دەپ سورايمىز. بالا:

ــ شامال، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن بالىدىن سورايمىز:

ــ سەن شامالنى كۆردۈڭمۇ ياكى تۇتۇپ باقتىڭمۇ؟، ــ بالا:

ــ ياق، ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ، تۇتقىلىمۇ بولمايدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن بىز بالىدىن:

ــ شامالنى كۆرمىسەكمۇ، ئۇنىڭ بارلىقىدىن شەكلەنمەيمىز شۇنداقمۇ؟ ــ دەپ سورايمىز. بالا:

ـ ئەلـۋەتتە شـۇنداق، بىـز شـامالنى كۆرمىسـەكمۇ ئۇنىـڭ تەسـىرىنى كـۆرەلەيمىز ئەمەسـمۇ؟ ـ دەپ جـاۋاب بەرگەنـدىن كېـيىن، بىـز ئۇنىڭغـا دەيمىز:

ـ خـۇددى شـۇنىڭدەك بىـز ئـاللاھ تائـالانى كۆرەلمىسـەكمۇ ئۇنىـڭ بارلىقىنىــڭ ئــالامەتلىرىنى كــۆرۈۋاتىمىز. جــان، ۋىجــدان، كۆڭــۈل، مــۇھەببەت، نەپــرەت، هــاۋا... قاتــارلىقلار بــار تۇرۇقلــۇق، ئــۇلارنى كۆرەلمەيمىز ياكى تۇتالمايمىز. ئەمما بارلىقىـدىن شـەك قىلمـايمىز. دۇنيـادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، بىز كۆرەلمەيدىغان شەيئىلەر بەك كۆپ.

شـۇنىڭدىن كېـيىن بالىغـا پەرىشـتە، جىـن، شـەيتان، جەنـنەت، دوزاخ قاتـارلىقلار ھەققىـدىمۇ سـورىغىنىغا قـاراپ مۇناسـىپ جـاۋابلارنى بېرىشـكە بولىدۇ.

# پەرزەنت تەربىيەسىدىكى بەزى خاتالىقلار

## دۇنيالىقنى دەپ ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش

دۇنيالىققىلا بېرىلىپ، ئاخىرەتلىكنى ئۇنتۇپ كېتىش كۆپىنچە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ. كۆرۈۋاتىمىزكى، ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ دۇنيالىق ئىشلىرىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاخىرەتلىكى توغرىلىق سۆز ئاچمايدۇ. ئۇلار بالىلىرىغا ياخشى ئوقۇپ دىپلوم ئېلىپ چوڭ مەنسەپلەرگە، ئالىي تۇرمۇشقا ئېرىشىش ۋە يۈز-ئابرۇي قازىنىش توغرىسىدا نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ خاتا تەرىپى يوق. ھەر قانداق ئاتا-ئانا بالىلىرىنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما بالىلارنىڭ قەلبىگە دىپلوم ئۈچۈنلا ئوقۇماستىن، ئۆزىگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان بىلىملەرنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق خەلققە مەنپەئەتلىك ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئوقۇشتىن ئىبارەت غايىنى پۈكتۈرۈش ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

يەنە بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش ئەھۋالىنى، ئۆگىنىش قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرى ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتىكى ئەھۋالىنىڭ قايسى دەرىجىدە كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سورىمايدۇ.

نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇۋاتامدۇ، ياكى تاشلىۋەتتىمۇ؟

ئەتىگەن-ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىرلەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتامدۇ، ياكى ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟

مۇئەللىمگە ۋە دوستلىرىغا دۇرۇس مۇئامىلە قىلىۋاتامدۇ، ياكى يالغان ئېيتامدۇ؟

ئىمتىھاندا دۇرۇس بولامدۇ، ياكى كۆچۈرۈپ تاپشۇرامدۇ؟ بۇلارنى سوراپ قويمايدۇ.

## بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى

1. ئىش شۇنداق داۋام قىلىپ كېتىۋەرسە، باللار چوڭ بولغاندا ماددىينى مەنىۋىي بايلىقلارنىڭ ئالدىغا قويىدىغان، ھەر ئىشتا ماددىي مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان، مەنىۋى قىممەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2. كىچىكىدىن ئىبادەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈلمىگەن باللارغا، چوڭ بولغانلىرىدا بۇ ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

3. ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن دىن-ديانەت، ئەخلاق-پەزىلەت نۇقتىسىدىن دائىم نازارەت قىلىنمىغان باللارنىڭ ھەر خىل يامان يوللارغا كىرىپ كېتىش ئېھتىمالى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

## بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. ئاتا-ئانا ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَكَأَيِّنْ مِنْ دَابَّةٍ لَا تَحْمِلُ رِزْقَهَا اللَّهُ يَرْزُقُهَا وَإِيَّاكُمْ﴾يەنى﴿نۇرغۇنلىغان جانلىقلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ﴾ [1]

(1) 29-سۈرە ئەنكەبۇت 60-ئايەت.

دېگەن سۆزىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنچ قىلىپ، «رىزىق پەقەت ئاللاھ تائالادىندۇر» دېگەن ھەقىقەتكە قارىتا ئىماننى يېڭىلىشى لازىم.

2. ھەقىقىي ئۇتتۇقنىڭ ئۆلچىمى ئالىي دىپلوملارنى ئېلىش ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق ۋە دۇرۇسلۇق ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارمىغان ئاساستا ئىش كۆرۈشى لازىم.

3. ئاتا-ئانىلار ئاخىرەتلىك بىلەن بۇ دۇنيالىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىغان ھالدا، باللارنىڭ ھەم دۇنيالىق، ھەم ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلىشى، ئاخىرەتلىكنى دۇنيالىقنىڭ ئالدىغا قويۇشنى ئۆگىتىشى لازىم.

4. ئەگەر ئاتا-ئانىلار غەپلەتتىن ئويغىنىپ، باللىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولمايدىكەن، كېيىنچە ئۇلار بۇ چوڭ خاتالىقنىڭ بەدىلىنى چوقۇم ئېغىر بىر شەكىلدە تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## كىچىك باللارنى چوڭلاردىن قاچۇرۇش ئادىتى

بەزى ئاتا-ئانىلار كىچىك باللىرىنى چوڭلارغا ئارىلىشىشتىن توسىدۇ، ئۇلاردىن قاچۇرىدۇ، ھەتتا ئۆيگە مېھمان كەلگەندىمۇ باللارغا مېھماننىڭ ئالدىغا كىرمەسلىك ھەققىدە قاتتىق تەلىماتلارنى بېرىدۇ. بۇ بەزى ئائىلىلەردىكى قالاق ئادەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن، ياكى باللارنىڭ مېھماننىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇشىدىن قورققانلىقتىن بولۇشى مۇمكىن.

### بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى

1. باللاردا چوڭلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورقۇش پسىخىكىسى يېتىلىپ قالىدۇ.

2. بالىلاردا كىشىلەردىن خىجىل بولۇش، تارتىنىش ۋە مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماسلىق كەيپىياتى يېتىلىدۇ.

3. بالىلاردا ياالغۇزلۇقنى تاللىۋېلىش، چوڭلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىدىن خەۋەرسىز قېلىش قاتارلىق سەلبىي كەيپىياتلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

## بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. بالىلارنى چوڭلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇش، مەسجىدلەرگە بىرگە ئېلىپ چىقىش، ئىلمىي سورۇنلارغا ئىشتىراك قىلدۇرۇش لازىم. چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىز بالىلارنى چوڭلارغا ئارىلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بالىلارنى 7 يېشىدا نامازغا بۇيرۇش ۋە مەسجىدلەرگە بىرگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇشتىكى سەۋەبمۇ ئۇلارغا چوڭلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر.

2. بالىلارغا ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ چوڭلارغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش.

3. بالىلارنى ئۆلىما ۋە تەقۋا كىشىلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، بىرگە نەسىھەت ئاڭلاش ۋە بالىلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش.

## ئۈلگىلىك رولنىڭ يوقىلىشى

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ تەربىيەسىگە ۋە ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. نەتىجىدە، بۇ بالىلار كوچا تەربىيەسى بىلەن ئۆسىدۇ-دە، ئۆزلىرىگە جەمئىيەت داشقاللىرىنى، لۈكچەكلەرنى، سەنئەتچى كىنو چولپانلىرىنى، تەنتەربىيە ماھىرلىرىنى ئۈلگە قىلىۋالىدۇ.

بالىلىرىغا ياخشى ئۈلگە بولۇشى تەلەپ قىلىنغان بۇ ئاتا-ئانىلاردىن بەزىلەرنىڭ ئۇلارغا ياخشى ئىشلاردا، تەقۋالىقتا، گۈزەل ئەخلاقتا، ئىبادەتلەرگە قىزىقىش جەھەتتە ئۈلگە بولۇش ئورنىغا، ئۇيياقتا تۇرسۇن، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش، قىمار ئويناش، ئائىلىدە ئۇرۇش-جېدەل قىلىش ۋە جىمى ئەخلاقسىزلىقلاردا سەلبىي نەمۇنە بولۇشى، ياكى بالىلارنىڭ تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى بالىلارنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى نابۇت قىلىشقا يېتەرلىكتۇر.

## بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى

1. بالىلارنىڭ ئەقىدە ۋە ئەخلاقتا بۇزۇلۇشى، دىيانەتتە ئاجىزلىشىشى.

2. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش قىلالماسلىق، پىكىر قىلالماسلىق ۋە ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولۇپ قېلىش.

3. بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ ۋە ئىشەنچىسىنىڭ زەئىپلىشىپ قېلىشى.

## بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىش ۋە دىنغا تولۇق مەنسۇپ بولۇش.

2. ياخشى كىشىلەرنى، تەقۋادار ئۆلىمالارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىش.

3. ھالالدىن يەپ-ئىچىش، ھارامدىن يىراق تۇرۇش.

## ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچنىڭ يوقلىشى

ئاتا-ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچنىڭ يوقلىشى ئەڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرگە يول ئاچىدىغان خاتالىقتۇر. ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنچ قىلمىغان بالا، قانداقمۇ ئۇلارنىڭ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلسۇن؟

ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچنىڭ يوقلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئاساسلىق ئامىللار ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىشى، بالىغا قىلغان تەھدىتلىرىنى ئىجرا قىلماسلىقى، يالغان سۆزلىشى ۋە ساختىپەزلىك قىلىشى قاتارلىق ناچار ئىللەتلەردۇر.

ئاتا-ئانا بالىسىغا تونۇگۈن بەرگەن ۋەدىسىنى بۈگۈن ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما بالىلار بىر يىلدىن كېيىنمۇ ئۇنۇتمايدۇ. بالىلارنىڭ ئەقلىنى ئاددىي ساناشنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق.

ئاتا-ئانىلارنىڭ بەزىدە بالىلارنى قورقۇتۇش نىيىتى بىلەن «ئۆلتۈرىمەن»، «بويۇڭنى ئۈزىمەن» دېگەنگە ئوخشاش تەھدىتلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشى بالىلارنى تېخىمۇ ئىسيانكارلىققا مايىل قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىنى ۋە بويىنىنى ئۈزمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ. شۇڭا ئەمەلگە ئاشمايدىغان تەھدىتلىك سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

## بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى

1. بالا ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ قىلغان چىرايلىق نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ تەھدىتلىرىدىنمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. نەتىجىدە، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

2. بالا ئاتا-ئانىسىغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇ ئىشەنچنى كوچىدىكى دوستلىرىغا، ياكى مۇئەللىمگە، ياكى ساۋاقداشلىرىغا باغلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ دوستلار، مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلار ئۇلگە بولۇشقا تېگىشلىك دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولسىغۇ مەسىلە يوق. ناۋادا ئۇلار ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز، ھەتتا ئىمانسىز كىشىلەردىن بولۇپ قالسىچۇ؟ بۇ چاغدا ئەھۋال نېمە بولماقچى؟

شەكسىزكى بۇ ئەھۋالدا، بالىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىنىڭ تەڭلا زىيان تارتقىنى تارتقان. بۇ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش بەكمۇ قىيىن، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس.

3. ئاتا-ئانىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ۋە ئۇلاردىن ياردەم سوراشنى خالىمايدىغان بالىلار باشقىلاردىنمۇ ئاغرىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، كىشىلەردىن قاچىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ بارىدىغان دوستى، مۇئەللىمى ۋە ساۋاقدىشى ھەمىشە ئۇنىڭ دەرتلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بولىدۇ.

### بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. ئاتا-بالا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش لازىم، ئۇلار ئاتا-بالا ئەمەس، گويا دوستلاردەك سىرداش بولۇپ كېتىشى كېرەك.

2. بالىلارغا ئۇلارنىڭ ئائىلىدىكى ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئائىلىنىڭ بەزى ئىشلىرى ۋە پىلانلىرى توغرىلىق ئۇلارغا مەسلىھەت

سىلىش، ھەمىدە ئۇلارغا يېشىغا ۋە سەۋىيەسىگە مۇناسىپ ئائىلە مەسئۇلىيەتلىرىنى يۈكلەش.

3. ئاتا-ئانا باللارغا قىلغان ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى، ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ئىشقا ۋەدە بەرمەسلىكى لازىم. مۇبادا ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغاندەك بولۇپ قالسا، دەرھال باللارغا ئۆزرىسىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرۈش بېرىشى لازىم.

## باللاردا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماسلىق كىرىزىسى

نۇرغۇن باللار ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ھەمىشە باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە يول كۆرسىتىشىگە تەلمۈرىدىغان بولۇپ يېتىشكەنلىكتىن، ئازراقلا قىيىنچىلىق ئالدىدا يېڭىلىدۇ، ئاددىي ئىشلارنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالىشىدىن شەكلىنىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ.

باللارنىڭ مۇنداق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغۇچىلارمۇ يەنىلا ئاتا-ئانىلاردۇر. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى:

1. ئاتا-ئانىلارنىڭ باللارنى چوڭ-كىچىك ھەممە ئىشتا «قىل» ۋە «قىلما»دېيىشتىن ئىبارەت كەسكىن بۇيرۇق بىلەن باشقۇرۇشى.

2. باللارنىڭ قىلغانلىرىنى ياراتماسلىقى ۋە كۆپ تەنقىدلىشى.

3. باللارنىڭ مۇستەقىل بىرەر ئىش قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىكى، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشتىنمۇ خاتالىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ توسۇپ قويۇشى... قاتارلىقلاردۇر.

## بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. بالىلارغا بەزى ئىشلارنى ئۆزى قىلىشنى ئۆگىتىش، ئاددىي خاتالىقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش ۋە چوڭ خاتالىقلىرى بولسا، سىلىقلىق بىلەن تۈزىتىش بېرىپ، داۋاملىق ياخشى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش.

2. بالىلارغا يېشى ۋە سەۋىيەسىگە قاراپ ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇش.

3. بالىلار قازانغان ئاددىي بىر ئۇتۇقنىمۇ چوڭايتىپ تەقدىرلەش.

4. بالىلارنىڭ ئاددىي بىر پىكرىنىمۇ چوڭلارنىڭ پىكرىدەك ئالقىشلاپ ئاڭلاپ بېقىش، ئەگەر توغرا بولسا قوبۇل قىلىش.

## بالا ئۆچۈن ئارتۇقچە قورقۇش

بەزى ئاتا-ئانىلار بالىسىغا بولغان پەۋقۇلئاددە ئامراقلىقى تۈپەيلى ئۇلارغا بىرەر زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىپ، ھەمىشە قورقۇپلا يۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي قورقۇشنىڭ نورمال دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ. مۇنداق ئاتا-ئانىلار ناۋادا بالىسى دوستلىرى بىلەن ئوينىغىلى چىقىپ كەتسىمۇ، «بالامنىڭ بېشىغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالارمۇ» دەپ قورقىدىغان. مەكتەپكە كەتسە قايتىپ كەلگىچە ئەنسىرەش بىلەن ئۆتىدىغان، بالىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن قورقۇپ، ئەنسىرەپ، غەم قىلىپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇشنى ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىشنى ئۇنۇتقان.

## بۇخاتالىقنىڭ زىيانلىرى

1. بۇنداق قىلىش باللارنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ. نەتىجىدە، باللار ئۆز كۈچىگە، تالانتىغا ۋە قابىلىيىتىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان، قانداقلا بىر ئىش قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدا مەغلۇپ بولۇشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2. باللارنى ئىجاد قىلىش، ئۇتۇق قازىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغاندىن باشقا، ئۇلارنى ھەر ئىشتا ئىككىلىنىدىغان، بىرەر ئىشقىمۇ قورقماي بەل باغلىيالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

## بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. باللارنىڭ مېڭىسىگە كىچىكىدىنلا «بىلگىنكى، پۈتۈن ئىنسانىيەت بىرلىشىپ ساڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ساڭا ئاللاھ ئىرادە قىلغاندىن باشقىسىنى يەتكۈزەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك پۈتۈن ئىنسانىيەت بىرلىشىپ ساڭا بىرەر پايدا يەتكۈزمەكچى بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتكەندىن باشقىسىنى يەتكۈزەلمەيدۇ»[1] دېگەن ھەقىقەتنى سىڭدۈرۈش.

2. ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئوقۇلىدىغان مەخسۇس ۋەزىپىلەرنى (زىكىرلەرنى) تەرك قىلماستىن داۋام قىلدۇرۇش. چۈنكى بۇ زىكىرلەر ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن قورغان، بالا-قازانى توسىدىغان قالقاندۇر.

3. ئاتا-ئانا توغرا ئىش قىلىش، ھارام ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، باللارنىمۇ شۇنداق تەربىيەلەش.

---

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2516- ھەدىسى.

بـــالىلاردىن ئـــارتۇقچە ئەنســـىرەپ قورقماســـلىق، ئىختىيارســـىز قورقۇتقاندەك بۇنى بالىلارغا چاندۇرماسلىق لازىم.

## بالىلارغا ئۆزىنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى تېڭىش

ئاتــا-ئــانىلار بالىلارغــا ئۆزلىرىنىــڭ ئــارزۇ-تىلەكلىرىنــى ھەرگىزمــۇ مەجبۇرىي تاڭماسلىقى كېرەك. چۈنكى دۇنيادا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئـارزۇ-ئارمانلىرى ۋە ئـۆزى قىزىقىدىغان نەرسىلىرى بولغىنىدەك، بـالىلارنىڭمۇ ئـۆزىگە خـاس ئـارزۇ-ئارمـانلىرى، پىلانلىـرى ۋە كـېلەچەك ئۈچۈن ئويلىغانلىرى بولىدۇ.

ئاتـا-ئانـا بالىلارنىـڭ قىزىقىـدىغان ۋە كۆڭـۈل بۆلۈۋاتقـان نەرسىسـىگە ئېتىبـــار بەرمەســـتىن، پەقەت ئـــۆزلىرى ئويلىغـــانلىرىنى ۋە ئـــۆزلىرى يېتەلمىگەن ئارمـــانلارنى بالىلارغـــا تاڭمـــاقچى بولســـا، ئـــۇلار غەلىـــبە قىلالمايـــدۇ. مەســـىلەن: بەزى ئاتـــا-ئـــانىلار لەنتـــى مەدەنىـــيەت ئىنقىلابىنىـــڭ، يـــاكى ئاتـــالمىش تـــۆت كىشـــىلىك گـــۇرۇھ زامانىنىـــڭ كاساپىتى سەۋەبلىك يېتەلمىگەن ئـارزۇ-ئارمانلىرىنى بالىسىغا مەجبۇرىي تېڭىپ، «سـەن چوقـۇم دوختـۇر بولسـەن، چـۈنكى مەن دوختـۇر بولـۇش ئارزۇيۇمغـا يېتەلمىگەنـتىم، ئەمـدى بـۇ ئارمانغـا سـەن يەتكـىن» دەيـدۇ. ئەممـا بالىنىـڭ ئـارزۇ-ئارمـانى نـېمە؟ ئـۇ كېلەچەكـتە نـېمە بولمـاقچى؟ دوختۇر بولماقچىمۇ؟ ياكى مۇئەللىم بولماقچىمۇ؟ ئاتىسى قىزىققانغا ئۇمۇ قىزىقىۋاتامدۇ ياكى باشقىسىغا قىزىقىۋاتامـدۇ؟ بالىنىـڭ ئىقتىـدارى قايىسـى سـەۋىيەدە؟ ئاتـا-ئانـا بـۇلارنى ئويلىمايـدۇ ۋە سـورىمايدۇ. ئۈنۈتماسـلىق كېرەككـى، بـالا ئېلېكترونلـۇق سـايمان ئەمەس تـىزگىنىەك بىـلەن باشـقۇرغىلى بولىـدىغان، يـاكى قـوي-كـالا ئەمەس تايـاق بىـلەن يولغـا سالغىلى بولىدىغان.

## بۇ خاتالىقنىڭ زىيانلىرى

1. ئۆزى قىزىقمايدىغان كەسىپكە زورلانغان بالا، ئۇ ئىشتا نەتىجە قازىنالمايدۇ. بۇ ئاددىي بىر ساۋات. بۇنى ھەركىم ياخشى بىلىدۇ.

2. ئاتا-ئانا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بالىسىغا تېڭىش ئارقىلىق بالىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىنى بەربات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالا يا ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان، ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا تاڭغان ئارزۇ-ئارمانلارنى روياپقا چىقىرالمىغان، بالىنىڭ ئىككى ئوتتۇرىدا زايە بولغىنى بولغان.

## بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى

1. بالىلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئۇلارغا تاڭماسلىق ۋە بالىلارنىڭ تاللاش ئەركىنلىكىنى قوغداش لازىم.

2. بالىلارنىڭ تاللايدىغان مەكتىپى بىلەن كەسپىنى ئۇلارنىڭ قىزىقشى ۋە مايىللىقىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا ئائىلە ئەزالىرى بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، قارار قىلىش لازىم.

## بالىنىڭ سۆيگۈسىنى تالىشىپ قېلىش

ئاتا-ئانا ھەر ئىككىسىنىڭ بالىلارغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ھەر زامان ئۇلارغا نامايان قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئەمما بەزى ئاتا-ئانىلار بالا سۆيگۈسىدە بىر-بىرىدىن قىزغىنىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدۇ ۋە گاھىدا ئاتا بىلەن ئانا ئىككىسى سەلبىي يوللار بىلەن ئۆزئارا رىقابەتكە چۈشۈش نەتىجىسىدە، بالىغا بىرى يەنە بىرىنى يامان كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ.

يەنە بەزىدە ئانا بـالىنى سۆزگە كىرگـۈزۈش مەقسـىتى بىـلەن ئۇنىـڭ كەيپىـــــزلىكىنى، يـــاكى قانــــداقلا بىــــر خاتـــالىقنى ئاتىســــىغا چېقىشتۇرىدىغانلىقى، ئانـدىن ئاتىسـىنىڭ ئـۇنى جازالايـدىغانلىقى بىـلەن تەھـدىت سېلىش ئـارقىلىق، بالىسـىغا ئاتىنىـڭ ئـوبرازىنى قورقۇنۇشـلۇق قىلىپ كۆرسىتىش نەتىجىسىدە بالىنى ئاتىسىغا ئۆچ قىلىپ قويىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خاتالىق بالىنىڭ ئاتـا-ئانىسـىغا بولغـان سۆيگۈسـىنى نابۇت قىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كـۆپلىگەن تەربىـيە خاتـالىقلىرى مەۋجـۇت بولـــۇپ، ھەممىنـــى ســـۆزلەپ ئولتـــۇرۇش ھاجەتســـىز دەپ قـــارايمەن.

# پەرزەنت تەربىيەسىگە ئائىت بەزى تەۋسىيەلەر

پسىخولوگ ئالىملار ئاتا-ئانىلارغا پەرزەنت تەربىيەسىدە تۆۋەندىكىلەرنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

**بالىلارغا ئۆزىگە تايىنىپ چارە ئىزدەشنى ئۆگىتىش**

ئاتا-ئانىلار بالىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى ھەل قىلىشنى ئۆگىتىشى كېرەك، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھېچكىمنىڭ مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھەم قاچۇرالمايدىغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ باشقىلار تېرىغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە مەسئۇل بولۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى تونۇتۇش كېرەك. ھەممىلا ئىشتا ياردەم قىلىۋەرمەستىن، ئاز-تولا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش ئارقىلىق تەجرىبىلىك بولۇشىغا ئۈندەش كېرەك. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆز خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشىغا ياردەم بېرىش ۋە شۇنداق ئەھۋالغا دۇچار بولغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشىغا ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك.

**بالىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇشىغا مەدەت بېرىش**

تاللاش ھوقۇقىنى بالىلارغا بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە خوجايىن بولۇشىغا مەدەت بېرىش لازىم. گەرچە سىز قانداق قىلىشنى بىلىسىڭىزمۇ، لېكىن بالىلارغا مۇستەقىل قارار چىقىرىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشىڭىز كېرەك. چۈنكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ

خاتالىقىدىن توپلىغان تەجرىبىسى ئەلىۋەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن كۆپ بولىدۇ.

## بالىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش

بالىلارغا كۆپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاز تەنقىد قىلىش كېرەك. ئاتا-ئانىلار ھەمىشە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆز قىلماسلىقى كېرەك، ئەڭ ياخشىسى پەرزەنتلەر بىلەن ياخشى پىكىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشى كېرەك، مەسىلەن: «ياتىقىڭ ھەم قالايمىقان ھەم مەينەت ئىكەن»نىڭ ئورنىغا: «سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئۆز ھۇجراڭنى پاكىز تۇتۇش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش سەل ياخشى بولىدۇ. ئەگەر پەرزەنتلەر ئورۇنلىيالمىسا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرگەن ياخشى.

## بالىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىغا ئىشىنىش

پەرزەنتلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىشەنچنىڭ رولى تەنقىدلەشكە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. مىكروسوفت شىركىتىنىڭ ئاسىيادا تۇرۇشلۇق تەتقىقات ئورنىدىكى مەلۇم بىر داڭلىق خادىمىنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا بىر قېتىم مەكتەپتە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان، لېكىن ئانىسى ئۇنى بىر ئېغىزمۇ تەنقىدلىمىگەن ۋە بالىسىنىڭ قورقۇنچ بىلەن قارىغان كۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇپ: «سەن بۇرۇن ياخشى بالا ئىدىڭ بالام، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى بالا بولىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن» دېگەن ئىكەن. بۇ كىشى ھەر قېتىم شۇ ئىشنى ئەسلىگىنىدە: «بۇ ئانامنىڭ شۇ كۈنى ماڭا بەرگەن ۋە مەن مەڭگۈ ئىشلىتىپ تۈگىتەلمەيدىغان، ئەڭ ياخشى سوۋغات بولۇپ قالدى» دېگەن.

## بالىلارنى ئارتۇقچە قائىدە-تۈزۈملەر بىلەن باغلىۋالماسلىق

ھەددىدىن زىيادە كۆپ قائىدە-تۈزۈملەر، بالىلارنىڭ پۇت-قولىنى بوغۇپ قويىدۇ. ئامال بار، ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلىرىغا يول قويۇش ۋە ئۇلارغا ئۆزىنى جارى قىلدۇرىدىغان شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئەلۋەتتە ئۇلارغا يول قويۇش دېگەنلىك، قارىغۇلارچە ھەممىلا ئىشقا يول قويۇش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق ئىش جايىدا ۋە توغرا بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز خاتىرجەم بولالمىسىڭىز، «بىرلىكتە قارار چىقىرىش ئۇسۇلى» ئارقىلىق ئۇلارنى يېتەكلىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، باللار كومپيۇتېر ئويناشقا ئامراق بولسا: «ئويناشقا رۇخسەت يوق» دېمەستىن، «نەتىجەڭ ياخشى بولسا، تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلەپ بولغان بولساڭ ئوينىساڭ بولىدۇ.» دېسىڭىز بولىدۇ.

## بالىلارنى مەغلۇپ بولغانلىقى سەۋەبلىك جازالىماسلىق

ھۇرۇنلۇق، يۈلىنىۋېلىش، مەسئۇلىيەتتىن قېچىش قاتارلىق ناچار قىلمىشلار كۆرۈلگەندە مۇۋاپىق دەرىجىدە جازالاش ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە ھەرقانداق كىشىنىڭ قىلغان قىلمىشىغا بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسا بولىدۇ. لېكىن ھەرگىزمۇ پەرزەنتلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا جازالىماسلىق كېرەك، چۈنكى مەغلۇبىيەت بىلىم ۋە تەجرىبە توپلايدىغان بىر جەريان. ئەگەر بۇ چاغدا جازالانسا، بالىلارنىڭ ئىجاد قىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، شۇڭا بالىلارغا مەدەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تېزراق مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ۋە مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە توپلىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك.

## باللارغا ھەممىلا ئىشنى قىلىپ بەرمەسلىك

بالا ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىشنى ئۆگىنىشى لازىم. شۇڭا ئاتا-ئانىلار ھەممىلا ئىشنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئورنىدا قىلىپ بەرمەسلىكى، بەلكى پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا پەرزەنتلەرگە ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى يېتىلدۈرگىلى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## باللارغا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىش

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىلا ئىشىغا چات كىرىۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى ھەممىلا ئىشقا چات كىرىۋېلىش پەرزەنتلىرىنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى تارتىۋالغانغا باراۋەر. نۇرغۇنلىغان ئاتا-ئانىلار ئۆزى بېكىتىپ بەرگەن يولنى بىردىنبىر غەلىبىگە تۇتىشىدىغان يول دەپ ئويلايدۇ ۋە پەرزەنتلىرىنى بۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قىستايدۇ. شۇڭا ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ھەممىلا ئىشتا «ياق» دېمەسلىكى ۋە ئۇلارغا تاللاش پۇرسىتى بېرىشى كېرەك.

ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى ھەددىدىن ئارتۇق زىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭ زەررىچىلىك ئازابقا ئۇچراپ قېلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ، ھەم يول قويمايدۇ. شۇڭا ئۇلار پەرزەنتلىرىنى تېخىمۇ «ئەتراپلىق» قوغداشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا پەرزەنتلەرنىڭ پۇت-قولى تەبىئىيلا باغلىنىپ قالىدۇ، ئاتا-ئانىسىغا بولغان يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. تېخى بەزى بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ئۆزلۈكىدىنلا پەرزەنتلىرىگە تۇرمۇش پىلانىنى تۈزۈپ بېرىدۇ. لېكىن دىققەت قىلىش كېرەككى،

بۇنداق قىلغاندا پەرزەنتلەر ئاسانلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىزىقىشى ۋە تالالاش ئىقتىدارىغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىدىن بىزارلىق ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، "ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئازاب ئىكەنلىكىنى بىل" دەيدىغان سۆز بار.

# بالىلارغا ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى

بالىلارغا ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىتىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ھۈنەر — بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى، ھۈنەر — ماھارەت، ھۈنەر — سەنئەت. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر-سەنئىتىمىزنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. بىزنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇش زىننىتىمىز ۋە تۇرمۇش ۋاستىسى بولغان بارلىق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھەممىسى شۇ ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان.

ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىنىش جان بېقىشنىڭ يولى، نامراتلىشىپ قالماسلىقنىڭ كاپالىتىدۇر. شۇڭا بالىلارغا ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىتىش كېرەك.

بىر تەربىيە مۇتەخەسسىسى لېكسىيەسىدە مۇنداق دېگەن: ھازىر باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئومۇملاشقان بولسىمۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئىختىيارلىقنى ئاساس قىلغاچقا، يەنە كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر كۆپىنچە ناھىيە مەركىزى ۋە شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن بولغاچقا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلار تولىمۇ ئاز. تولىسى دېھقان بولىدۇ. دېھقان بولۇشمۇ شەرەپلىك ئىش، ئەمما ئىلگىرىكى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىساق، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ مەلۇم ھۈنەرگە پىششىق، ياكى مەلۇم ھۈنەردىن ئاز-تولا خەۋىرى بارلىقنى بايقايمىز. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «بىر ئادەمگە 100 خىل ھۈنەرمۇ ئازلىق قىلىدۇ» دېگەندەك، ئائىلىسىگە

قايتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى تولىمۇ زۆرۈر.

ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەنئەنىۋى قول-ھۈنەرۋەنچىلىككە ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. بىر قىسىم قول-ھۈنەر بۇيۇملىرى ئىستېمال قىممىتىدىن ھالقىپ، سەنئەت بۇيۇمى، ھەتتا يىغىپ ساقلاش بۇيۇمىغا ئايلىنىۋاتىدۇ. بىر قىسىم قول-ھۈنەر كەسىپلىرىنىڭ خېرىدارلىرى ناھايىتى ياخشى بولۇۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، بىرقىسىم قول-ھۈنەر كەسىپلىرىنىڭ ئۇستىلىرى ئاز قېلىۋاتىدۇ، ۋارىسلىق قىلغۇچىلارمۇ چىقمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى قەغەزچىلىك، مىسكەرچىلىك، بوياقچىلىق، سەرراپچىلىق دېگەندەك قول ھۈنەر كەسىپلىرىدە ئۇستىلار كۆپ ئەمەس، بەزىلىرىدە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار يوق دېيەرلىك. نۇرغۇن ياشلار بىكار يۈرۈيدۇ. ئۇلار بىليارتخانا، قىمارخانا، مەيخانىلارغا كىرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بىراق بىرەر ھۈنەرنى ئۆگىنىپ، تۇرمۇشنى قامداشنى خالىمايدۇ. ئاتا-ئانىلار ئارىسىدىمۇ بالىلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىش ھەققىدە ئويلىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس. بەزى ئاتا-ئانىلار ھازىر زامان تەرەققىي قىلىپ كەتتى، ھەممە نەرسە زاۋۇتتىن تەييار كېلىۋاتسا، قول-ھۈنەر كەسىپلىرىنىڭ نەدىمۇ ئىستىقبالى بولسۇن، دەپ قارايدۇ. ئەمما قول-ھۈنەر كەسىپلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا خېرىدارلىرى بار، ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ يامان ئەمەس.

يېنىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتى قول-ھۈنەر سەنئىتىگە مەلۇم خىرىس ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنى نابۇت قىلىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا، باللار ھۈنەر ئۆگەنسە، ئىستىقباللىق بولىدۇ. تولۇقسىزئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئائىلىسىگە قايتقان ياشلار ئەقىل جەھەتتە تازا يېتىلىۋاتقان بولغاچقا، ھۈنەر ئىگىلىمەكچى بولسا، ئاسانلا ئۆگىنىۋالالايدۇ.

ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ مەڭگۈلۈك يۆلەنچۈكى بولالمايدۇ، شۇڭا پەرزەنتلەرنىڭ مۇستەقىل ياشاش قابىلىيىتىنى ھازىرلىشىغا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىش، ئۇلارنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا قەدەم قويۇشىغا يېتەكلىشى لازىم. بۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتى. بىلىشىمىز كېرەككى، ھۈنەرمۇ بىلىم، بالىلار بىلىمسىز قالسا بولامدۇ؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۈنەر-كەسىپ ئۆگىنىش ھالال تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ يولى. تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرمۇ ھۈنەر-كەسىپ قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى ھالالدىن قامدىغان. مەسىلەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالام تۆمۈرچى بولۇپ، ھەرخىل دۇبۇلغا- ساۋۇتلارنى ياساپ سېتىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

# ئۈچىنچى باب

# باللار ئۈچۈن دەسلەپكى دىنىي ساۋاتلار

ــ ئەقىدە

ــ ئىبادەت

ــ ئەخلاق

ــ هالال-هارام

ــ ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئەدەپلەر

# ئەقىدە

بالىلارنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىن تارتىپلا ئىسلام ئەقىدىسىنى مەھكەم سىڭدۈرۈش ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ ئالدىنقى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرىدۇر.

بالىلارنىڭ قەلبىگە ئىسلام ئەقىدىسىنى يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە ئاساسقا ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر:

1. بالىغا ئەڭ ئاۋۋال كەلىمە تەييىبەنى ئۆگىتىش.

2. بالىغا ئاللاھ تائالانى سۆيدۈرۈش.

3. بالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيدۈرۈش.

4. بالىغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش.

5. بالىغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش

6. بالىغا زىكىر ۋە دۇئالارنى ياخشى ئۆگىتىپ يادقا ئالدۇرۇش.

7. بالىنى ئۆز ئەقىدىسىدە مەھكەم قىلىپ تەربىيەلەش.

**بالىغا كەلىمە تەييىبەنى ئۆگىتىش**

كەلىمە تەييىبە دېگەن نېمە؟

كەلىمە تەييىبە ــ ﴿**لاَ إِلَـهَ إِلَّا اللهُ مُحَمَّدٌ رَّسُوْلُ اللهُ**ــ لائىلاھە ئىللەللاھو، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ﴾ دېگەن شاھادەت كەلىمىسىدۇر.

بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى نېمە؟

بۇ كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ھەقىقىي ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى دېگەنلىكتۇر.

بۇ كەلىمە تەييىبە نېمىنى تەقەززا قىلىدۇ؟

﴿لائىلاھە ئىللەللاھۇ﴾ دېگەن شاھادەت سۆزى: بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلىش دېگەننى تەقەززا قىلىدۇ.

﴿ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ﴾ دېگەن شاھادەت سۆزى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلدۈرگەنلىرىگە، بەرگەن خەۋەرلىرىگە چىن ئىشىنىش، بۇيرۇغانلىرىنى ئىجرا قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش ۋە ئىبادەتنى ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئورۇنداش قاتارلىقلارنى تەقەززا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلارنىڭ تىلىنى ﴿لائىلاھە ئىللەللاھۇ﴾ دېگەن كەلىمە بىلەن ئېچىڭلار.»(1)

ئەللامە ئىبن قەييىم جەۋزى مۇنداق دېگەن: «بالىلارنىڭ تىلى چىققان ۋاقىتىدا، ئۇلارنىڭ دەسلەپ ئۆگىنىدىغان سۆزى ﴿ لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ﴾ دېگەن كەلىمە تەييىبە بولۇشى لازىم. مۇنداق قىلىش بالىنىڭ ئاڭئاق قەلبى ئاللاھ تائالانى تونۇش، ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بېزىلىپ، ئىمانى مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈندۇر.»

---

(1) ئىمام بەيھەقىنىڭ «شعب الإيمان» (شۇئەبۇل ئىمان) ناملىق ئەسىرىنىڭ 8649- ھەدىسى.

## بالىغا ئاللاھ تائالانى سۆيدۈرۈش

بالىنىــڭ قەلــبىگە كىچىكــىدىنلا ئــاللاھ تائالانىــڭ مــۇھەببىتىنى ئورنىتىــپ، ئەڭ ئــاۋۋال ئــاللاھ تائــالانى ســۆيدۈرۈش، ئــۇنى تونۇتــۇش، ئىســىم-سۈپەتلىرىنى ئــۆگىتىش، ئۇنىڭغــا ئــاللاھ تائالانىــڭ بەنــدىلەرنى ھەمىشــە كۆزىتىــپ، ھەممىنــى بىلىــپ تۇرىــدىغانلىقىنى بىلــدۈرۈش ۋە ياردەمنى پەقەت ئۇنىڭدىنلا سوراش لازىملىقىنى پۇختا ئۆگىتىش لازىم.

بــالىلاردا تۇغۇلغانــدىن باشــلاپلا ئــاللاھ تائــالانى تونــۇش ۋە ئــۇنى ئېتىــراپ قىلىــش قــابىلىيىتى بولىــدۇ. ئــۇلاردا ئىككى يېشــىدىن كېيىــنلا كۈچلۈك بىر دىنىــي قــۇۋۋەت كۆرۈنۈشــكە باشلايدۇ. بىــز دەل شــۇ ۋاقىتتــا بالىنىــڭ دىنىــي تەلىمىنــى باشلىســاق، ئۇنىڭغــا ھەقىقىــي يــاردەم قىلغــان بولىمىز. بالىغا ئاللاھ تائالانى تونۇتۇشنى «بىزنــى كىــم يــاراتتى؟» دېگەن سوئالدىن باشلىســاق ياخشــى. ئۇنىڭــدىن كېيىن، دەل-دەرەخلەرنــى كىــم ياراتقــان؟ ئاســماننى كىــم ياراتقــان؟ دېگەنــگە ئوخشــاش ســوئاللارنى كۆپەيتىشكە بولىدۇ. بالىلارغــا ئــاللاھ تائــالانى تونۇتۇشــتا ئــاللاھ تائالانىــڭ ئىســىم-ســۈپەتلىرىنى ئۆگىتىــپ، مەنىســىنى ئېيتىــپ بەرســەك بولىــدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالانىڭ «رەھىم» دېگەن ئىسمى بــار. ئۇنىــڭ مەنىســى: « شــەپقەت قىلغــۇچى ۋە كۆيۈنگــۈچى» دېــگەن بولىــدۇ. ئــاللاھ تائــالا بەندىلىرىــدىنمۇ بىــر-بىــرىگە شــۇنداق شــەپقەتلىك بولۇشــنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش.

بالىغــا ئــاللاھ تائــالانى تونۇتــۇپ بولغانــدىن كېيىن، ئۇنىڭغــا قــازا ۋە قەدەرنـــى ۋە ھەمـــمە ئىشـــنىڭ ئـــاللاھ تائالانىـــڭ تەقـــدىرى بىـــلەن بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىش.

بالىلارنىــــــڭ ئەقىدىســــــىنى مۇستەھكەملەشــــــتە پەيغەمــــــبەر ئەلەيھىسســالامدىن مۇنــداق بىــر ھەدىـــس كەلــگەن. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام بىــر كــۈنى ئابــدۇللا ئىــبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا مۇنداق تەلىم بەرگەن: «ئى بالام! مەن ساڭا شـۇنداق ئۇلـۇغ كەلىملەرنـى ئۆگىتىپ قويايكى، سەن ئاللاھنى ئۇنۇتمىساڭ، ئـاللاھ سىنى ئۇنتۇمايـدۇ، سـەن ئـاللاھنى ھەمىشـە كـۆز ئالدىڭـدا تۇتسـاڭ، ھەربىـر يولۇڭـدا ئـۇنى تاپىسـەن. بىــر نەرسـە سـورىماقچى بولسـاڭ، ئـۇنى بىـرلا ئـاللاھتىن سـورىغىن، يـاردەم سـورىماقچى بولسـاڭ ئـاللاھتىن سـورىغىن، بىلگىنكـى، پۈتۈن ئىنسانىيەت بىرلىشىپ ساڭا زىيـان يەتكۈزمەكچى بولسـىمۇ، ئـۇلار پەقەت سـاڭا ئــاللاھ ئىــرادە قىلغانــدىن باشقىســىنى يەتكۈزەلمەيــدۇ، شـــۇنىڭدەك، پۈتـــۈن ئىنســـانىيەت بىرلىشـــىپ ســـاڭا بىـــرەر پايـــدا يەتكــۈزمەكچى بولســىمۇ، پەقەت ئــاللاھ ســاڭا پۈتكەنــدىن باشقىســىنى يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، سەھىپىلەر پۈتۈلۈپ بولدى.»[1]

## بالىلارغا بۇ ھەدىسنى ئۆگىتىپ يادقا ئالدۇرۇش ياخشى

ئابــدۇللا ئىــبنى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ســەپەرلىرىنىڭ بىرىــدە بىــر پــادىچى بالىنىــڭ يېنىغــا كېلىــپ قالــدۇ. بالــدىن قويلىرىــدىن بىرىنــى سېتىپ بېرىشىنى سورىغاندا، بـالا قويلارنىـڭ ئـۆزىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى ۋە ئۆزىنىــڭ پەقەت پــادىچى ئىكەنلىكىنــى، بــۇ ســەۋەبتىن قــويلارنى ئىگىسىدىن سورىماي ساتالمايدىغانلىقىنى ئېيتىـدۇ. ئىـبنى ئـۆمەر بـالىنى سىناش تەرىقىسىـدە ئۇنىڭغـا: «قـوينى بـۆرە يەپ كەتتـى، دەپ قويسـاڭ بولىدىغۇ» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتـا بـالا: «ئـاللاھ كـۆرۈپ تۇرىـدۇ، ئەمەسـمۇ؟»، ـ دەيــدۇ. ئابــدۇللا ئىــبنى ئــۆمەر بالىنىــڭ ســۆزىدىن تەســىرلىنىپ نەچــچە

---

(1)ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2516ـ ھەدىسى.

ئـــايلارغىچە «ئـــالالاھ كـــۆرۈپ تۇرىـــدۇ، ئەمەســـمۇ؟» دېـــگەن جـــۈملىنى قايتىلىغان ئىكەن.

رىـــۋايەت قىلىنىشـــىچە، بىـــر ئۇســـتاز تـــالىپلىرى ئىچىـــدىن بىرســـىگە ئـــارتۇقچە ئىلتىپـــات كۆرســـىتىدىكەن، باشـــقا تـــالىپلار بۇنىڭغـــا قىزغىنىـــپ سەۋەبىنى سـورىغاندا، ئۇسـتاز ئۇلارغـا: «مەن سـىلەرگە بۇنىـڭ سـەۋەبىنى چۈشـەندۈرۈپ قويـاي» دېگـەنچە، تالىپلارنىـڭ ھەربىـرىگە بىـردىن توخـۇنى بېرىـپ: «سـىلەر تارقىلىـپ، بـۇ توخـۇلارنى ھـېچكىم كۆرمەيـدىغان يەردە بوغـۇزلاپ كـېلىڭلار»، دەپ بۇيرۇپتـۇ، تالىپلارنىـڭ ھەممىسـى تاپشـۇرۇلغان توخـۇلارنى بوغـۇزلاپ كەپتـۇ، پەقەت ھېلىقـى تالىپلا بوغۇزلىيالماستىن كەپتۇ. ئۇستاز ئۇنىڭدىن سەۋەبىنى سـورىغاندا، تالىپ دەپتۇكى: «مەن ھېچكىم كۆرمەيدىغان جاينى تاپالمىدىم. چۈنكى نەگە بارسام مېنى ئاللاھنىـڭ كـۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىـدىم» دەپتـۇ. بـۇ ۋاقىتتـا ئۇسـتاز تالىپلارغـا قـاراپ: « ئەمـدى چۈشـەندىڭلارمۇ؟ نـېمە ئۈچۈن بۇ ساۋاقداشىڭلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتىم؟» دەپتۇ.

مانا بـۇ ئـاللاھنى كـۆز ئالدىـدا تۇتـۇش ۋە ھەمىشـە ئـاللاھ تائـالا مېنـى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ مىسالىدۇر.

## بالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيدۈرۈش

بالىغـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنى، ئۇنىـڭ ئـائىلە تاۋابىئـاتلىرىنى ۋە ساھابىلىرىنى سۆيدۈرۈش زۆرۈر. چـۈنكى ئـاللاھ سۆيگۈسـىدىن كېيىنكـى ئەڭ چـوڭ سـۆيگۈ پەيغەمـبەر سۆيگۈسـىدۇر. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنى چـىن يۈرىكىـدىن سـۆيمىگەن ۋە ئۇنىڭغـا مـۇھەببەت باغلىمىغـان ئادەمنىـڭ ئىمـانى تولۇقلانمايـدۇ. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام بـۇنى تەكىـتلەپ: «ئاللاھنىـڭ نـامى بىـلەن قەسـەم قىلىمەنكـى، مېنـى

ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە ھەممە كىشىسىدىن بەك سۆيمىگىچە ھېچكىم مۇسۇلمان بولالمايدۇ»[1] دېگەن. بالىلارنىڭ قەلبىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىنى سىڭدۈرۈش، ئۇنى مۇستەھكەملەش ناھايىتى مۇھىم. بۇ كىچىكلىرىدە قەتئىي بولمايدىغان زۆرۈرىيەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «بالىلىرىڭلارنى ئۈچ خىسلەتكە كۆندۈرۈڭلار، ئۇلار: پەيغەمبىرىڭلارنى دوست تۇتۇش، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى دوست تۇتۇش ۋە قۇرئان ئوقۇشتۇر»[2] دەپ تەلىمات بەرگەن.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمە تەييارلىق قىلدىڭ؟» دەپ سورىغان. ئۇ ئادەم: «مېنىڭ ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى دوست تۇتۇشتىن باشقا ھېچقانداق تەييارلىقىم يوق» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن دوست تۇتقان كىشىڭ بىلەن چوقۇم جەننەتتە بىللە بولىسەن»[3] دېگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاۋابىئاتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى خاس ۋە ئومۇمىي، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ خاس تاۋابىئاتلىرى قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەرزەنتلىرىدىن باشلانغان شەخسىي ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئومۇمىي تاۋابىئاتلىرى

---

(1) ئىمام بۇخارىنىڭ «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 15- ھەدىسى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(3)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۈممەت بولغان جىمى مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ.

## پەيغەمبەر سۆيگۈسى قانداق ھاسىل بولىدۇ؟

باللارنىڭ قەلبىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگۈسىنى سىڭدۈرۈش تۆۋەندىكىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بولىدۇ:

1. دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ مېڭىش.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىش.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى مۇھىم ھەدىسلىرىنى يادلاپ، مەنىسىنى ئۆگىنىش.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى چۈشىنىپ ئوقۇش.

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپلەپ دۇرۇت ۋە دۇئا يوللاش.

## بالىغا قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش

باللارغا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىش، بالىنىڭ ئاتا-ئانىلار ئۈستىدىكى پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرىدۇر. كىچىك باللارغا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتكەندە، ئۇلارغا قۇرئان ھەققىدە قىسقا ۋە ئاددىي مەلۇماتلارنى بېرىش لازىم. مەسىلەن: سەن ئاللاھ تائالانىڭ ساپ سۆز قىلىشىنى خالىساڭ قۇرئان ئوقۇيسەن، چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى. بىز قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغان. شۇڭا بىز قۇرئاننى ئوقۇيمىز ۋە مەنىسىنى بىلىپ، بۇيرۇغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ ماڭىمىز. شۇنداق قىلساق، ئاللاھ تائالا بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ دۇنيادا

بەختلىك قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش.

ئىمام سۇيۇتى بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختىلىپ: «كىچىك بالىلارغا قۇرئان ئۆگىتىش ئىسلامنىڭ ئەسلى تەلىماتلىرىدىن بىرىدۇر» دېگەن.

بالىلارغا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتكەنلىكنىڭ بۇ دۇنيادىكى پايدىسى بالىلارنىڭ قۇرئان ئۆگىنىش ئارقىلىق ھىدايەت تېپىپ، ئاتا-ئانىسىنى قەدىرلەشنى ۋە ئۇلارغا ياخشى خىزمەت قىلىپ رازى قىلىشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈندۇر. ھەم يەنە ئاتا-ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ، ئوقۇغان قۇرئانىنىڭ ساۋابىنى ئۇلارغا ئاتاپ تۇرۇشى ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك پايدىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىززەت-ئىكرامىغا نائىل بولۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇيدىكەن ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ بېشىغا قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق تاج كىيگۈزىدۇ».[1]

ئىسلامنىڭ تۇنجى بايراقدارلىرى بولغان ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەردۇر»[2] دېگەن كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، بالىلىرىغا ئەڭ دەسلەپ قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتەتتى، ئاندىن ئۇلارغا قۇرئاننى يادقا ئالدۇراتتى، ئاندىن شەرىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگەتەتتى.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(2) بۇخارى رىۋايىتى.

## باللارغا قۇرئان ئۆگىتىش قاچاندىن باشلىنىدۇ؟

كىچىك باللار غەم-قايغۇلاردىن يىراق، ساپ بىر ھاياتتا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كۈچلۈك، ئەقلى ئۆتكۈر كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆگىتىلگەنلەرنى چوشەنمىسىمۇ تېزلا يادلىۋالالايدۇ. تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرى باللارغا ئۈچ ياشتىن باشلاپ قۇرئان ئۆگىتىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى تەۋسىيە قىلماقتا. بۇ ھەم تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىش بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۈچ ياشلىق ئۆسمۈر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ، بۇ جەھەتتە «دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك قارىي» دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى. ئەمما ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ كىچىك قارىي بەش ياشتا ئىكەن.

كىچىك باللارنىڭ مېڭىسىنى قۇرئان ۋە ھەدىسلەر بىلەن تولدۇرۇشنىڭ پايدىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، باللارنىڭ كىچىك ۋاقتىدا يادلىۋالغانلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا باللار قانچىلىك بۇرۇن ئۆگىنىشكە باشلىسا، ئۇلار ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشىدۇر.

## باللارغا قۇرئان يادلىتىش قانداق باشلىنىدۇ؟

ئۆي ئىچىدە تېلفون، ئۈن ئالغۇ ۋە سىن ئالغۇلاردىن، ئىنتېرنېتتىن، چوڭلارنىڭ قىرائىتىدىن ھەمىشە قۇرئان تىلاۋىتى ئاڭلىنىپ تۇرسا، كىچىك باللارنىڭ قۇرئان يادلاشقا بولغان قىزىقىشى ۋە مۇھەببىتى ئاشىدۇ. بۇ ئىشتا كومپيۇتېردىن كۆپ پايدىلىنىشىمىز لازىم. مۇنداق قىلغاندا باللارنىڭ قولىقىغا ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز قۇرئان تىلاۋەتلىرى كىرىپ تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئۈچۈن قۇرئان ئەڭ يېقىملىق بولۇپ قالىدۇ ۋە بەزى سۈرىلەرنى يادقا ئېلىۋالغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ

سەزمەي قالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، كۆپىنچە كىچىك بالىلار ئۆيىدىكى چوڭلارنىڭ ناماز ئوقۇغاندىكى قىرائىتىدىن سۈرە فاتىھەنى ئاڭلاپ ئۆگىنىپ قالىدۇ. سىز خالىغان كىشىدىن سۈرە فاتىھەنى قانداق يادلىغانلىقىنى سورىسىڭىز، كىچىكلىكىدە باشقىلاردىن ئاڭلاپ يادلىۋالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بالىلارغا قۇرئان يادلىتىشتا قۇرئان كەرىمنىڭ 30- پارىسىدىكى قىسقا سۈرىلەردىن باشلىتىش ياخشى. ئۇلار قىسقا سۈرىلەرنى يادلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن چوڭ سۈرىلەرگە يۆتكەلسە بولىدۇ.

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى

قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرئاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش. (لَا يَمَسُّهُ إِلَّا الْمُطَهَّرُونَ) يەنى﴿قۇرئاننى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ﴾[1]

2. قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن﴿أعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ﴾ دەپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەش. ﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ﴾ يەنى﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن﴾[2]

---

(1) 56- سۈرە ۋاقىئە 79 ـ ئايەت.
(2) 16- سۈرە نەھل 98 ـ ئايەت.

3. قۇرئاننى تەجۋىد قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئوچۇق ۋە توغرا ئوقۇش. ﴿وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيلًا﴾ يەنى ﴿قۇرئاننى دانە-دانە ئوچۇق ئوقۇغىن﴾[1]

4. قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسمۇ، ئاللاھ ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇنى ئىخلاس قىلىپ ئوقۇش.

5. قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى قېتىرقىنىپ، چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇشقا تەشەببۇس قىلىپ: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

6. قۇرئان ئوقۇشنى تىرىكچىلىكنىڭ كەسپىگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق. پەقەت ئاخىرەتلىك ساۋابنى كۆزلەپ ئوقۇش.

بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتسا ياكى ئوقۇسا گۇناھ بولمايدۇ.

## بالىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش

شەكسىزكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئىماندىن قالسا، ئۆگىتىش ئەڭ زۆرۈر بولغان نەرسە ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر. بالىلارغا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىش خۇددى ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىش زۆرۈر بولغاندەك زۆرۈردۇر.

چۈنكى ئانا تىلى يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا قالغان بىر مىللەتنىڭ، ئۆز ئانا تىلىنى خۇددى دىنىنى قوغدىغاندەك مەھكەم تۇتۇپ قوغدىشى، تەبىئىي زۆرۈرىيەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

---

(1) 73- سۈرە مۇززەممىل 4- ئايەت.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئىسلامدا مىللەتچىلىك يوق. ئەمما ئىسلامدا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى، ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش بار. ئەمما بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ تىلى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تىلى ئاستىدا ئاستا-ئاستا ئىستېمالدىن قېلىش، ھەتتا يوقىلىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىغان ۋاقىتتا بۇ تىلنى قوغداپ قېلىشنى پەرز دەرىجىسىدىكى زۆرۈرىيەت دېسەك ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

چۈنكى مەزكۇر مۇسۇلمان مىللەت ئەگەر ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى قوللىنىش ئورنىغا، مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ تىلىنى قوللىنىشقا ئۆتكەن ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ۋە ئىسلامىي ئەخلاقىنىمۇ ئاستا-ئاستا قولدىن بېرىپ قويۇشقا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىر مىللەتنى ۋە ئۇنىڭ تىلىنى ساقلاپ قېلىش شۇ مىللەت خەلقى ئۈچۈن دىنىي ۋە مىللىي مەجبۇرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئانا ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چەتئەللەردە، خۇسۇسەن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا ئورۇنلاشقان خەلقى مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى جان تىكىپ قوغداشتۇر. ئۇيغۇر نەدە بولمىسۇن، ئۇيغۇر بولۇپ ياشىشى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن ئانا تىلىنى ساقلاپ قېلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

## تىلىمىز دىنىمىزنى قوغدايدۇ

بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ يەرشارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ كاپالىتىدۇر. بىز ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ئانا تىلىمىزنى

ساقلاپ قالغانلىق ھەم مىللىتىمىزنى، ھەم دىنىمىزنى قوغداپ قالغانلىقتۇر. ئانا ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق.

ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن تونۇلىدۇ ۋە ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنىڭدەك تىل ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا، ياكى ئەكسىچە دۇنيا يۈزىدىن غايىب بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر.

تىل-مىللەت دېمەكتۇر. مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىمۇ تىل ۋاسىتىسىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان بالىنىڭ مىجەز-خۇلقىمۇ ئۆزى سۆزلىشىپ يۈرگەن تىلدىكى غەيرى مىللەتنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە ماس شەكىللىنىدۇ. دېمەك، ئۆز ئانا تىلىنى بىلمىگەن بالا ئۆز خەلقىنىڭ دىنىنى، مىللىي ئەنئەنىسىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە بارچە ئۆزگىچىلىكلىرىنى تونۇمايدىغان بولۇپ ئۆسىدۇ. كىچىك بىر مىسال: مۇنداق بالا كىچىكنى ئاسراش، چوڭغا ھۆرمەت قىلىش دېگەندەك مىللىي ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇنلاردىنمۇ پەرۋاسىز ئۆسىدۇ. بۇ ئىشتىكى چوڭ مەسئۇلىيەت ۋە جاۋابكارلىق يەنىلا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

كۆپ تىل بىلىش كىشىنىڭ بىلىم-سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئەلۋەتتە، ئۇنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن باشقا تىلنىڭ ھورىغا جىمىقىپ، ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىش، ياكى ئۇنى ئۆگەنمەسلىك ئۆز مىللىتى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر.

شۇڭا دەيمىزكى، باللارغا ئۆز ئاتا تىلىنى ئۆگىتىش قۇرئان ئۆگىتىشكە ئوخشاش زۆرۈرىيەتتۇر. باللار مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن

ئۆزىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى ۋە ئۆز ئانا تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولۇشى لازىم. بۇ ياشتىكى بالىلارنىڭ مۇئەللىملىرى چوقۇم ئانا بىلەن ئاتا بولۇشى لازىم.

بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز تولىمۇ قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك بىر تىلدۇر. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئانىمىزنىڭ تىلى. شۇڭا ئۇنى«ئانا تىل» دەيمىز. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا ئوخشاشلا ھۆرمەتلىك تىلدۇر. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز دۇنيادىكى داڭلىق تىللاردىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ.

## ئانا تىلىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىراسىدۇر

ئانا تىلىمىزنى قوغداش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقتۇر. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىز ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقان ئەمەس. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولغان ئەلشىر نەۋائىي 15- ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىدىلا، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلىۋالغان پارس تىلىدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكى يوق، بەلكى سۆزلۈك خەزىنىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە قوللىنىش ئەپچىللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخى پارس تىلىدىن ئەۋزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئۈچۈن «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن شانلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە جاكارلىغان.(1)

---

(1)ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىنىڭ «"مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين"دىن "مەئارىفۇل لۇغەتەين "گىچە» ناملىق ئەسىرى 8- بەت.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلۇغ تىلشۇناس بوۋىمىز مەھمۇت قەشقەرىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كىشىلەرنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغىلا بېرىلىپ كېتىپ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا خەلقلەرنىڭمۇ ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشىگە ياردەمچى قوللانما بولۇشى مەقسىتىدە يېزىپ چىققان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 11- ئەسىردە، ئاتاقلىق دانىشمەن بوۋىمىز يۈسۈپ خاس هاجىپ، ئەسەرلەرنى ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بىلەن يازمىسا ئەسەر هېساب قىلىنمايدىغان شۇنداق بىر شارائىتتا ئەمەل قىلماي دۇنياغا داڭلىق « قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىملار شۇنى جاكارلىدىكى، بۇ ئەسەردە تۈرك تىلىدىن باشقا تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر يوقنىڭ ئورنىدا. شۇ يۈنىلىش تەسىرىدە 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ماۋارەئۇننەھردە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان لۇتفى، ئاتائىي ۋە سەككاكىيلارنىڭ غەزەللىرىمۇ ساپ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان. دېمەك، شۇ دەۋر شارائىتىدىمۇ ئەجدادلىرىمىز ئانا تىلىمىزنى كۆز قارچۇغىدەك قوغداپ كەلگەن.

ئەمدى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، بىز ئۇنى قوغدىمىساق بولامدۇ؟

## باللارغا زىكىر ۋە دۇئالارنى يادلىتىش

زىكىر-لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بىر نەرسىنى ئەسكە ئېلىش، ياد ئېتىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىسە، ئىسلام تېرمىنلىرىدا: ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاذْكُرْ رَبَّكَ فِي نَفْسِكَ تَضَرُّعًا وَخِيفَةً وَدُونَ الْجَهْرِ مِنَ الْقَوْلِ بِالْغُدُوِّ وَالْآصَالِ وَلَا تَكُنْ مِنَ الْغَافِلِينَ﴾ يەنى﴿رەببىڭنى يىغلىغان ۋە ئۈنىڭدىن ئەيمەنگەن ھالدا ئىچىڭدە، ئەتىگەن-ئاخشامدا بولسا پەس ئاۋازدا ياد ئەتكىن، غاپىللاردىن بولما!﴾[1].

زىكىر—تىل، دىل، ئىش-ھەرىكەت، مۇئامىلە ۋە ئېتىقاد بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

زىكىر—كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چۈشەنگىنىدەك، كۆڭۈل باشقا يەردە بولسىمۇ تىل بىلەنلا ئورۇندىلىدىغان ئىبادەت ئەمەس. زىكىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تىل بىلەن قەلب بىرلەشكەن زىكىردۇر.

زىكىر—روھنىڭ ئوزۇقى، ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىدىن بولۇشنىڭ كاپالىتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿فَاذْكُرُونِي أَذْكُرْكُمْ﴾يەنى﴿مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتىمەن﴾[2] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. ئايەت ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ ۋە نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىپ تۇرغانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ كەڭ رىزىق ئاتا قىلىش، مېھىر-شەپقەت كۆرسىتىش، كۆپ ئىنئام ئاتا قىلىش، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈش ۋە ساۋابىنى كۆپەيتىش بىلەن ياد ئېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

---

(1) 7- سۈرە ئەئراف 205- ئايەت.

(2) 2- سۈرە بەقەرە 152- ئايەت.

باللارغا ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئوقۇلىدىغان مەخسۇس زىكىر-دۇئالارنى ئۆگىتىپ يادقا ئالدۇرۇش ۋە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشاملىرى ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش تولىمۇ ياخشىدۇر.

دۇئالارنى باللارغا ئۆگىتىشتىن ئاۋۋال ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئۆزلىرى ئوقۇشنى كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا باللار ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆگەتكەن نەرسىلىرىنى تېز قوبۇل قىلىدۇ ۋە قىزىقىپ ئۆگىنىدۇ.

## باللارغا دۇئا قىلىشنى ئۆگىتىش

دۇئا-لۇغەت ئېتىبارى بىلەن چاقىرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسە، شەرىئەت ئىستىلاھىدا: ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراش دېمەكتۇر. دۇئا دېگەن قىلىسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾ يەنى﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

دۇئانىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «دۇئا-ئىبادەتتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

مەلۇمكى، ئىبادەتلەر ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھاجەتمەنلىكنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ مەقسەت دۇئادا ئەڭ ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا

(1) 40- سۈرە غافىر 60 - ئايەت.
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

قــول كۆتــۈرۈپ دۇئــا قىلغــان ئــادەم ئۇنىــڭ يــاردىمىگە بولغــان زور ئېھتىياجىنى ھېس قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ بىچارىلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھالــدا، تولــۇق ئىخلاســى بىــلەن ئۇنىڭغــا يالۋۇرىــدۇ، ئۇنىڭــدىن ھاجەتلىرىنى سورايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

دۇئــا مۇســۇلماننىڭ ھاياتىــدا شــۇنچىلىك مــۇھىمكى، ئۇنىڭــدىن بىھاجەت بــولغىلى، ياكى ئۇنىڭدىن باش تارتقىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ داۋامىدا دۇئادىن بىھاجەت بولغۇچىلارنىڭ ئىبادەتتىن باش تارتقــان گۇناھكــارلار قاتارىــدىن ســانىلىدىغانلىقى بايــان قىلىنىــپ: ﴿مېنىــڭ ئىبادىتىمــدىن بــاش تــارتقۇچىلار خورلانغــان ھالــدا دوزاخقــا كىرىدۇ﴾دېيىلگەن.

ھايــاتلىق بىــر كــۈرەش مەيــدانى. خــۇددى جەڭچــى جەڭ مەيدانىــدا قورالــدىن بىھــاجەت بولالمىغانــدەك، مۇســۇلمان ئــادەممۇ بــۇ ھايــاتلىق كۈرىشــىدە دۇئــادىن بىھــاجەت بولالمايــدۇ. شــۇڭا ســەۋەب بىــلەن دۇئــا ئىككىسىنى مەقسەتكە يېتىشنىڭ كاپالىتى دېسەكمۇ بولىدۇ.

دۇئادا بالىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىش ئاتا-ئانىسىنىڭ ئــاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىــپ دۇئــا قىلىۋاتقانلىقىنى كــۆرۈپ تۇرۇشــتۇر. بــالىلارنى دۇئــا قىلىشــقا ئادەتلەنــدۈرمەكچى بولغــان ئاتــا-ئانــا ئالــدى بىــلەن ئــۆزلىرى دۇئـــانى كـــۆپ قىلىشـــى ۋە بالىلىرىغـــا كۆرســـىتىپ بىـــرگە قىلىشـــقا ئادەتلىنىشــى لازىــم. بالىلارغــا بەزى دۇئــالارنى يادقــا ئالــدۇرۇش تولىمــۇ مۇھىم.

## بالىنى ئەقىدىسىدە مەھكەم قىلىپ تەربىيەلەش

بالىنى ئىسلامىي ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ يولىدا بەدەل تۆلەشتىن قورقمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەش ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ئەمرى ۋە ئاتا-ئانىنىڭ گەدىنىدىكى دىنىي بۇرچىدۇر.

ئىمان ئاجىزلاشقان، ئەخلاق زەئىپلەشكەن، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك سۇيىقەستلەر پىلانلىنىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە بالىلارنى ئەقىدىسى مۇستەھكەم، ئىمانى كۈچلۈك ۋە ئەخلاقى گۈزەل قىلىپ تەربىيەلەش ئىشى ئوڭايغا توختىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس.

ئاتا-ئانا بالىلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدا مەھكەم قىلىپ تەربىيەلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىقلا كۆرسەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ.

بالىلارنى ئۆز ئەقىدىسىنى قوغداش يولىدا جان پىدا قىلالايدىغان ۋە ياخشى كۆرگەن ھەر نەرسىسىنى بۇ يولغا قۇربان قىلالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ، ساھابىلەرنىڭ، ئىسلام تارىخىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ قىسسىلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇپ بېرىش كېرەك.

قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن قىسسىلەردىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىدىسىنى قوغداش يولىدا ئوتقا تاشلانغانلىق قىسسىسى، ئورەك ئىگىلىرى[1] دېگەن قىسسىدىكى ئوتقا تاشلانغان مۆئمىنلەرنىڭ قىسسىسى ۋە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپپىتىنى

(1)ئورەك ئىگىلىرى—(قۇرئان كەرىمنىڭ 85- سۈرىسى) بۇرۇج سۈرىسىدە رىۋايەت قىلىنغان قىسسىدىكى مۆمىنلەرنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن زالىملارنى كۆرسىتىدۇ.

ساقلاش يولىدا بىر نەچچە يىل زىندانىدا ياتقانلىق قىسسىسى قاتارلىقلارنى بالىلارغا كۆپ ئوقۇپ بېرىش كېرەك. چۈنكى مۇنداق تەسىرلىك ۋەقەلەر بالىلاردا ئۇنتۇلماس تەسىرلەرنى قالدۇرىدۇ.

# ئىبادەت

ئىبادەت ئەقىدىنى تولۇقلايدىغان ۋە ئۇنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم بىر ئەمەل. ئىبادەتلەر ساغلام ئەقىدىنىڭ دەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدىكى تەرجىمىسىدۇر.

ئەمما كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىبادەت پەقەتلا ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى دىن دېمەك ئىبادەت دېمەكتۇر. ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، بالىلارنى بېقىش، ئۇلارنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلەش ۋە ياخشى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ (ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت) دۇرۇس بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەت سانىلىدۇ. قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغان ئادەمنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشلىرى، ھەتتا ئۇخلىشىمۇ ئىبادەتتۇر.

ناماز، روزا، زاكات، ھەج، خەير-ئېھسان قاتارلىق بەلگىلىك ئىبادەتلەر بەندىنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش يولىدىكى ئۆزلۈكسىز ئۇزۇقلىنىش بېكەتلىرىدۇر. بۇلار خۇددى ئۇزۇن يوللۇق سەپەرلەردىكى ماي قاچىلاش پونكىتلىرىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار مۇشۇ بەلگىلىك ئىبادەتلەر ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ، يولىغا داۋام قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلماننىڭ ماڭغان يولىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿مەن ئىنسان ۋە جىننى پەقەت ماڭا ئىبادەت

قىلىشلىرى ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1] دېگەن ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنىمۇ دەل مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئىبادەت مانا بۇ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ كەڭ مەنىسى بىلەن ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## بالىلار ۋە ئىبادەت

بالىلار بالاغەتكە يەتمىگىچە (تەخمىنەن 15 ياشقا توشمىغىچە) ئۇلارغا ئىبادەتلەر پەرز بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ئىبادەتلەرگە كۆندۈرۈش ئىسلامنىڭ مۇھىم كۆرسەتمىلىرىدىن بىرى بولغانىدىن تاشقىرى، بارچە تەربىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىردەك تەۋسىيەسىدۇر.

بالىلارنى كىچىكىدىن ئىبادەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈشنىڭ ساۋابى ئاتا-ئانىلارنىڭ ھېسابىغا يېزىلىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتا ئەمەللەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

## ناماز

ناماز ـ «سالات» دېگەن ئەرەبچە سۆزنىڭ پارسچىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇ بويىچە ئومۇملاشقان. بۇ سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى«دۇئا»دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

ئەمما ناماز ئىسلام تېرمىنلىرىدا: مەخسۇس كەيپىياتى ۋە ئالاھىدە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلىنىدىغان مەخسۇس ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ.

ھەقىقەتەن ناماز ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق باغلىنىش رىشتىسى بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ

---

(1) 51- سۈرە زارىيات 56- ئايەت.

دىنىنى قوغداپ قالغانغا ئوخشاش، ئەكسىچە ئۇنى ئادا قىلماستىن زايە قىلىۋەتكەن ئادەم گويا دىنىنى زايە قىلىۋەتكەندەك بولىدۇ. ناماز بەندىنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ساغلام كېمىدۇر. ئاللاھ تائالا بالىلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش ۋە ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىپادىلەپ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾يەنى﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق بولغىن﴾[1] دەپ ئەمر قىلغان.

باللارغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ناماز ئوقۇش قىزغىنلىقىنى سىڭدۈرۈپ، ھەر ۋاقىت نامازغا بۇيرۇپ تۇرۇش ئاتا-ئانىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، قىيامەت كۈنى بۇ ھەقتىمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## باللارنى نامازغا كۆندۈرۈش

بالىلارنى ناماز ئوقۇشقا كۆندۈرۈش ئۈچ باسقۇچ بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. باللارغا نامازنى سۆيدۈرۈش باسقۇچى (2 ياشتىن7 ياشقىچە)

باللار ئاتا-ئانىسىنى دوراشنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى ئەگىشىپ قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دەسلەپتە ئۇلارغا ئۆگىتىشتىنمۇ ئەمەلىي ئۈلگە بەكرەك تەسىر قىلىدۇ. كىچىك بالا ئاتىسىنىڭ ناماز ئوقۇش ھالىتىنى ئەينەن دوراپ بېرەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئېغىزدىن ئۆگىنىشتىن كۆرە، دوراش، تەقلىد قىلىش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

---

(1) 20- سۈرە تاھا 132- ئايەت.

بالىلارنى ئىككى ياشتىن يەتتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئىبادەتكە، خۇسۇسەن نامازغا ئىشتىراك قىلدۇرۇش ۋە يېنىدا تۇرغۇزۇپ نامازنى بىللە ئوقۇش ناھايىتى ياخشى ئادەت. مەيلى بالا شوخلۇق قىلىپ، ئاتىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسۇن، ياكى سەجدە قىلىدىغان يېرىدە ئولتۇرۇۋالسۇن، ياكى پۇتىغا ئېسىلىۋالسۇن، ھېچ زىيىنى يوق. بىزنىڭ ئۆلگىمىز ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا نەۋرىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن ھەرگىز رەنجىپ قالمايتتى ۋە ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشىنى توسمايتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى شەددات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىلىرىدىن ئىمام ھەسەن ياكى ئىمام ھۈسەيىننى كۆتۈرگىنىچە بىزگە پېشىن، ياكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بېرىشكە چىقىپ، مېھرابقا ئۆتتى، نەۋرىسىنى ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن تەكبىر ئېيتىپ نامازنى باشلىدى. سەجدىنى شۇنداق ئۇزۇن قىلدىكى، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ سالدىم ۋە ھېلىقى كىچىك بالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن دەرھال سەجدىگە قايتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ساھابىلەر "يا رەسۇلۇللاھ! سەجدىلەرنىڭ بىرىنى بەكمۇ ئۇزۇن قىلدىلىكى، بىز بىرەر ئىش يۈز بەرگەنمىدۇ، ياكى ۋەھيي كەلگەنمىدۇ، دەپ قالدۇق" دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: "سىلەر گۇمان قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسى يۈز بەرمىدى. ئەمما بالام ئۈستۈمگە

مىنىۋالغانــــدى، ئۇنىـــڭ ئويـــۇنى تۈگىمەســـتىن تـــۇرۇپ كېتىشـــىنى ياقتۇرمىدىم" دېدى»[1].

بىــز كىچىــك بــالىلارنى نامــازدا ھەمىشــە بىــز بىــلەن بىلــلە تۇرۇشــقا قىزىقتۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق نامازنى ئۇلارغا سۆيدۈرۈشىمىز لازىم.

2. بالىلارغـا نامـازنى ئـۆگىتىش ۋە بـۇيرۇش باسقۇچى (7ياشـتىن 10 ياشقىچە)

بــالا يەتــتە ياشــقا تولۇشــتىن بىــر قــانچە ئــاي ئىلگىــرى ئــۇنى ئىــدىيە جەھەتــتىن نامازغــا تەييــارلاش ۋە ئۇنىــڭ بىــر قــانچە ئايــدىن كېــيىن خـــۇددى چوڭلارغـــا ئوخشـــاش بەش ۋاخ نامـــاز ئوقۇيـــدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

بالىلارغــا نامــاز ئوقۇشــنى ئۆگىتىشــتە ئــاۋۋال تاھــارەت ئېلىشــنى ئۆگىتىشـــتىن باشـــلايمىز. چـــۈنكى تاھـــارەت- نامازنىـــڭ ئاچقۇچىـــدۇر. ئانــدىن نامازنىــڭ شــەرتلىرى ۋە پەرز، ۋاجىپلىرىنــى ناھــايىتى ئــاددىي شەكىلدە چۈشەندۈرۈپ ئۆگىتىش لازىم.

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دېــگەن: «بــالىلىرىڭلارنى يەتــتە يېشىدا نامازغا بـۇيرۇڭلار. ئـون ياشـقا كىرگەنـدىمۇ نامـاز ئوقۇمىسـا، نامـاز ئۈچۈن يېنىك ئۇرۇڭلار»[2]

بالىلار 10 ياشـقا كىـرمىگىچە ئـۇلارنى ئۇرماسـتىن، ئاچچىقلانماسـتىن، نامازغــا كۆنــدۈرۈش كېــرەك. 10 ياشــقا كىرگەنــدىن كېيىنمــۇ نامــاز

(1) نەسائى ۋە ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى، ھاكىم «سەھىھ»دېگەن ھەدىس.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئوقۇمىسا، نامــاز ئوقۇتــۇش يۈزىســىدىنلا يېنىــك ئــۇرۇپ ئەدەپلەشــكە بولىدۇ.

شــۇنىمۇ ئەســتىن چىقارماســلىق كېرەككــى، ئىسـلام دىنىــدا بــالىلارنى نامازدىن باشقا بىــرەر مەســىلە ئۈچــۈن ئــۇرۇش چەكلىنىــدۇ. بۇمــۇ ئىسلام نەزىرىدە نامازنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

بــۇ ھەدىســتىن مەلــۇم بولغانــدەك، بــالىلارنى يەتــتە يېشــىدا نامازغــا بۇيرۇش ۋە ئۇلارغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىش ئاتا-ئانىنىــڭ ئۈســتىگە پەرز، ئەمما بالىلار ئۈچۈن چېنىقىش، ئۆزىنى كۆندۈرۈش ۋاقتىدۇر.

3. بالىلارنىــڭ نامــاز ئوقۇشــنى جىــددىي ئــۆگىنىش باســقۇچى (10 ياشتىن بالاغەتكە يەتكىچە)

ئالدىنقى ئىككى باسقۇچتا ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىــڭ ۋەزىپىســىنى ئــادا قىلغــاچ، بــالىلارنى نامازغــا كۆنــدۈرۈش، ئۇلارغــا نامــازنى ســۆيدۈرۈش ۋە ئۇلار بىلەن بىللە ناماز ئوقــۇش ئــارقىلىق، ئۇلارغــا نامــازلارنى ئۆگىتىشــنى جايىدا ئېلىپ بارالىغــان بولســا، كېيىنكــى بــۇ باسقۇچلاردا جاپــا تارتمايــدۇ ۋە قىينالمايدۇ. بالىلارغىمۇ ئېغىر كەلمەيدۇ.

نــاۋادا ئاتــا-ئانــا ئالــدىنقى ئىككــى باســقۇچنى بىپەرۋالىــق بىــلەن ئۆتكــۈزۈۋەتكەن بولســا، بــۇ جىــددىي باســقۇچتا ئــۇرۇش ۋە بــالىلارنى قىيناپ قويىدۇ. شۇنداقتىمۇ تىرىشىش لازىم.

ئالدىنقى ئىككى باسقۇچتا بالىلىرىغا نامــاز ئوقۇشــنى ئــۆگەتمىگەن ۋە ئۇلارنى نامازغا كۆندۈرمىگەن ئاتا-ئانىنىڭ يــاكى مۇئەللىمنىــڭ شــۇ يېتــى 10 ياشــقا كىرىــپ قالغــان بــۇ بــالىلارنى ئــۇرۇش ھەققــى يــوق. چــۈنكى ئــۇرۇش ئــاۋۋال ياخشــى ئۆگىتىــپ ۋە كۆنــدۈرۈپ بولغانــدىن كېيىــن كېلىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

بـــاللار 10 ياشـــقا توشـــقاندىن كېـــيىن، خـــۇددى بـــالاغەتكە يەتكەنلەردەك ئىبادەتلەرنى باشلىۋېتىدۇ، نامازلارنى ۋاقتىدا ئـادا قىلىشقا باشـلايدۇ. ئـۇلار بـالاغەتكە يەتكەنـدىن كېيىنمـۇ ھېچقانـداق ئېغىـر كۆرمەستىن داۋاملاشتۇرالايدۇ.

ئەممـا 10 ياشـتىن كېيىنمـۇ نامازغـا جىـددىي كۆڭـۈل بۆلمىگەن ۋە ئۆگەتمىگەن باللار بالاغەتكە يەتكەنـدىن كېيىن، ھەم ئـۆزلىرىنى ھەم ئاتا-ئانىسىنى قىيناپ قويىـدۇ. چـۈنكى ئىلگىـرى قىلىـپ كـۆنمىگەن بـۇ ئىبـادەتنى بىـراقلا باشـلاش ئۇلارغـا ئېغىـر تۇيۇلـىدۇ. شـۇڭا بـاللارنى ئالـــدىنقى ئىككـــى باســـقۇچتا ياخشـــى تەربىـــيەلەپ، ئىبـــادەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىنتايىن زۆرۈر.

## قىز-ئاياللىرىمىز ھەققىدە سۆز

ــقىــزلار يەتــتە ياشــقا توشــمىغىچە ئۇلارنىــڭ كىيىنىشــىدە يــاكى يۈرۈش-تۇرۇشىدا ھېچبىر چەكلىمە يوقتـۇر. ئـۇلار بـۇ ياشـلىرىدا خـۇددى ئوغۇللارغـا ئوخشاشـتۇر. بىـراق ئالـدى ۋە كەينىـدىن ئىبـارەت ئىككـى ئەۋرەت ئەزاسىنى يۆگەپ يۈرۈشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ــقىــزلار يەتــتە ياشــتىن ئــون ياشــقىچە بولغــان ئارىلىقتــا كــۆپرەك ھـــاللاردا ئانىســـىدىن نامـــاز ئەھكـــاملىرىنى، ئىســـلامىي كىيىنىشـــنى ئۆگىنىــدۇ. ئەممــا بــۇ ئىشــلارغا زورلانمايــدۇ، بەلكــى پەقەت ئۆگىنىــدۇ ۋە ئادەتلىنىشكە تىرىشىدۇ.

ــقىــزلار ئــون ياشــتىن بــالاغەتكە يەتكۈچىلىــك بولغــان ئارىلىقتــا، ئانىســىدىن ئاياللارغــا مۇناســىۋەتلىك ئەھكــاملارنى ئۆگىنىــدۇ. بــۇ ۋاقىتتــا ئانىنىــڭ ۋەزىپىســى جىــددىي بولىــدۇ. چــۈنكى ئانــا قىزلىرىغــا ئەۋرەت جايلارنى قانـداق يـۆگەش كېرەكلىكىنى، ھەمـدە نامـاز ئوقـۇش، تاھـارەت

ئېلىش، ئىسلامىي كىيىنىش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئاياللارغا خاس ھالەتلەرنى (ھەيز كۆرۈشنى) چۈشەندۈرۈپ، قىزلارنى ئالدىنئالا بۇ ئىشلارغا تەييارلاشقا ۋە ئۇلارنى بۇ ھەقتە چۈشەنچە ۋە بىلىم ھاسىل قىلدۇرۇشقا مەسئۇل ۋە جاۋابكاردۇر.

## قىزلارنى كىيىندۈرۈشتىكى خاتالىقلار

نۇرغۇن كىشىلەر قىزلىرىنى ئىسلامىي قىياپەتتە كىيىندۈرۈش ئىشىدا ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل خاتالىقنى سادىر قىلماقتا:

1. بەزىلەر قىزلار بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرىكى باسقۇچلارغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن، بۇ باسقۇچلاردا قىزلىرىغا نىسبەتەن ھېچقانداق بىر ئىدىيە جەھەتتىكى تەييارلىق ئېلىپ بارماستىن، ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن ھامان ئىسلامىي كىيىم كىيىشكە ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. قىزلار ئىلگىرىكى باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن، نە ناماز ئوقۇشنى ئۆگەنمىگەن، نە ئىسلامىي كىيىنىشكە ئۆزىنى ھازىرلىمىغان بولغاچقا، ئۇلارغا بۇ ئىشلار ئېغىر ۋە قىيىن تۇيۇلۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بالىلار بۇ ئىشلاردىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئالدىنئالا ھازىرلىماستىن، تۇيۇقسىزدىنلا زورلانغان ئىشنى ھېچكىمنىڭ قىلغۇسى كەلمەيدۇ.

2. يەنە بەزىلەر يەتتە ياشقىمۇ كىرمىگەن قىزلارنى ئىسلامىي قىياپەتتە كىيىنىپ، بېشىنى يۆگەشكە زورلايدۇ. تەبىئىيكى بۇ ياشتىكى قىزلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى ئويناش، بىغۇبار بالىلىق چاغلىرىنىڭ ھوزۇرىنى تېتىش ھەققى بار. ئۇلارنى 9~10 ياشلارغا كىرگىچە بولغان ۋاقىتلار ئىچىدە، ناماز ئوقۇشقا ۋە ئىسلامىي قىياپەتتە كىيىنىشكە

كۆنـدۈرۈپ، سـۆيدۈرۈپ، قايىـل قىلىـپ، ئانـدىن ئالـدىرىماي بۇيرىسـاقمۇ كېچىكىپ قالمايمىز. بەلكى دەل ۋاقتىدا باشلىغان بولىمىز.

## ئىسلامىي يوسۇندا كىيىنىش قانداق بولىدۇ؟

ئالللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە مۇنـداق دەپ بۇيرۇغـان: ﴿وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾يەنـى﴿مـۇئمىن ئاياللارغـا ئېيتقىنكـى، ئـۇلار كۆزلىرىنى نـامەھرەملەرگە تىكىلىـپ قاراشتىن ساقلىسۇن، نومۇسـىنى ۋە ئىپپىتىنــى قوغدىســۇن، كۆرۈنــۈپ تۇرىــدىغان قىســمىدىن باشــقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلمىسۇن، ياغلىقلىرىنى ياقلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن﴾ [1]

فىقھشۇناس ئالىملارنىـڭ كـۆپ سـانلىقى بـۇ ئـايەتتىكى ﴿كۆرۈنـۈپ تۇرىـدىغان قىسـىم﴾دىـن ئايالنىـڭ يـۈزى بىـلەن ئىككـى قـولى مەقسـەت قىلىنىـدىغانلىقىغا ۋە بۇنىڭغـا بىنـائەن، ئايالنىـڭ يـۈزى بىـلەن ئىككـى قــولى ئەۋرەت ئەمەســلىكىگە بىــرلىككە كەلــگەن. بــۇ ئىتتىپــاق ساھابىلارنىڭ ئەڭ كاتتـا ئالىملىرىـدىن بولغـان ھەزرىتـى ئابـدۇللا ئىـبىن ئابــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ بــۇ ئــايەتكە قىلغــان تەپســىرىدىن ئېلىنغـان.[2] ئەممـا ئايالنىـڭ پـۇتى ھەققىـدە ئىخـتىلاپ بـار. ھەنەفـي مەزھىپىــدىكىلەر ئايالنىــڭ پــۇتىنى ئەۋرەت ئەمەس دەيــدۇ. باشــقا مەزھەپتىكى ئالىملار ئۇنى ئەۋرەت قاتارىدىن سانايدۇ.

---

(1) 24- سۈرە نۇر 31- ئايەت.

(2)ئىمام نەۋەۋى «المجموع» (ئەلمەجمۇئ) ناملىق ئەسرىدە،ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ تەپسىرنى ئىمام بەيھەقىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئايەتتىكى ﴿ياغلىقلىرىنى ياقىلىرى بىلەن قوشۇپ تاڭسۇن﴾ دېگەن ئايەتنى ئۆلىمالار ياغلىق بىلەن باشنى، بويۇننى ۋە مەيدىنى يۆگەش دەپ تەپسىر قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئى ئەسما! قىزلار بالاغەت يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇشۇ ۋە مۇشۇ يېرىدىن باشقىسى كۆرۈنمەسلىكى كېرەك» دەپ يۈزى بىلەن ئىككى قولىغا ئىشارەت قىلغان.(1)

ئىسلامىي يوسۇندا كىيىنىش دېگەن ئاياللارنى بىر خىل كىيىم كىيىشكە زورلاش ئەمەس. بەلكى تۆۋەندىكى ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشقان ھالدا خالىغانچە كىيىنىشنى كۆرسىتىدۇ:

1. ئاياللىنىڭ يۈزى ۋە ئىككى قولىدىن باشقا جىمى ئەزاسىنى يۆگەپ تۇرىدىغان كىيىم كىيىشى.

2. ئاياللىنىڭ تېنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شەكىلدە نېپىز كىيىم كىيمەسلىكى.

3. ئاياللىنىڭ بەدىنى بىلىنىپ تۇرىدىغان شەكىلدە تار كىيىم كىيمەسلىكى.

4. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان شەكىلدىكى كىيىملەرنى كىيمەسلىكى.

5. ئاياللىنىڭ سىرتقا چىققاندا، يات ئەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە، پىتنە قوزغاشقا سەۋەب بولىدىغان ئەتىر چېچىپ چىقماسلىقى. چۈنكى ئەتىر كىشىلەرنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەرسە. پەيغەمبەر

(1)ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئايال ئۆزىگە ئەتىر چېچىپ سىرتقا چىقىپ، ئەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ۋە بۇ ئەتىرنىڭ پۇرىقى ئۇلارنىڭ بۇرنىغا كىرسە، بۇ ئايال ئۇنداق، مۇنداق ئايالدۇر»[1] يەنى بۇزۇق ئايالدۇر، دېگەن.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ تەرنىڭ پۇرىقىدىن قۇتۇلۇش ۋە باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىشتىن ساقلىنىش نىيىتى بىلەن قولتۇقلىرىغا تەرنىڭ پۇرىقىنى يوق قىلىدىغان، سىرتقا پۇرىمايدىغان نەرسىلەرنى سۈرۈشى جائىزدۇر.

مۇھىم بولغىنى، ئاياللار كىيىنىش ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىدا يات ئەرلەرنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان شەكىلدە ئەمەس، بەلكى شۇ جەمئىيەتتىكى كۆپچىلىك مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ دىنىي ۋە مىللىي قائىدە-يوسۇنلىرىغا ئۇيغۇنلاشقان ھالدا، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە پاكىز ۋە ئېسىل سۈرەتتە كۆرۈنۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

يۇقىرىقى جۈملىدىكى «مۇسۇلمان ئاياللار»دىن دىندار ئاياللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يالاڭ باش يۈرىدىغان، ياكى ياغلىقنى بېشىنىڭ چوققىسىغا ئارتىۋالىدىغان ئاياللارنىڭ كىيىنىشى بىزنىڭ نە ئىسلامىي، نە مىللىي قائىدە يوسۇنلىرىمىزغا ئۇيغۇن ئەمەس.

ئەمما ئايال ئۆز ئېرى ئۈچۈن جەلپ قىلغۇدەكلا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشنى ئۇنۇتماسلىقى لازىم. بۇنىڭدا چەكلىمە يوق.

---

(1)ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود»(سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 4175- ھەدىسى، تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي»(سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2786- ھەدىسى.

6. ئايالنىڭ يات ئەرلەرگە سۆز قىلغاندا، نازلىنىپ سۆز قىلماستىن، نورمال دەرىجىدە سۆز قىلىشى.

ئاياللارنىڭ كىيىنىشى ئۈچۈن بۇنداق چەكلىملەرنى قويۇشتىن مەقسەت ئۇلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى قوغداش ۋە ھۆرمىتىنى ساقلاشتىن ئىبارەتتۇر.

## روزا

روزا — لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئۆزىنى بىر نەرسىدىن توسۇش، ساقلىنىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

روزىنىڭ ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى مەنىسى: تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش پاتقانغا قەدەر، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن يېمەك- ئىچمەك ۋە جىنسىي ئالاقىدىن ئۆزىنى توسۇش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

يىلدا بىر ئاي رامىزان روزىسىنى تۇتۇش ئەقىل-ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، روزا تۇتۇشقا تاقەت قىلالايدىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن پەرزدۇر.

روزا تەربىيە خاراكتېرلىك ئىبادەت بولۇپ، باللار روزا سايىسىدا ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئىخلاس قىلىشنى، نەپسىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

باللار ئون ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئاستا-ئاستا روزا تۇتۇشقا كۆندۈرۈش لازىم. مەسىلەن: ئاۋۋال يېرىم كۈن، ئاندىن يېرىم كۈندىن كۆپرەك، ئاندىن بىر كۈن روزا تۇتقۇزغانغا ئوخشاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى كىچىك باللىرىنى روزا تۇتۇشقا كۆندۈرەتتى. مۇئەۋۋىزنىڭ قىزى رۇبەيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىز رامىزان ئايلىرىدا ئۆزىمىز روزا تۇتۇش بىلەن بىرگە كىچىك باللىرىمىزنىمۇ روزا تۇتقۇزاتتۇق. ئۇلارنى مەسجىدلەرگە ئېلىپ باراتتۇق، ئۇلارغا يۇڭدىن ئويۇنچۇقلارنى ياساپ بېرەتتۇق، قورسىقى ئېچىپ يىغلىسا، بۇ ئويۇنچۇقلارنى بېرىپ، ئۇلارنى ئىفتارغىچە شۇنداق مەشغۇل قىلاتتۇق.»[1] ساھابىلەر ئىپتار ۋاقتىدا باللىرىنى چاقىرىپ، بىرگە دۇئا قىلاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر»[2] دېگەن.

## زاكات

زاكات ــ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن پاكلاش ۋە ئۆستۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

زاكاتنىڭ ئىسلام تېرمىنلىرىدىكى مەنىسى: مەخسۇس شەرتلەرگە ئاساسەن، مۇئەييەن مىقداردىكى پۇل-مالنى ھەقلىق بولغان شەخسلەرگە بېرىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

زاكات ــ زاكات بېرىشى پەرز بولغانلاردىن ئېلىپ جەمئىيەتتىكى مۇھتاج كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ئىبادەتتۇر.

زاكات بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ پۇل-مېلىغىمۇ كېلىدۇ. چۈنكى زاكات ئىقتىسادىي ئىبادەت بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ پەرز بولۇشى

---

(1) ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1136- ھەدىسى.

(2) ئىمام بەيھەقىنىڭ «شعب الإيمان» (شۇئەبۇل ئىمان) ناملىق ئەسىرىنىڭ 3904- ھەدىسى.

ئۈچۈن بالاغەتكە يەتكەن بولۇش شەرت ئەمەس. شۇڭا زاكات بەرگۈدەك پۇل-مېلى بولغان كىچىك بالىغمۇ زاكات پەرزدۇر. بۇ ۋاقىتتا زاكاتنى بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ پۇل-مېلىدىن چىقىرىپ ئادا قىلىدۇ.

شافىئىي، مالىكى ۋە ھەنبەلىي مەزھەپلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:«يېتىملەرنىڭ پۇل-مېلىنى زاكات يەپ تۈگەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى تىجارەتكە سېلىپ قويۇڭلار»دېگەن ھەدىسگە ئاساسەن، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىنىڭ پۇل-مېلىغا زاكات كېلىدۇ، دەپ قارار قىلغان. ئەمما ھەنەفىي مەزھىپى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:«ئۈچ خىل كىشىگە ساۋاب ياكى گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى بالاغەتكە يەتمىگەن بالا...»دېگەن ھەدىسگە ئاساسلىنىپ، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىغا ئىبادەت پەرز بولمىغان ئىكەن، زاكاتمۇ پەرز ئەمەس. چۈنكى زاكات دېگەن ئىبادەت، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ مەسىلىدە يۇقىرىقى ئۈچ مەزھەپنىڭ رەئيى كۈچلۈك ۋە ئەمەل قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى زاكات كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، ئۇنىڭ پۇل-مېلىغا پەرز بولىدۇ.

زاكاتنى مۇسۇلمانلارنىڭ يوقسۇللىرىغا بېرىش كېرەك. ئەمما سەدىقىنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگىمۇ بەرسە بولىدۇ. سەدىقە ئىختىيارىي ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى قانچىلىك بېرىش ۋە كىملەرگە بېرىش ھەققىدە چەكلىمە يوق.

### باللارنى خەير-ئېھسان قىلىشقا كۆندۈرۈش

باللارنى قانداق قىلغاندا خەير-ئېھسان قىلىشقا ئادەتلەندۈرگىلى بولىدۇ؟

بۇ يەردە يەنە ئۇلگە بولۇش بىلەن تەربىيەلەش دېگەن ماۋزۇغا قايتىمىز. چۈنكى زاكات بېرىش، سەدىقە ۋە خەير-ئېھسان قىلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىبادەتلەرنىمۇ بالىلارنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىپ، ئۇلارغىمۇ قىلدۇرۇپ ئۈلگە كۆرسىتىش كېرەك. بالىلار ناماز ئوقۇشنى ئاتا-ئانىسىدىن قانداق ئۆگەنسە، زاكات ۋە سەدىقە بېرىشنىمۇ ئاشۇنداق بىۋاستە ئىشتىراك قىلىپ، كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئۆگىنىدۇ.

شۇڭا ئاتا-ئانىلارنىڭ زاكات ۋە سەدىقىلەرنى تارقىتىشقا بارغاندا كىچىك باللىرىنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىشى، ياكى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ پالانىغا ئاپىرىپ بەرگىن دەپ ئەۋەتىشى باللارغا زاكات ۋە سەدىقە بېرىشتە ئۈلگە كۆرسەتكەنلىكى بولىدۇ.

ئەمما پىتىر سەدىقىسى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە بۇيرۇلغان سەدىقە بولۇپ، ھەربىر جاندىن بېرىلىدۇ. پىتىر سەدىقىسىنىمۇ زاكات بېرىلىدىغانلارغا بەرسە بولىدۇ.

## ھەج

ھەج—لۇغەت ئېتىبارى بىلەن مەقسەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما ھەجنىڭ ئىسلام ئېرمىنلىرىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھالدا مەككىگە بېرىپ، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە، ئەرەفاتتا تۇرۇش، كەبىنى تاۋاپ قىلىش، سافا بىلەن مەرۋىنى سەئى قىلىش قاتارلىق مەخسۇس پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

تەن سالامەتلىك، يول ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ھەج سەپىرىگە چىقىشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىلەرگە ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرزدۇر.

بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ئۈچۈن ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاتا-ئانا بالىلارغا ھەجنىڭ ئىسلام پەرزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىشى ۋە بىلگىنىچە مەلۇمات بېرىشى لازىم.

بالاغەتكە يەتمىگەن ۋاقتىدا ھەج قىلغان بالىلارغا ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ساۋاب بولىدۇ. ئەمما ھەج پەرزى ئۇلاردىن ساقىت بولمايدۇ. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، ھەج كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر ئايال نارەسىدە بالىسىنى كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن، بۇ بالام ئۈچۈن ھەج قىلسام بولامدۇ؟ دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالغا: «ھەئە، سىزگە ساۋاب بولىدۇ»[1] دەيدۇ.

(1)ئىمام مۇسلىمنىڭ«صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1336ـ ھەدىسى.

# ئەخلاق

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپى بولۇپ، ماددىي تەرىپى تەن، مەنىۋى تەرىپى روھ دەپ ئاتىلىدۇ. روھنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان روھىنىڭ ئەسىرى بولغان گۈزەل خۇيلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇلارنى ئەخلاق دەيمىز.

ئەخلاق گۈزەل ئەخلاق ۋە ناچار ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ مېۋىسى ۋە دىنىنىڭ مەقسىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۇمۇملاشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن.

ئىبادەتلەر ئىنساننى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. مەسىلەن: ناماز ئىنساننى گۇناھتىن توسىدۇ. زاكات ئىنسانغا مەردلىكنى ۋە سېخىيلىقنى ئۆگىتىدۇ. روزا ئۆز نەپسىنى كونترول قىلىشنى ۋە باشقۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. ھەج تەقۋالىقنى ۋە ئىتائەتچانلىقنى ئۆگىتىدۇ.

دېمەك، ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئەخلاق-پەزىلەتتە كامالەتكە يېتىش يولىدىكى بىرەردىن شوتا، بىرەردىن ۋاسىتىدۇر. شۇنىڭدەك، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىش قاتارلىق ئەمەللەرمۇ نەپسنى پاكلاش، روھنى يۈكسەلدۈرۈش رولىغا ئىگە.

---

(1) ئىمام بەيھەقىنىڭ«السنن الكبرى» (سۈنەنى كۇبرا) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 20571- ھەدىسى.

ئادەم ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيەسى قەيەردە ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيەۋى ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاق ساپاسى، تەن ساپاسى ياخشى بولىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق غايە تۇرغۇزۇش، دەۋرگە ماس قەدەمدە قانداق ئىلگىرىلەش، قانداق قىممەت يارىتىش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىنى سۆيۈش، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ.

## گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق ــ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئەخلاقلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش، سۆيگۈ-ۋاپالىق، ئىمان-ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا-ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخى، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى-قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىگە تايىنىش، ۋىجدانلىق،

غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

## يامان ئەخلاق

يامان ئەخلاق ــ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيىتىمىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە دىنىمىزدا توسۇلغان قىلىقلاردۇر.

يامان ئەخلاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، قوشنىلارغا ئازار بېرىش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، تۆھمەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھورۇنلۇق، تەمەخورلۇق، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، چېقىمچىلىق ۋە باشقىلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: «نەدىلا بولمىغىن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلغىن، يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىق قىلغىنكى ئۇنى ئۆچۈرسۇن، ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن»[1] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىڭلاردۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

تۆۋەندە، گۈزەل ئەخلاقنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە بىر قەدەر ئەھمىيەتلىك بولغانلىرىدىن، سۆيگۈ-مۇھەببەت، راستچىللىق، ئامانەت، تىلنى ساقلاش، دىنىي ۋە مىللىي كىملىكنى قوغداش قاتارلىقلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

# سۆيگۈ-مۇھەببەت

سۆيگۈ-مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ جېنى، قەلبنىڭ زىننىتى ۋە بەختنىڭ كاپالىتىدۇر. سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ قىممىتىنى تونۇغانلار قەدىمكىلەر«دۇنيادا سۆيگۈ-مۇھەببەت ئومۇملىشىدىغان بولسا، ئىنسانلار نە ئادالەتكە، نە قانۇنغا موھتاج بولمىغان بولاتتى» دېگەن ئىكەن قەدىمدە.

دۇنيا سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن ئاۋات بولغاندەك، كۆڭۈللەرمۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن ياشنايدۇ. دۇنيادا ھەر كىم سۆيۈشكە ۋە سۆيۈلۈشكە موھتاج. سۆيگۈ-مۇھەببەت بولمىغان قەلب خارابىلىككە ئوخشايدۇ.

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىنى، جۈملىدىن بەندىلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاسرايدۇ. ئىنسانلاردىنمۇ بىر-بىرىنى سۆيۈشلىرىنى ۋە بىر-بىرىگە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ مەرتىۋىلىرى

سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولىدۇ، شۇ جەھەتتىن سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ مەرتىۋىلىرىمۇ بىر خىل بولمايدۇ.

## ئاللاھ سۆيگۈسى

سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر. چۈنكى سۆيگۈ-مۇھەببەت دېگەن كۆپىنچە قارشى تەرەپنىڭ سۆيگۈسى، ياكى

ئۈنىڭدىكى قايىل قىلارلىق سۈپەتلەر، ياكى ئۈنىڭدىن كۆرگەن زور ياخشىلىقلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قەلبكە ئورنايدىغان نەرسە.

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالادا سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن بار.

### ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ قىممىتى

ئاللاھ سۆيگۈسى ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەركىبى، ھەقىقىي مۇئمىنلىكنىڭ ئىپادىسى، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَشَدُّ حُبًّا لِلَّهِ ﴾يەنى﴿مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن ئارتۇق دوست تۇتقۇچىلاردۇر﴾[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قانداقكى كىشىدە ئۈچ نەرسە بولىدىكەن، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى؛ ئىككىنچىسى، بىراۋنى دوست تۇتسا ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوست تۇتىدىغان بولۇشى؛ ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلىقتىن كېيىن كاپىر بولۇشنى، خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرىدىغان بولۇشى»[2].

### پەيغەمبەر سۆيگۈسى

پەيغەمبەر سۆيگۈسى ئاللاھ سۆيگۈسىدىن قالسىلا ئەڭ ئەھمىيەتلىك سۆيگۈ بولۇپ، ئىماننىڭ بىر پارچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا

---

(1) 2- سۈرە بەقەرە 165 - ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەق دىننى ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىماننىڭ پارلاق نۇرىغا باشلاپ چىققان ۋە بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈك كىم بولسۇن؟!

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ»[(1)].

## ۋەتەن سۆيگۈسى

ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ سۆيگۈ ۋەتەن سۆيگۈسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مال-مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنى ئىللىق قوينىدا ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەن ئانا ۋەتەنگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سۆيگۈسى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مۇئمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى سۆيمىگىچە مۇئمىن بولالمايسىلەر»[1] دېگەن.

مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرنىڭ رەڭگى، تىلى، ئىرقى، نەسەبى، دىنى ۋە يۇرتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئايرىمچىلىق قىلمايدۇ، ئۇلارنى چەتكە قاقمايدۇ ۋە ئۇلارغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇرمايدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ نەزىرىدە، پۈتۈن ئىنسانلار ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇپراقتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل-سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىرەردىن ئالامەتلىرىدۇر. ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِلْعَالِمِينَ﴾ يەنى﴿ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان) ئالامەتلىرىدىن بىرى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئىبرەتلەر باردۇر﴾[2]

## مۇسۇلمانلار كىملەرنى يامان كۆرۈشى كېرەك؟

مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە ياكى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنى، دىنىي سەۋەبتىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلارنى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنى، قۇرئان كەرىمنى، مۇھەممەد

---

(1)ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) 30- سۈرە رۇم 22- ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنى يامان كۆرۈشى، دوست تۇتماسلىقى، ئۇلارغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇلارنى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى دەپ بىلىشى لازىم. بۇ پرىنسىپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:﴿إِنَّمَا يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾يەنى﴿ئاللاھ دىنىي سەۋەبتىن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشتا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ. كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر﴾[1]

يۇقىرىقىلارنى يامان كۆرۈش دېگەنلىك ئۇلارنى يۈرەكتىن دوست تۇتماسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئادالەتتە، مۇئامىلىدە، ئىنسانىي ھۆرمەتتە ئۇلارغا ئايرىمىچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئادالەت بىلەن دۇرۇسلۇق ھەر ئىشتا ۋە ھەركىم ئۈچۈن ئوخشاش تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿لاَ يَنْهَاكُمُ اللَّهُ عَنِ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ﴾ يەنى﴿ ئاللاھ سىلەر بىلەن دىنىي سەۋەبتىن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادالەتلىك بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ [2]

---

(1) 60- سۈرە مۇمتەھىنە 9- ئايەت.

(2) 60- سۈرە مۇمتەھىنە 8- ئايەت.

ئەمما مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا ياكى ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك غەرىزىدە بولمىغان، تىنچلىقپەرۋەر كىشىلەرنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەسلىك، ئۇلار بىلەن ئىنسانىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، تىنچ ئۆتۈشكە تىرىشىش لازىم.

## تەبىئەت سۆيگۈسى

تەبىئەت ــ ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە قوغداش دىنىمىزدا گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. تەبىئەت بىز ئىنسانلاردەك تۇزكور ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۆز تىلى بىلەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَوَاتُ السَّبْعُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ وَلَكِنْ لَا تَفْقَهُونَ تَسْبِيحَهُمْ﴾يەنى﴿يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنىڭ نۇقسانسىزلىقىنى سۆزلەيدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ مەدھىيەلەيدۇ، لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ مەدھىيەسىنى سەزمەيسىلەر﴾[1]

## بالىلارغا سۆيگۈ-مۇھەببەتنى قانداق ئۆگىتىش كېرەك؟

بالىلارغا سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنى ھەممە ئادەمگە قارىتا كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، ئەتراپىدىكىلەرنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن يەنىلا

(1) 17- سۈرە ئىسرا 44 - ئايەت.

ئاتا-ئانا باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ. بۇ جەھەتتىمۇ ئاتا-ئانىنىڭ باللارغا ياخشى ئۈلگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

چۈنكى ئائىلىدە بولمىغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ باللارنىڭ قەلبىدە بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا بىر-بىرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى يۈرىكىدىن چىن سۆيگەندىن تاشقىرى قوشنىلىرىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، خىزمەتداشلىرىنى، يۇرت-جامائەتنى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى ياخشى كۆرۈشى، ئۇلارنىڭ ھەققىدە ياخشى ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشى باللارغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدۇ، دە-باللارمۇ شۇنداق بولۇپ چىقىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، باللار سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن نەپرەتنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ چىقىدۇ.

باللارغا يەنە ھەمىشە ئۈلگىلىك قىسسەلەرنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىدىن بارغان مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قانداق مېھىر-مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق رىشتىسى قۇرۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەلبىگە سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ كۆچەتلىرىنى تىكىش زۆرۈردۇر.

# راستچىللىق

راستچىللىق ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، بالىلارغا بۇ ئەخلاقنى يەرلەشتۈرۈش ئىشى كىچىكىدىن باشلىنىدۇ ۋە كۆپ تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

بالىلار كىچىكىدىنلا راست سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈلسە، ئۇلار چوڭ بولغاندىمۇ بۇ ئەخلاق ئۇلارنىڭ كۈندىلىك يۈرۈش-تۇرۇشلىرىنىڭ ۋە جىمى ھەرىكەتلىرىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

راستچىللىق گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسى بولۇپ، پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ روياپقا چىقىشى راستچىللىق ۋە سەممىيلىكتىن باشلىنىدۇ. ئەكسىچە، راستچىللىق بىلەن سەممىيەت بولمىغان ئىشتا ياخشىلىق بولمايدۇ.

ئاتا-ئانا ۋە مۇئەللىم بالىلارغا راست سۆزلەشتە ئۈلگە بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قەتئىي يالغان سۆزلىمەسلىكى، ھەتتا چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ، بالىلارغا يالغان ئېيتماسلىقى زۆرۈردۇر. چۈنكى 10 ياشنىڭ ئاستىدىكى بالىلار كۆپىنچە راست بىلەن چاقچاقنىڭ پەرقىنى ئايرىپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار گەپ- سۆزلىرى ۋە بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاتا-ئانىسىنى ياكى مۇئەللىمىنى تەقلىد قىلىدۇ، ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ ئىسلام ئەخلاقىنى، خۇسۇسەن راستچىللىقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە زور ئەھمىيەت بېرەتتى، بالىلارنى ۋە ئاتا-ئانىسىنى كۆزىتەتتى، خاتالىقلىرىغا تۈزىتىش بېرەتتى.

ئابدۇللا ئىبنى ئامىر مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئانام مېنى ئۆيگە چاقىردى. كىرسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىمىزدە ئىكەن. ئانام ماڭا «كەل ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن» دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامدىن: «بالىڭىزغا نېمە بەرمەكچى؟» دەپ سورىدى. ئانام: «خورما بېرەرمەن» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامغا: «ئەگەر سىز بالىڭىزغا بىر نەرسە بەرمىسىڭىز سىزگە بىر يالغان ئېيتقانلىق گۇناھى يېزىلىدۇ»[1] دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە باللار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، باللارمۇ توغرا ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە كۆرۈش ھەققى بولغان ئىنساندۇر، شۇڭا بۇ ھەدىس شەرىپ ئاتا-ئانىنىڭ ئۇلارنى ئالداش، ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىش ھەققى يوق، دېگەن ھەقىقەتنى ئېلان قىلغان.

كىچىكلەرگە يالغان ئېيتىش گۇناھ جەھەتتە چوڭلارغا يالغان ئېيتقانغا ئوخشاشتۇر، بەلكى خەتىرى تېخىمۇ چوڭراقتۇر. چۈنكى كىچىكلەرگە يالغان ئېيتقانلىق ئۇلارغا يالغانچىلىق بابىدا ئەمەلىي دەرس بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك يالغان بارمۇ؟

ئاتا ئۆيدە بار تۇرۇپ، بالىسىغا: «مېنى سورىغانلارغا مېنى ئۆيدە يوق دېگىن» دېيىشىنىڭ ئۆزى گۇناھ جەھەتتە ئەڭ چوڭ، خەتەر جەھەتتە ئەڭ خەتەرلىك يالغاندۇر. يەنە ئاتىنىڭ بالىسىغا بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلماسلىقىمۇ ئەڭ خەتەرلىك يالغان

(1) ئەبۇ داۋۇدنىڭ«سنن أبي داود» (سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىدىكى ھەدىس.

بولغانلىقى ئۈستىگە ئالدامچىلىقتۇر. مۇنداق ئاتىنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنچ قىلسۇن؟ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟ ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن؟

بالىلارنى راستچىللىققا ئادەتلەندۈرۈشتە، ئۇلارغا ئەمەلىي ئۈلگە بولۇش، يالغانچىلىقنىڭ گۇناھى ۋە خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، راستچىللىق ھەققىدىكى قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىش، ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىش كېرەك.

مۇھىم بولغىنى بالىلارنى راستچىللىقنى سۆيىدىغان، راستچىل كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، يالغانچىلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان، يالغانچىلارنى يامان كۆرىدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشتۇر. بۇنىڭدا غەلىبە قىلغان ئادەم ئۇلارنى باشقا گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلەندۈرۈشتىمۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

# ئامانەت

ئامانەت ــ باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش دېگەنلىك بولۇپ، ھەر ئىشتا ئىشەنچلىك بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىشەنچ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە تەڭداشسىز ئەڭگۈشتەرلەردىن بىرى بولۇپ، دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بايلىق بولمىسا كېرەك.

يەرشارى نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىگە يېقىن ئىنسانىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىپ كېتىشىۋاتلىقىدىكى ئاساسلىق غەلىبە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشەنچ نۇقتىسىدىن يېگانە شەخس بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئامانەت ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئاساسلىق ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئامانەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم ياخشى بىلىدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ئامانەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلمىگەنلىك، ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئامانەتكە نىسپىي مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ «مەن ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلمايمەن، چۈنكى ماڭا قويۇلغان ئامانەتنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرىمەن» دەيدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمما بۇ ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئامانەتنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى بىر تۈرى، خالاس. ئامانەت سۆزى ئامانەت قويۇلغان پۇل-مال ۋە تاۋارغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەرنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، مەنىۋى بايلىقلارنىمۇ، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان چوڭ مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ماڭا ئالتە ئىشتا كاپالەت بېرىڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن جەننەتكە كاپالەت قىلىمەن: سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت تۇتساڭلار ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ئەۋرەتىڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، قولۇڭلارنى يامان ئىشلاردىن ۋە ھارامدىن يىغىڭلار»[2]

يەنە بىر ھەدىستە: «ئامانەتنى ساقلىيالمايدىغان ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ»[3] دېگەن.

ئىشەنچتىن قېپقالغان ئادەمنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنىڭ پەرقى بولمايدۇ. ئۇنداقلارنىڭ جىسمى تىرىك بولسىمۇ، ئۆزلىرى ئۆلۈكتۇر.

باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئامانەت بالىلارنىڭ قەلبىگە كىچىكىدىنلا سىڭىپ مۇستەھكەملەش زۆرۈر بولغان ئىسلام ئەخلاقىدۇر.

(1) 8ـ سۈرە ئەنفال 27ـ ئايەت.
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

پەيغەمــبەر ئەلەيهىسســالامنىڭ كىچىــك ۋاقتىــدىن باشــلاپلا قــوۋمى تەرىپىــدىن بېــرىلگەن ئۇنــۋانى «ئەمىــن» يەنــى (ئىشــەنچلىك) دېــگەن شانلىق ئۇنۋان ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسســالامنى تــاكى پەيغەمــبەر بولغىنىغا قەدەر «مۇھەممەد ئەمىن» يەنــى (ئىشــەنچلىك مــۇھەممەد) دەپ چــاقىراتتى. ئــۇ پەيغەمــبەر بولغانــدىن كېيىنمــۇ ئەرەبــلەر ئۇنىــڭ دىنىغــا قارشــى چىققــان بولســىمۇ، ئۇنىــڭ راســتچىل، دۇرۇس ئــادەم ئىكەنلىكىنــى ماختــايتتى. كىشــىلەر ئۇنىڭغــا ۋە دىنىغــا دۈشــمەن بولــۇپ تــۇرۇپ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەت قوياتتى.

ئىشەنچ دېگەن ئەنە شۇنداق كارامەتلىك خىسلەتتۇر.

ئــاللاھ تائــالا ھەققىــي نىجاتلىققــا ئېرىشــىدىغان مۇئمىنلەرنىــڭ سۈپەتلىرى قاتارىدا ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنــى ماختــاپ مۇنــداق دېگەن: ﴿ وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ ﴾يەنــى﴿ئــۇلار ئامــانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.﴾ [1]

## كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ كۆچىتى ئىشەنچتىن كۆكلەيدۇ

ئىشــەنچتىن ئىبــارەت بــۇ بۈيــۈك ئەخــلاق بىــلەن سۇغۇرۇلمىغان ھەر قانداق بىر مۇناسىۋەت يۈزەكى بولىدۇ، ئۇنىڭدا سەمىمىيەت تېپىلمايدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشــەنچ توغرىلىــق مۇنــداق دېــگەن: «ئىشەنچ قەلبكە تۇتاشقان يول، بۇ يول قەلبنى قەلــبكە باغلايــدۇ. ئىشــەنچ قەلبنــى يورۇتىــدىغان مەشــئەل، ئــۇ ئــارقىلىق روھىــي دۇنيــانى يــورۇتقىلى بولىــدۇ. ئىشــەنچ دېــگەن ســەمىمىيەت، ئــۇ ئــارقىلىق كىشــىلەر يــۈرىكىنى ئالقىنىــدا ئېلىــپ مەردانە يۈرەلەيــدۇ. ئىشــەنچتىن مېھىــر ـ مــۇھەببەت،

(1) 32ـ سۈرە مۇئمىنۇن 8ـ ئايەت.

سـاداقەت تۇغۇلـىدۇ، كىشـىلىك مۇناسـىۋەتنىڭ كـۆچىتى ئىشـەنچتىن كۆكلەيدۇ، ئىشەنچتىن مەھرۇم قالسا، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالىدۇ»[1]

راسـت دېگەنـدەك، تارىختـا ئىشـەنچتىن نۇرغۇنلىغـان خاسـىيەتلىك ئىشلار مەيـدانغا كەلـگەن، ئىشەنچسىزلىكتىن نۇرغـۇن تراگېـدىيەلەر يـۈز بەرگەن.

## باللارنى ئامانەتكە رىئايە قىلىشقا قانداق كۆندۈرۈش كېرەك؟

1. بـالىلارنى ئامـانەتنى قوغدايـدىغان، بىراۋنىـڭ ھەققـىگە تاجـاۋۇز قىلمايـدىغان قىلىـپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشـتا يەنىـلا بىرىنچـى ئامىـل ئاتـا-ئانىنىـڭ ئۈلگىلىـك رولـى بولـۇپ، ئـۇ ھەر زامـان ھەل قىلغـۇچ ئورۇنـدا تۇرىدۇ. چۈنكى باللار ئاتا-ئانىسىدا نېمە بولسا شۇنى ئالىدۇ، ئاتـا-ئانىـدا ئامـانەتلەرنى قوغدايـدىغان، ئىشـەنچكە يارايـدىغان ئەخـلاق بولسـا، بـالىلارمۇ ئامـانەتنى قوغدايـدىغان ۋە ئىشـەنچكە يارايـدىغان بولـۇپ چىقىدۇ. نـاۋادا ئاتـا-ئانـا بۇنىـڭ ئەكسىچە بولسـا، شەكسىزكى، بـالىلارمۇ شـۇنداق بولىـدۇ. بەلكـى ئاتـا-ئانىـدىنمۇ ئاشـۇرۇپراق قىلىـدىغان بولـۇپ يېتىشـىدۇ. دۇنيـادا ھـېچكىم باللىرىنىـڭ خىيانەتكـار بولـۇپ قېلىشـىنى ياقتۇرمايـدۇ. ئۇنـداقتا، باللارغـا ئىشـەنچ بابىـدىمۇ ياخشـى ئـۈلگە بولۇشىمىز لازىم.

2. ئىنسانىدىكى تۇغۇلمـا مىجەز بولغـان شەخسـىيەتچىلىكىمۇ رىئـايە قىلىنغان ھالدا ئىـش كـۆرۈش. مەسـىلەن: بـالىلاردىكى ھەممىنـى ئۆزىنىـڭ قىلىۋالغۇسـى كېلىـدىغان، باشـقا باللارنىـڭ چىرايلىـق كـۆرۈنگەن نەرسـىلىرىنى ئېلىۋالـىدىغان ۋە ئۆزىنىـڭ نەرسىسـىنى ھـېچكىمگە

(1) يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ «قائىدە-يوسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرىنىڭ 390- بېتىدىن. (قەشقەر نەشرىياتى).

بىرىشىنى خالىمايدىغان شەخسىيەتچىلىك روھىيىتى ئۇلار يېشىغا تولۇشتىن بۇرۇن باشلىنىدۇ. ئاندىن يېشىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە قاراپ بۇ شەخسىيەتچىلىكمۇ تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ. ھەتتا بەزى بالىلار كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلا نەرسىنى سورىماستىن يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ. بالىلارنىڭ مۇنداق قىلغىنى ئوغرىلىققا كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ.

ئاتا-ئانىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسى بالىغا چىرايلىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن: بالا باشقىسىنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئېلىۋېلىپ قايتۇرۇپ بېرىشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا: بالام! بۇ ئويۇنچۇق ساڭا تەئەللۇق ئەمەس، ئۇ پالانى بالىنىڭ ئويۇنچۇقى، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك، ناۋادا سېنىڭكىنى ئېلىۋالغان بولسا، سەنمۇ بىئارام بولاتتىڭ ئەمەسمۇ؟ قارىغىنە ئۇ بالا رەنجىپ قالدى، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىشىمىز لازىم.

3. بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇش، پات-پات ئۇنىڭ يانچۇقىنى ۋە سومكىسىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈش، ئەگەر ئۆزىگە ئائىت بولمىغان بىرەر نەرسىنى ساقلىغان بولسا، ھەتتا بىرەر تال قەلەم چاغلىق ئاددىي نەرسە بولسىمۇ، ئۇ كىمنىڭ؟ قانداق ئالدى؟ نېمە ئۈچۈن ئالدى؟ سوراشتە قىلىپ، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇزۇش ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سورىماستىن ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

بالىلارغا يەنە ئايرىم ئىشكاپ قىلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى ئايرىم تۇتىدىغان قىلىپ كۆندۈرۈش ئارقىلىق بالىغا شەخسىي مۈلۈككە ئالاقىدار بىلىملەرنى ئۆگىتىش كېرەك. بالىلار

ئۆزىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى ئۆزى ئايرىم تۇتىدىغان، ئۇنىڭ ئىجازىتىسىز باشقىلار ئۇنىڭغا تەگمەيدىغان بولغىنىدا، ئۇلاردا بىر-بىرىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىنى ئاسرايدىغان ۋە سورىماستىن ئالمايدىغان ئەخلاق يېتىلىدۇ.

4. باللارنىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە دىيانەت جەھەتتە قايسى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى ئاتا-ئانا بولغۇچىلار چوقۇم بىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، باللار جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم ئارىلاشقان كىشىسىنىڭ قىلىقىنى قىلىدۇ. بىراۋنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئارىلىشىۋاتقان دوستىغا قارىغىن»[1] دېگەن. بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ دائىم: بالامنى پالانىنىڭ بالىسى بۇزۇۋەتتى، دېگىنىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ بالىسى ھەرگىزمۇ بالىمىزنى ئۆيىمىزگە كېلىپ بۇزۇپ قويۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئارىلىشىش جەريانىدا بالىمىز ئۇنىڭ يامان قىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ قالىدۇ.

5. باللارنىڭ قەلبىگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پۈتۈن ئىشلاردا ئاللاھ تائالا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن قانائەتنى مەھكەم ئورنىتىش ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان باللار باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ ۋە ھەمىشە ئىشەنچلىك بولىدۇ.

---

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2378- ھەدىسى.

## سىر ساقلاشتىكى ئامانەت

بالىلارغا يەنە سىر ساقلاشنى ئۆگىتىش ۋە ھەرقانداق سىرنى ئاشكارا قىلماسلىقنى ئادەتلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى سىر ساقلىيالماسلىق چوڭ بىر يېتەرسىزلىك بولغىنىدىن تاشقىرى ئادەمنى ئەڭ چوڭ گۇناھلارغا ئېلىپ بارىدىغان يامان ئىللەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىراۋ سۆز قىلىۋېتىپ ئەتراپقا قارىۋەتسە، بۇ سۆز ئامانەتتۇر»[1] دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئىككى ئادەم سۆزلىشىۋېتىپ ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئوڭ ۋە سولغا قارىۋەتكەنلىكى، بۇ سۆزنى ئاڭلاۋاتقان ئۈچىنچى بىر شەخس بار-يوقلىقىدىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ سۆز باشقىلار ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغان سىر بولۇپ، ئامانەت سۆزگە ئايلىنىدۇ. ئۇنى ساقلاش تەبىئىي ھالدا ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە ئامانەت بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى «بۇ سىر، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ» دېيىش ھاجەتسىز.

## تىلنى ساقلاش

تىلنى ساقلاشتىن مەقسەت ياخشى سۆزنى قىلىش بىلەن بىللە يامان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ئەپسۇسكى، ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئىگە بولالمايدىغان نەرسىسى ئۇنىڭ تىلى بولۇپ، بەزى ئىنسانلار ئازراق ئاچچىقنى باسالماستىن، ئېغىزىنى قويۇپ بېرىدۇ، تىللايدۇ، سۆكىدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، غەيۋەت قىلىدۇ، گەپ توشۇيدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سۆزلەۋاتقان ئىنسان ئىغىزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرنىڭ خەتىرىنى ۋە چوڭلۇقىنى ھېس قىلمايدۇ. مەلۇمكى، ئىنساننىڭ ئىغىزىدىن چىققان سۆزلەر يا ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ ياكى ئۇنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلەرگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئىنسان ئىغىزىدىن چىققان ھەربىر سۆزىگە مەسئۇل ۋە جاۋابكاردۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿مَا يَلْفِظُ مِنْ قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ يەنى﴿ئۇ قانداقلا بىر سۆزنى قىلمىسۇن، چوقۇم ئۇنىڭ يېنىدا كۆزىتىپ تۇرغان ۋە يېزىشقا ھازىر بولغان پەرىشتە بولىدۇ﴾ [1] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئويلىماستىن ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىش بىلەن دوزىخى بولۇپ كېتىدۇ»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ قەلبى تۈزۈلمىگىچە ئۇنىڭ ئىمانى تۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ تىلى تۈزۈلمىگىچە ئۇنىڭ قەلبى تۈزەلمەيدۇ»[3]

## باللارنىڭ تىلىنى تۈزەشتە ئاتا-ئانىنىڭ رولى

ئالدى بىلەن ھەر قانداق ئاتا-ئانا ۋە مۇئەللىم باللارغا چىرايلىق سۆز قىلىشتا ئۈلگە بولغان ھالدا، ئۆزلىرى يامان سۆز قىلىشتىن تىلىنى ساقلىشى لازىم. ناۋادا كىچىك باللار ئەخلاققا زىت كېلىدىغان يامان

(1) 50- سۈرە قاف 18- ئايەت.
(2) ئىمام بۇخارىنىڭ«صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 6113- ھەدىسى.
(3) ئىمام ئەھمەدنىڭ«مسند الإمام أحمد» (مۇسنەد ئىمام ئەھمەد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 13071- ھەدىسى.

ســۆزلەرنى قىلســا، ئــۇنى كۆلــۈپ ئۆتكۈزۈۋەتمەســتىن، ۋاقتىــدا ئاگاھلانــدۇرۇش بېرىشــى ۋە تىلنــى يامــان ســۆزلەردىن ساقلاشــنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈشى تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى باللارنىڭ باشقىلارنى تەقلىد قىلىپ يامان سۆز سۆزلىشىنى كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۇلارنى شۇنداق يامان سۆزلەرنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولۇپ قالىدۇ.

باللارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇئمىن ئادەم دېگەن باشقىلارنى تىللايدىغان، لەنەت ئوقۇيدىغان، سەت گەپ قىلىدىغان، يامان سۆز قىلىدىغان بولمايدۇ»[1] دېگەن ھەدىسىنى ئوقۇپ بېرىش لازىم.

باللار تولا ۋاقىتلاردا بۇنداق يامان سۆزلەرنى ئاچچىقى كەلگەنلىكتىن ئەمەس، پەقەت سۆزمەنلىك قىلغۇسى كېلىپمۇ قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاتا-ئانا ۋە ھەر قانداق بىر تەربىيەچى ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئىمانغا زىت كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان، كۆڭۈللەرنى رەنجىتىدىغان بۇنداق يامان سۆزلەرنى قىلىش ياخشى باللارنىڭ ئىشى ئەمەسلىكىنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈشى لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: «گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى بىراۋنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىغا لەنەت قىلىشىدۇر» دېگەندە، ساھابىلەر: يارەسۇلۇللاھ! ئىنسان قانداقمۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىغا لەنەت قىلىدۇ؟ دەپ سورىغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇ بىراۋ يەنە

---

(1) ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 1977- ھەدىسى.

بىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى سۆككىنىدە، ئۇنىڭمۇ سۆككۈچىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى سۆككىنىگە ئوخشاش»[1] دېگەن.

بۇ ھەدىستىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى، سىز بىراۋنى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى چىشلەپ تارتىپ تىللىسىڭىز، ئۇمۇ سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىزنى چىشلەپ تارتىپ تىللايدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز ئۆز ئاتا-ئانىڭىزنى تىللىغان بولىسىز. چۈنكى ئۇنىڭ تىللىشىغا سەۋەب بولغۇچى سىز ئەمەسمۇ؟

يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋە ئالالمىغان، ئاغزى بۇزۇق ئادەم ئادەتتە ئاتا-ئانىسىغا ھەمىشە ئار-نومۇس كەلتۈرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بالىلىرىنى ياخشى تەربىيە قىلمىغانلىقىنىڭ ۋاقىتلىق جازاسى بولۇشقا يېتەرلىك.

بالىلارغا باشقىلارنى ئەيىبلەمەسلىك، سۆكمەسلىك ۋە مەسخىرە قىلماسلىق ھەققىدە يېتەرلىك تەربىيە بېرىش ئاتا-ئانىنىڭ بۇرچىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشىنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سىز شۇنداق بىر يامان سۆزنى قىلدىڭىزكى، ئەگەر بۇ سۆزىڭىز دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلسا، ئۇنى ئەلۋەتتە بۇلغىۋەتكەن بولاتتى»[2] دېدى.

---

(1) ئىمام بۇخارىنىڭ«صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 5628- ھەدىسى.
(2) ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ4875- ھەدىسى.

ھەدىستە كۆرگىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولمىغان، بەلكى يارىتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئاددىي بىر سۆزنى قىلىشىنىڭمۇ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە قانچىلىك چوڭ ۋە خەتەرلىك گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن.

ئەجدادلىرىمىز «گەپنىڭ سۆڭىكى يوق» دەپ توغرا ئېيتقان. سۆزنىڭ ئېغىزدىن چىقىشى ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئەمما ئۇنىڭ ھېسابىنى بېرىش قىيىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىش نىيىتى بىلەن بىر كۈنى ساھابىلەردىن: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشىراق بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «غەيۋەت دېگەن بىراۋ ھەققىدە ئۇ يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[1] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ ئالدىدا ئېيتىلسا، ئۇ رەنجىپ قالىدىغان سۆزلەرنى ئۇ يوق يەردە ئېيتىش ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭغا بىنائەن، بىراۋنىڭ چىراي-شەكلى، قىياپىتى، نەسەبى، مىللىتى، ئەخلاقى، يۈرۈش-تۇرۇشى، يۇرتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قانداق نەرسە ھەققىدە، ئۇ يوق يەردە ئېيتىلغان يامان سۆزلەر ئەلۋەتتە غەيۋەت قاتارىغا كىرىدۇ.

سۆز ئېغىزدىن چىقماستا ئادەم ئۇنى باشقۇرغان بىلەن، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ. جۈملىدىن غەيۋەت، شىكايەتمۇ ئېغىز ياكى يېزىق ئارقىلىق تارايدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۆز-چۆچەك، ئىغۋا، پىتنە-پاسات بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بۇلغاپ، مەنىۋىيەتنى زەھەرلەيدىغان ئالۋاستى خاراكتېرلىك كېسەل — مەنىۋى راكتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىنى ھەمىشە كۆزىتىپ، تۈزىتىش بېرىپ تۇرۇشى ۋە ئۆزلىرىمۇ بالىلارنىڭ تەربىيەسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان سۆزلەردىن ھەر زامان تىلىنى ساقلىشى لازىم.

# دىنىي ۋە مىللىي كىملىكنى قوغداش

كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دىن ۋە مىللىتى بىلەن ئېپتىخارلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش ئىشىنى تەربىيەگە ھاجەت بولماستىن، ئۆزلۈكىدىن قولغا كېلىدىغان قىممەت قاراش دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ئىش ھەرگىزمۇ ئۇلار ئويلىغاندەك ئوڭاي ئەمەس. بالىلار پەقەت ئىسلامىي ئەخلاق بويىچە ھەر تەرەپتىن مۇكەممەل يېتىشتۈرۈلگەندىلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ھېس قىلالايدىغان ۋە بۇ ئىككىسىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ.

رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولمىغان، ئىسلامىي ئەخلاقتىن نېسىۋە ئالالمىغان بىر قىسىم ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان قىممەتلەرنى بىلمەستىن ياكى ئاددىي سانىغانلىقتىن، باشقا دىنىدىكىلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ. قىسقىسى، ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ھېس قىلىش ۋە قوغداش دەيدىغان چۈشەنچە ئەسلا تېپىلمايدۇ.

پاساتچىلىق ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئومۇملاشقان، دىنىي ۋە مىللىي قىممەت قاراشلارغا قىلىنىۋاتقان ھۇجۇملار ھەممىلا يەردە توختىماي داۋام قىلىنىۋاتقان، ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلىرى كەڭ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، ياشلاردا ئەخلاقسىزلىق بىلەن

ئىمانسىزلىق باش كۆتۈرگەن، نارەسىدە باللار دىنسىزلىققا زورلىنىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە، باللىرىمىزنى قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكى بىلەن پەخىرلىنىدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالايمىز؟

بۇ ھەربىر ئاتا-ئانا باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە.

ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ئەلۋەتتە دىنىمىزغا قايتىشىمىز، چارىنى دىنىمىزدىن ئىزدىشىمىز، ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تولۇق قورallinishimiz شەرت.

مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى زامانلاردا ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن بۇزۇلۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قالغان، ھەتتا مىللەت قاتارىدىن سانالماسلىق دەرىجىسىگە يېتىپ قالغان ئەرەب مىللىتىنى چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان ئازغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە، ئەخلاق-پەزىلەتتە، دىن-دىيانەتتە، ئىنساب-ئادالەتتە دۇنيا خەلقىگە ئۈلگە بولالايدىغان بىر مىللەتكە ئۆزگەرتكەن ئىسلام دىنى بىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان، بۇ ئىككىسىنى جان تىكىپ قوغداشنى ۋە بۇ يولدا بەدەل تۆلەشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ بىلىدىغان، دىيانەتلىك ۋە ئىرادىلىك ئىنسانلاردىن قىلىپ، يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ئۆزىمىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئەخلاق پىرىنسىپلىرى بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بىزنىڭ دىنىمىز بىزنى شان-شەرەپىمىزگە ۋە كۈچ-قۇدرىتىمىزگە قايتىدىن ئېرىشتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر.

مۇسۇلمانلار، جۇملىدىن بىز ئۇيغۇرلار ئىسلام بىلەن ئىپتىخارلىنىپ، ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرگەن زامانلىرىمىزدا، ئەزىز ۋە قۇدرەتلىك بولۇپ ياشىغان، ھەتتا سەلتەنەتلەرنى قۇرغان ئىدۇق. قاچانكى، دىنىمىزنىڭ روھىدىن يىراقلاشتۇق، خۇراپاتلارنى دىن دەپ ساندۇق، نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكىمىزنى دىنىمىزدىن ئەلا كۆردۇق. شۇندىن بىرى بىز خورلۇقتا ۋە ئاجىزلىقتا يۈزلەندۇق. بۇ ئورۇندا ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتۈش بىلەن كۇپايىلىنىمىز. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز ئىسلام بىلەن ئىززەت تاپقان قەۋممىز. قاچانكى، ئىززىتىمىزنى ئۇنىڭدىن باشقىسىدىن ئىزدىمەكچى بولساق، ئاللاھ بىزنى خار قىلىپ قويىدۇ.»

زاماننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەربىيەنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىسلام تەربىيەسىنىڭ پىرىنسىپلىرى قەتئىي ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇ تا قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە.

شۇڭا بىز بالىلارنى ئىسلامىي ئەخلاق دائىرىسىدە تەربىيەلەپ چىقىش يولىدا زامانىمىزدىكى ئەڭ زامانىۋى ئۇسۇل-چارىلەرنى قوللىنىشنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز لازىم. تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بالىلىرىڭلارنى تەربىيەلەشتە، سىلەر تەربىيەلەنگەن ئۇسۇلغىلا يۆلىنىۋالماڭلار. چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ زامانىڭلارغا ئوخشىمايدىغان زاماندا تۇغۇلدى» دېگەن سۆزى نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان.

بۇ سۆز شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئىسلام تەربىيەسىنىڭ پىرىنسىپلىرى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما ئۇسۇل ۋە چارە-تەدبىرلەر زامانغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك. مەسىلەن: ئۆتمۈشلەردە بالىلارغا تېلېۋىزور

كۆرۈش، گېزىت-ژۇرنال ئوقۇش، ئىنتېرنېت قوللىنىش قاتارلىق ئىشلاردا چەك قويىدىغان بىرەر تەربىيە ئۇسۇلىغا ھاجەت يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ زامانلاردا بۇ دېگەنلىرىمىز ھەم يوق ئىدى.

ھازىرقى بۇ ئۈچۈر ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشتىن باللارنى مۇتلەق توسۇش توغرا بولمىغاندەك، ئۇلارنى كونتروللىسىز، ئەركىن قويۇپ بېرىش تېخىمۇ توغرا ئەمەس. شۇڭا بۇ مەسىلىدە زامانغا مۇناسىپ، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

باللىرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكى بىلەن ئىپتىخارلىنىدىغان ۋە بۇ ئىككىسىنى قوغداش يولىدا بارلىقىنى ئاتايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىمىز ئۇلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش، نەسىھەت قىلىش، تەسىرلىك قىسسىلەرنى ئوقۇپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەندىكىلەرنى قىلىشىمىز لازىم:

1. باللاردىكى مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنى دوراش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىۋېلىش ئېقىمىغا قارشى ئەمەلىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى دوراشنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىمكى ئۆزىنى باشقا بىر قەۋمگەئوخشىتىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ قەۋمدىن بولۇپ كېتىدۇ»[1] دېگەن.

ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرمۇ بار.

(1) ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 4031- ھەدىسى.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن نېمىلەرنى ئۈگىنىمىز؟

بىز مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى، ئىلىم-مەرىپىتىنى، ئوقۇشۇۋە ئۆگىنىشكە بولغان قىزغىنلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭۋاقىتقا رىئايە قىلىش، سۆزىدە تۇرۇش، مۇئامىلىدە سەمىمىي بولۇشقا ئوخشىغان ئىنسانىي ئەخلاقىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ھېكمەت مۇسۇلماننىڭيىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى نەدىن تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[1] دېگەن.

ئەرەب تىلىدىكى «ھېكمەت» سۆزى «توغرا ئىش، توغرا سۆزۋە پايدىلىق ئىلىم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەر قانداق ئىلىم-مەرىپەتنى، ھۈنەر-كەسىپنىۋە توغرا ئىشلارنى نەدە بولسا تېپىپ ئۆگىنىشكەۋە قىلىشقا بۇيرۇلغان.

2. باللاردىكى ئۆزى مەنسۇپ بولغان دىندىن يىراقلىشىش، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمەسلىك ۋە ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش قاتارلىق روھىي ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىش يولىدا يېتەرلىك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

3. باللار ئارىلىشىدىغان، بىرگە ئوينايدىغان ۋە بىرگە ئوقۇيدىغان ياكى بىرگە ئىشلەيدىغان دوستلىرىنى كۆزىتىپ، باللارنى دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز دوستلاردىن يىراق تۇتۇش لازىم. چۈنكى مۇنداق دوستلار باللارنى بۇزۇپ قويىدۇ.

---

(1) ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىنتايىن ئېسىل بىر تەبىر بىلەن ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ياخشى دوست بىلەن يامان دوستنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ سىزگە ئىپار بېرىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن سېتىۋالىسىز، ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ خۇشبۇيىنى پۇرايسىز. تۆمۈرچىنىڭ يېنىغا بارسىڭىز ئۇ باسقان كۆرەك كىيىمىڭىزنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن بەتبۇي سېسىق پۇراقنى پۇرايسىز»[1]. ئەجدادلىرىمىزمۇ «قازاننىڭ قېشىغا بارماڭ قارىسى يۇقار، ياماننىڭ قېشىغا بارماڭ بالاسى (يۇقار)»[2] دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرۇش ئارقىلىق ئەۋلادلىرىنى يامان ئادەملەر بىلەن دوست بولۇشنىڭ خەتەرلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن.

4. باللارغا ھاياتنى ئەسلى ماھىيىتى بويىچە توغرا چۈشەندۈرۈش.

بەزى ئاتا-ئانىلار باللارغا «ياق» دېيىشنى بىلمەيدۇ، نېمە سورىسا، ئۇنى ھازىرلاپ بېرىدۇ، ھەتتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مۇنداق قىلىش باللار ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ، ئۇلار «نېمىنى خالىسام ئېرىشەلەيمەنغۇ» دېگەن قانائەت بىلەن ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ھاياتلىقنىڭ قىيىن سىناقلىرىغا دۇچ كەلگىنىدە ئاسانلا بەل قويۇپ بېرىپ، ئاددىي بىر قىيىنچىلىق ئالدىدا يېڭىلىپ قالىدۇ.

شۇڭا باللارنى بەزىدە سورىغان نەرسىلىرىدىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قىلىشمۇ تەربىيەنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارغا ھاياتلىقنىڭ راھەت ۋە جاپالىرىنى، ئوڭايلىق ۋە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن.

قىيىنچىلىقلىرىنى كىچىكىدىن بىلدۈرۈپ مېڭىش كېرەك. قىسقىسى، باللارغا ھاياتلىقنىڭ رىئاللىقلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ھاياتلىققا توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىش كېرەك.

5. قىز-ئوغۇل باللارنىڭ ھەربىرىنى ھاياتلىقتا ئۆزلىرىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆتەشكە ئادەتلەندۈرۈش.

چۈنكى باللارنى ئاسراش باھانىسى بىلەن ئۇلارنى ئىشقا سالماسلىق ياكى ئۇستىگە مەسئۇلىيەت ئارتماسلىق بىر خاتالىقتۇر. باللارنى كېيىنچە، قىيىنلىپ قالمىسۇن دېگەن ئاتا-ئانا ئۇلارنى كىچىكىدىن مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشى لازىم.

6. ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىدىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىش.

باللارغا بۇ ماۋزۇدا ئەڭ دەسلەپ ئۆگىتىشكە تېگىشلىك بولغىنى ھالال-ھارام مەسىلىسىدۇر. ئۇلارغا كىچىكىدىنلا ھارامدىن قېچىش، تېلېۋىزوردىكى ئەخلاقسىز كۆرۈنۈشلەرگە، گېزىت-ژۇرناللاردىكى يېرىم يالىڭاچ رەسىملەرگە قارىماسلىق، ئەخلاقنى بۇزىدىغان مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئوقۇماسلىق ھەققىدە ئالاھىدە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە شۇنى سىڭدۈرۈش ۋە شۇنداق ئادەتلەندۈرۈش كېرەك.

شۇ ئېنىقكى، باللارنى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن ۋە تېلېۋىزور كۆرۈشتىن، ئىنتېرنېتكە كىرىشتىن مۇتلەق توسۇش ياخشى ئەمەس، ھەم توسقىلى بولمايدۇ. پەقەت بۇ نەرسىلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، سەلبىي تەرەپلىرىدىن يىراق تۇرۇشنى ئۆگىتىش ئەڭ توغرىسىدۇر.

7. بالىلارغا ۋاقىتنى قەدىرلەشنى، ئۆزلىرىنىڭ تالانتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى ۋە بوش ۋاقىتلىرىنى پايدىلىق ئىشلار بىلەن تولدۇرۇشنى ئۆگىتىش.

ئەجدادلىرىمىز«ساغلام تەنىدە ساپ ئەقىل»دەپ توغرا ئېيتقان. بالىلارنى بوش ۋاقىتلىرىنى پايدىلىق تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ۋە مەشىقلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەندۈرۈش زۆرۈر. چۈنكى بالىلار ئۆزلىرىدىكى زاپاس ئېنېرگىيەنى سىرتقا چىقىرىشنى خالايدۇ. ئۇلار بۇ ئېنېرگىيەنى پايدىلىق ئىشلارغا چىقارمىغاندا، ھارام ئىشلارغا چىقىرىدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار ھارامغا كۆزىنى ئېچىشتىن ئاۋۋال ئاتا-ئانا ئۇلارنىڭ كۆزىنى ھالال ۋە پايدىلىق ئىشلارغا ئېچىشى لازىم.

8. بالىلارنى ۋىجدانلىق، مەسئۇلىيەتچان قىلىپ تەربىيەلەش.

بالىلار ئائىلىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدىن تارتىپ ھاياجانلىنىش، ھېسسىياتقا كېلىش، سۆيۈنۈش، نەپرەتلىنىش، ئىچ ئاغرىتىشقا قەدەر پۈتۈن ئۆزگىرىشلىرىنى كۆزىتىدۇ ۋە ئەينەن تەقلىد قىلىشقا تىرىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش، زالىملاردىن نەپرەتلىنىش، ئۆلگىلىك كىشىلەرنى ماختاش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتىش، توغرا سۆز قىلىش، ھەقىقەتنى قوغداش قاتارلىق بارچە خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە شۇ بويىچە يېتىشىدۇ.

ئاتا-ئانىلار ياخشى ئىش ۋە ياخشى سۆز قىلىشتا بالىلىرىغا ئۈلگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ۋىجدانىي دەرسلەرنى بېرىپ، ئالدى بىلەن

ئـاللاھ تائـالادىن قورقۇشـنى، نـاھەقچىلىككە قارشـى تۇرۇشـنى، ھەقنـى دادىــل سۆزلەشــنى، يوقســۇللارغا ۋە يېــتىملەرگە ھېسداشــلىق قىلىشــنى، قولىدىن كەلسە يـاردەم قىلىشـنى سـۆز بىـلەن ۋە ئىبرەتلىـك قىسسـىلەرنى ئۇقـۇپ بېـرىش بىـلەن ئۆگىتىشـى لازىـم. شـۇنداق قىلغانـدىلا، بـالىلارنى ۋىجدانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ.

# كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت ۋە يانفۇن نازارىتى

## باللارنىڭ كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشى

كومپيۇتېر بىلەن ئىنتېرنېتنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئېلىپ كەلگەن ئوڭايلىقلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا كومپيۇتېر ئويۇنلىرى باللارنىڭ زېھنىنى ئېچىش، ھەرخىل مەلۇماتقا ئىگە قىلىش، ئىزدىنىش روھىنى ئويغىتىش جەھەتلەردىن تېخنىكىلىق بىر مۆجىزە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، باللارنىڭ كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتكە ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بېرىلىپ كېتىشى، ئۇنى ئاتا-ئانىنىڭ نازارىتىسىز قوللىنىشى ۋە كېرەكسىز ئىشلار ئۈچۈنمۇ قوللىنىشى نەتىجىسىدە، پىسخىكىي ۋە ئىجتىمائىي مۈشكۈلاتلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

بولۇپمۇ مەكتەپ يېشىدىكى باللارنىڭ ئەخلاقىدا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تور بەتلىرىگە كىرىشى، قورقۇنچلۇق ۋە ئۇرۇش فىلىملىرىنى كۆرۈشى، كۈن بويى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىشى نۇرغۇنلىغان بولۇمسىزلىقلارغا يول ئاچماقتا.

ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟

باللارنى كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشتىن مۇتلەق توسۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ، بەلكى بۇنىڭدىن باشقا قېيىنچىلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا باللارنى كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشتىن مۇتلەق توسماستىن ۋە كونتروللىسىزمۇ قويۇپ بەرمەستىن، ئۇلارنى نازارەت قىلىش كېرەك. بۇ ماۋزۇدا تۆۋەندىكىلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ:

1. ئالدى بىلەن باللارغا كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتنىڭ پايدىلىرى توغرۇلۇق يېتەرلىك مەلۇماتلارنى بېرىش، بۇ ئىككىسىنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئىشلىتىشنىڭ خەتىرىدىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئەدەب-ئەخلاقىقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تورلارغا كىرىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى قايىل قىلىش، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلاردا ئاللاھ تائالادىن قورقۇش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

2. باللارنىڭ كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشى ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىتنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشىنى مەنئىي قىلىشلازىم.

3. باللارنىڭ ئۆگىنىش قىلىش، كىتاب ئوقۇش، ئۇخلاش، كومپيۇتېر ئويناش ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش قاتارلىق كۈندىلىك ئىش-پائالىيەتلىرىنى رەتكە سېلىش ئۈچۈن باللار بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس بىر جەدۋەل تۈزۈش لازىم. جەدۋەلنىڭ تەرتىپىدە باللارغا كومپيۇتېر ئويناش ۋە تېلېۋىزور كۆرۈش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىش ۋاقتىدىن ئىلگىرى بولۇشى ياخشى. چۈنكى، ناۋادا ئۇلارغا «ئاۋۋال ئۆگىنىشىڭنى قىل، ئاندىن كومپيۇتېر ئويناشقا ۋە تېلېۋىزور كۆرۈشكە بولىدۇ» دېيىلسە، ئۇلار ئالدىراپ ئۆگىنىشنى يېرىم-ياتا قىلىپ تۈگىتىدۇ.

4. ئاتا-ئانا باللارنى كونترول قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشى لازىم. چۈنكى ئاتا-ئانا

بۇنى بىلمىسە بالىلارنىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتەلمەيدۇ، ئۇلارنى كونترول قىلالمايدۇ.

5.كومپيۇتېرنى بالىلارنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلماسلىق ۋە ئۇنى ئۆيدىكى ھەممە ئادەم ئىشلىتەلەيدىغان بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ھەمدە كومپيۇتېرنىڭ ئېكرانىنى ھەممەيلەن كۆرەلەيدىغان شەكىلدە ئوچۇق تەرەپكە قارىتىپ قويۇش.

6. ئاتا-ئانا ئۆزلىرى كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت ئىشلىتىشتە بالىلىرىغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. بالىلارغا سەلبىي تەسىر بېرىدىغان شەكىلدە قوللانماسلىقى لازىم.

## بالىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىشى

يانفون ئەسلىدە خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى بولسىمۇ، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەردە يانفون خەۋەرلىشىشتىن كۆپرەك باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

بالىلار نېمە ئۈچۈن يانفون ئىشلىتىشكە قىزىقىدۇ؟

1. باشقىلاردا بار، نېمە ئۈچۈن مەندە بولمايدىكەن؟

2. باشقىلاردا بولۇپ، مەندە بولمىسا، ئۆزۈمدە بىر نەرسە كەملىك ھېس قىلىمەن.

3. بىكار ۋاقىتلىرىمدا يانفون مېنىڭ سىردىشىمنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالىدۇ.

4. يانفونى بولمىغانلارنى، ھەتتا يېڭى مودا يانفونى بولمىغانلارنىمۇ باشقىلار مەسخىرە قىلىدۇ.

باللارنىڭ يۇقىرىقى باھانىلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

1. باللار تېخنىكلىق يېڭىلىقلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەي تۇرۇپ، بۇ يېڭىلىقلارغا ئىنتىلىدۇ.

2. باللار ئادەتتە يانفونغا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش قورالى ئورنىدا قىزىقىدۇ.

3. باللار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى يانفون بىلەن تەمىن ئېتىشكە تىرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن يانفون بولسا، دوست-يارەنلىرى بولمىسىمۇ بولىدۇ.

بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

يانفون ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى پايدىلىرىنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ. باللار ئۈچۈن بولسا يانفوننىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىمۇ بار، سەلبىي تەرەپلىرىمۇ بار. ئەمما سەلبىي تەرەپلىرى ئىجابىي تەرەپلىرىدىن كۆپرەك بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە باللارغا —ئەگەر ئېھتىياج تۇغۇلسا— ئالاقىلىشىشتىن باشقىسىغا يارىمايدىغان ئاددىي يانفون ئېلىپ بېرىش ۋە كىملەر بىلەن خەۋەرلىشىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇش ئۈمىدى بىلەن پات-پات ئۇلارنىڭ يانفونىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم.

# ھالال-ھارام

ھالال-ھارام مەسىلىسى بۇرۇندىن تارتىپ بار بولغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كائىناتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ۋە ھاياتنىڭ مىزانىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانىنى يەر يۈزىدە ئۆزىدىن ئورۇنباسارلىق ۋەزىپىسىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئىنسانغا يېيىش-ئىچىش، نەسلىنى داۋام قىلدۇرۇش ئامىللىرى، بەختلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ چارىلىرى قاتارلىق ياشاشنىڭ پۈتۈن ۋاستىلىرىنى تولۇقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە ياشاشنىڭ قانۇن-پىرىنسىپلىرىنى ئۆگەتكەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى ئىنسان ئۇرۇقىنى يەر يۈزىگە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا ۋە بەخت-سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مەزكۇر قانۇن-پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلەشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋانى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈشتىن ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنى ھالال-ھارام بىلەن سىنىغان. بۇ سىناق ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا «ھالال-ھارام»نى ئۆگىتىشتىكى تۇنجى مەشىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھالال-ھارامنىڭ پەلسەپىسىنى بىلدۈرگەن. دېمەك، ھالال-ھارام مەسىلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا ئىككىسى جەننەتتىكى ۋاقتىدىلا باشلانغان.

باللارغا ئاق-قارىنى پەرق ئېتىش يېشىغا (6~7ياشلارغا) كىرىشى بىلەنلا ئۇلارغا ھالال-ھارام مەسىلىسىنى ئاددىي مەنىدە چۈشەندۈرۈش كېرەك.

ھالال ــ مەيلى يېمەك-ئىچمەكتە بولسۇن، مەيلى ئىش-ھەرىكەتتە بولسۇن، مەيلى گەپ-سۆز ۋە پىكىر-ئېتىقادتا بولسۇن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن رۇخسەت قىلىنغان، شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن نەرسىلەرنى ۋە ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

ھارام ــ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەسكىن بۇيرۇق بىلەن چەكلەنگەن ئىشلار ۋە نەرسىلەر بولۇپ، يېمەك-ئىچمەكلەردە، گەپ-سۆز ۋە پىكىر-ئېتىقادتا، شۇنداقلا ئىش-ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## يېمەك-ئىچمەكلەردىكى ھالال

يېمەك-ئىچمەكلەردىكى ھالال ــ ئۆزى پاك، تەن سالامەتلىككە زىيىنى بولمىغانلىقى ئۈچۈن دىنىمىز ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت قىلغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مۇسۇلمانلار ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان ھالال يېمەكلىكلەر ۋە ھالال ئىچىملىكلەرگە ئوخشاش.

## يېمەك-ئىچمەكلەردىكى ھارام

يېمەك-ئىچمەكلەردىكى ھارام ــ پاك ئەمەسلىكى ۋە تەن سالامەتلىككە زىيانلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك دىنىمىز ئىستېمال قىلىشنى چەكلىگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: چوشقا گۆشى، ھاراق، تاماكا، قان، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ گۆشى... قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىش، كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش ۋە باشقىلارغا ئوخشىغان ھاراملار.

## ھالال بىلەن ھارامنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىش، نېمىلەرنىڭ ھالال ۋە نېمىلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ئەيندۇر. پۈتۈن ئىشلاردا ھالال-ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىش ۋە ھالال ئىشلار دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلىپى بولغىنىدەك، يېمەك-ئىچمەكلەردە ھالال-ھارامنى ئىلغاش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھارامنى ھالال ئورنىدا ئىستېمال قىلغۇچىلارنى دوزاخ بىلەن تەھدىت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ھارامدىن ئوزۇقلىنىپ ئۆسكەن ھەربىر گۆش (بەدەن) دوزاخقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[1]. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾يەنى﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار﴾[2] دەپ كۆرسەتكەن.

### ھارامنىڭ تۈرلىرى

ھارام ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۆز زاتىدا ھارام نەرسىلەر. مەسىلەن: ھاراق ئىچىش، چوشقا گۆشىنى يېيىش، قىمار ئويناش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش دېگەنلەرگە ئوخشاش ھاراملىقى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق كەسكىن بېكىتىلگەن ئىشلار.

2. ھارامغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ھارام قىلىنغان ئىشلار. مەسىلەن: ھاراق ئىچىلگەن سورۇندا ئولتۇرۇش،

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) 2- سۈرە بەقەرە 172- ئايەت.

يات ئەر بىلەن يات ئايالنىڭ يالغۇز ئۇچرىشىشى دىگەنگە ئوخشىغان ھارامغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار. چۈنكى ھاراقكەش بىلەن دوست بولۇش ئادەمنى ھاراقكەشلىككە، يات ئايال بىلەن يالغۇز ئۇچرىشىش زىناغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنىڭ باشلانمىسىدۇر.

## ھالال-ھارام پىرىنسىپلىرى

1. پۈتۈن شەيئىلەر ئەسلى ئېتىبارى بىلەن ھالالدۇر. پەقەت ھاراملىقى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ دەلىللىرى بىلەن كەسكىن بېكىتىلگەن نەرسىلەرلا ھارامدۇر. (بۇ يېمەك-ئىچمەك، كەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت ۋە پىكىر-ئېتىقاد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)

2. ھالال قىلىش ياكى ھارام قىلىش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا ھەققى بولۇپ، ئۇنى قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىسلەرلا بەلگىلەيدۇ.

3. بىلىپ تۇرۇپ ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى ھالال قىلىۋېلىش ئاللاھ تائالاغا قارشى چىققانلىق بولۇپ سانىلىدۇ.

4. ھارام قىلغانلىقنىڭ ئاساسى زىياندۇر. يەنى ئاللاھ تائالانىڭ قانداقلا بىر نەرسىنى ھارام قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئىنسانلارغا زىيانلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇر.

5. ھالالدا ھارامدىن بىھاجەت قىلىدىغان نەرسىلەر بار. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا جازانىنى ھارام قىلغان بولسا، سودا-سېتىقنى ھالال قىلغان. پالچىلارنىڭ يېنىغا بېرىشنى ھارام قىلغان بولسا، ئىستىخارە قىلىشنى بۇيرۇغان. زىنانى ھارام قىلغان بولسا، نىكاھلىنىشنى ھالال قىلغان. شۇنىڭدەك، ھەربىر ھارامنىڭ بەدىلىگە بىرەردىن ھالالنى بەلگىلەپ بەرگەن.

6. هارامغا يېـراقتىن يـاكى يېقىنـدىن سـەۋەب بولـدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسـى ھارامـدۇر. شـۇڭا نـامەھرەمگە تىكىلىــپ قـاراش، ئاياللارنىــڭ ئېچىلىپ ئۇچۇق-ئاشكارا يۈرىشـى، يـات ئـەر بىـلەن يـات ئايالنىـڭ يـالغۇز ئۇچرىشىشـى قاتـارلىقلار زىنانىــڭ مۇقەددىمىلىرىــدىن سـانالغانلىقتىن ھارام قىلىنغـان. ھـاراق سودىسـى قىلـىش، جازانىگە ئـارىچىلىق قىلـىش، پارىخورلۇقتا ۋاسـتە بولـۇش، تونۇشـتۇرۇپ قويـۇش، كۆرسـىتىپ قويـۇش قاتارلىق ئىشلارمۇ بۇ تۈردىكى ھارامىلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

7. ھـىيلە ئىشـلىتىش ھارامـدۇر. ھـىيلە ئىشـلىتىپ يـاكى ھارامنىــڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ ھالال قىلىۋېلىش ئەڭ چـوڭ گۇنـاھلاردىن سـانىلىدۇ. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالام بــۇنى بايــان قىلىــپ: «كېيىــنچە مېنىــڭ ئۈممىتىمـدىن بىـر گـۇرۇھ كىشـىلەر ھـاراقنى باشـقا ئىسـىم بىـلەن ئاتـاپ ئۇنى ھالال سانايدۇ»[1] دېگەن.

ھــازىرقى زامانــدا پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالامنىڭ ئالــدىن بەرگەن خەۋەرلىـرى تامـامەن ئەمەلـگە ئاشـقان. كىشـىلەرنىڭ ھـاراقنى ھەر خىـل ئىســىملار بىــلەن ئاتىۋالغــانلىقى، جــازانىنى پايــدا، پــارىنى ســوۋغا دەپ ئۆزگەرتىۋالغانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

8. نىيەتنىڭ دۇرۇسـلۇقى ھـارامنى ھـالال قىلالمايـدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنــى مەقســەت قانچىلىــك مــۇقەددەس بولــۇپ كەتســۇن، ئۇنىڭغــا يېتىــدىغان يوللارنىــڭ ۋە چـارە-تەدبىرلەرنىــڭ شــۇنچىلىك دۇرۇســلۇق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئەسكەرتىش:**

---

(1)ئىبنى ماجەنىڭ «سنن إبن ماجة» (سۈنەنى ئىبنى ماجە) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 4020- ھەدىسى.

ھالال-ھارام ماۋزۇسىدا، ھازىرقى زاماندا يېزىلغان ئەڭ ئىلغار ئىدىيەلىك ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك كىتاب دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىينىڭ «ئىسلامدىكى ھالال-ھارام» ناملىق كىتابى بولۇپ، ئەزھەرىي دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمىتۇللانىڭ قەلىمى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

كىتاب ناھايىتى تەپسىلىي ۋە مۇكەممەل يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ شۇنچىلىك تولۇق ۋە مۇكەممەل چىققان. ھالال-ھارام ماۋزۇسىدا ئىزدەنمەكچى بولغانلارغا بۇ كىتابنى ۋە ئاپتورنىڭ« ئىسلامدا ھالال-ھارام ۋە مۇسۇلمانلار ئۆچۈن چەكلەنگەن ئىشلار»ناملىق ئەسىرىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

# ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاقلار

بالىلارغا ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىنى ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزدىن بولغان قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنى ئۆگىتىش تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزى يالغۇز ياشاپ ئۆتەلمەيدىغان، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مەخلۇق بولغانلىقتىن، ئۇلار باشقىلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىش، مۇئامىلە قىلىش ۋە چىقىشىپ ئۆتۈشنىڭ دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن قائىدە-يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىشكە موھتاجدۇر.

مۇسۇلمان ئادەم ئوقۇغان نامىزى ۋە تۇتقان روزىسى بىلەنلا مۇسۇلمان سانالمايدۇ، بەلكى يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى، باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە دۇرۇس ۋە توغرا بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئائىلىسىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى ئائىلە ئۇلارنىڭ تۇنجى مەكتىپىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئاتا-ئانا بالىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ئەدەپ-ئەخلاقىغىمۇ مەسئۇلدۇر.

ئاتا-ئانا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالىشى ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزلىرى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئەدەپ-ئەخلاقلىق ۋە قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى ئەجدادلىرىمىز «قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەتنى قالدۇرغان. ئاتا-ئانا ئۆزىدە بولمىغان ئەدەپ-ئەخلاقلارنى بالىلىرىغا قانداقمۇ بېرەلىسۇن؟

ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنى بۇ جەھەتتە تولۇق يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، بالىلىرىغا ئۈلگە بولغان ھالدا، ئۇلارنى كىچىكىدىن شۇنداق

يېتىشتۈرۈشى لازىم. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى بۇ ئەدەپ-ئەخلاقلارغا ئادەتلەندۈرۈش يولىدا تارتقان جاپالىرى، كۆرسەتكەن چىدام ۋە غەيرىتى ھەم سەۋرچانلىقى ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. ئۇلار بالىلىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن بۇ ئەجىرلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاۋۋال مۇشۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە تولۇقى بىلەن كۆرىدۇ.

### ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەر

ئىجتىمائىي ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

— يېمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرى.

— سالام بېرىش ئەدەپلىرى.

— مېھماندارچىلىق ئەدەپلىرى.

— چاقچاق قىلىش ئەدەپلىرى

— كېسەل يوقلاش ئەدەپلىرى.

— چۈشكۈرۈش ۋە ئەسنەش ئەدەپلىرى.

— كىيىنىش ئەدەپلىرى.

— ئىجازەت سوراش ئەدەپلىرى.

— سۆز قىلىش ئەدەپلىرى.

— تەبرىكلەش ئەدەپلىرى.

— تەزىيە بىلدۈرۈش ئەدەپلىرى.

— ئەر-ئايال مۇئامىلىسىدىكى ئەدەپلەر.

**باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى**

باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق ئەدەپلەر تۆۋەندىكىچە:

ـ ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى.

ـ ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ھەققى.

ـ قوشنىلارنىڭ ھەققى.

ـ مۇئەللىمنىڭ ھەققى.

ـ دوست-بۇرادەرلەرنىڭ ھەققى.

ـ چوڭلارنىڭ ھەققى.

ـ ئاجىزلارنىڭ ھەققى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز:

ـ يېمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرى

ـ مېھماندارچىلىقتىكى ئەدەپلەر

ـ ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئەدەپلەر

ـ بالىلارغا ئۆگىتىش زۆرۈر بولغان سۆزلەر

ـ ئەتىگەن-ئاخشاملىق زىكىر-دۇئالار

ـ ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان دۇئالار

# يېمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرى

يېمەك-ئىچمەك بىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان ئېھتىياجلىرىمىزدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەخسۇس ئەدەپ-ئەخلاقلىرى بار.

دۇنيادا ھەممە جانلىق يېمەك-ئىچمەككە موھتاج بولغاندەك، ئىنسانمۇ يېمەك-ئىچمەككە مىھتاج. ئەمما مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يېمەك-ئىچمەكتىكى ئۆزگىچىلىكى ئىسلام تەلىماتى بويىچە بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان ئادەم ئالغان ھەربىر نەپسىدە، يېگەن ھەربىر لوقمىسىدا، ئېيتقان ھەربىر سۆزىدە ۋە قىلغان ھەربىر ئىشىدا ئىسلام تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇلغان.

دۇنيادا پۈتۈن جانلىقلار ئۈچۈن يېيىش-ئىچىشتىن مەقسەت قورساقنى تويغۇزۇش بولسا، مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن قورساقنى تويغۇزۇشلا ئەمەس، بەلكى بەدەنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، كۈچلىنىپ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا مۇسۇلماننىڭ بۇ مەقسەت بىلەن يەپ-ئىچىشى ئىبادەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

## يېمەك-ئىچمەك ھەققىدىكى ئومۇمىي ئەدەپلەر

1. داستىخانغا كېلىشتىن ئاۋۋال ئىككى قولنى پاكىز يۇيۇش. چۈنكى قول مىكروبلار بىلەن ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئورگان بولغانلىقتىن، قوللارنى يۇيماستىن يېمەسلىك ۋە تۇتماسلىق لازىم. بۇ تەن سالامەتلىكنى ساقلاش قۇرالى بولۇشتىن ئاۋۋال، دىنىمىزنىڭ ئەمرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر.

2. داستىخاندا كۆپرەك ئادەم بىرگە ئولتۇرۇپ يېيىشكە تىرىشىش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز يېمەك يېيىشنى ياقتۇرمايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «تائاملارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىر تاۋاقتا كۆپ ئادەم قول ئۇزىتىپ يېيىلگەن تائامدۇر»[1].

3. تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ﴿بسم الله الرحمن الرحيم﴾ (بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم) دېيىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر تاماق يېمەكچى بولغىنىڭلاردا، بىسمىللاھ دەڭلار، ناۋادا بۇنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولساڭلار، (يېيىش جەريانىدا بولسىمۇ) ئەۋۋەل ۋە ئاخىر بىسمىللاھ دەڭلار»[2].

تاماقتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئا: اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْمَا رَزَقْتَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ بِسْمِ اللَّهِ.

«ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگەيسەن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغايسەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

4. تاماقنى ئوڭ قول بىلەن يېيىش. بىر ھەدىستە: «شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ»[3] دەپ كەلگەن. پەقەت ئوڭ قولىدا ئۆزرىسى بولغانلارلا سول قولى بىلەن يېسىمۇ بولىدۇ.

(1)ئەبۇ نەئىم «حلة الأوليا» (ھۆللەتۇل ئەۋلىيا) ناملىق ئەسىرىنىڭ 6- توم 61- بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.
(2)ئەبۇداۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 3767- ھەدىسى.
(3) ئىمام مۇسلىمنىڭ«صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2020- ھەدىسى.

5. تامــاقنى ئالدىــدىن يېــيىش. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام : «ئــى ئوغلۇم! بىسمىللاھ دېگىــن ۋە ئــوڭ قولــۇڭ بىــلەن ئالدىڭــدىن يېــگىن»[1] دېگەن.

6. تامــاقتىن تولــۇق پايــدىلىنىش. يەنــى يەيــدىغان نەرســە يەرگە چۈشــۈپ كەتســە، ئــۇنى تازىلىۋېتىــپ يېــيىش كېــرەك. چــۈنكى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن يېمەكلىكنــى ئالماســلىق ئــۇنى خورلىغانلىق ۋە ئىسراپ قىلغــانلىقتۇر. پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالام بــۇ ھەقــتە: «ســىلەرنىڭ بىــرەر لۇقمــا يــېمەكلىكىڭلار يەرگە چۈشــۈپ كەتســىمۇ، ئــۇنى تــازىلاپ يەڭــلار، ئۇنى شەيتانغا قويۇپ بەرمەڭــلار»[2] دېــگەن. ئەگەر يولغــا، يــاكى پاسكىنا يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئۇنى ئېلىپ يېيىش كېرەك ئەمەس.

ئېشــىپ قالغــان تامــاقنى تاشــلىۋېتىش چــوڭ ئىســراپخورلۇق بولــۇپ، گۇنــاھى ئېغىــردۇر. شــۇڭا تامــاقنى يەپ بولالىغۇچىلىــك ئېــتىش كېــرەك. ئەگەر كۆپ ئەتسە چوقۇم باشقىلارنىمۇ چاقىرىپ بىرگە يېيىش كېرەك.

7. قورســاق ئــاچمىغۇچە يېمەســلىك ۋە يېگەنــدىمۇ قورســاقنى بەك تويغۇزماســتىن داســتىخاندىن تــۇرۇپ كېــتىش لازىــم. كــۆپ يېيىشــتىن ســېمىزلىك كېلىــپ چىقىــدۇ. ســېمىزلىكتىن ھەر خىــل كېســەللىكلەر كېلىپ چىقىــدۇ. بــۇ توغرىســىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بىــز شــۇنداق قەۋمكــــى، قورســـاق ئـــاچمىغۇچە تامـــاق يېمەيمـــىز، يېســـەك بەك تويغــۇزۇۋەتمەيمىز» دېــگەن. ئەرەبلەردىمــۇ: «ئاشــقازان كېســەللىكنىڭ ئۆيىدۇر، پەرھىز داۋالىنىشنىڭ بېشىدۇر» دەيدىغان ھېكمەت بار.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2)ئىمام مۇسلىمنىڭ«صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2034- ھەدىسى.

8. يېمەكلىكنى يۇۋلىمەسلىك ۋە بىر نەرسە ئىچىۋاتقاندا قاچىغا تىنماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «تاماقنى سوۋۇتۇپ يەڭلار، چۈنكى قىزىق تاماقتا بەرىكەت يوق»[1] دېگەن.

9. تاماقنى ياخشى چايناپ، ئالدىرىماي يېيىش لازىم.

10. ئاشقازاننى راھەتلىتىش ئۈچۈن ئارقا-ئارقىدىن يېمەستىن، ھەربىر لوقما ئارىلىقىدا داستىخاندىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىش ياخشى كۆرۈلگەن. ئەمما ئاغزىدا تاماق بار ھالەتتە سۆزلەش ياخشى ئەمەس.

11. تاماقتىن كېيىن، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ۋە تاماقتىن كېيىنكى دۇئانى ئوقۇش[2].

12. تاماقتىن كېيىن قولنى يۇيۇش ۋە چىشلارنى تازىلاش.

## ئەسكەرتىش:

1. بالىلارنى ئىمكانقەدەر سىرتتىكى ئاشخانىلاردىن تاماق يېيىشتىن ۋە ماگىزىنلاردىكى تەييار يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن توسۇش لازىم.

---

(1) تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، 6209- ھەدىس.

(2)تاماقتىن كېيىنكى دۇئا: «اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ» تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇسانا بىزگە تائام بەرگەن، بىزگەئۇسسۇزلۇق بەرگەن، بىزنى مۇسۇلمان قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن»؛ يەنەبىردۇئا: «اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هٰذَا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ».تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇسانا مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن، مېنى بۇتائام بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

2. بالىلارنى دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزى يالغۇز بىر نەرسە يېمەسلىككە، يېگەندە ھەممە باراۋەر بىرگە يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

3. بالىلارنى ئانىسىدىن سورىماستىن توڭلاتقۇدىن ئۆز ئالدىغا بىر نەرسە ئېلىپ يېمەسلىككە ئادەتلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى بۇ بىر ئەدەپ بولغاندىن سىرت، سورىماستىن يېگەندە باشقىلار ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىنى يەپ سېلىشى مۇمكىن.

4. بالىلارغا داستىخاندا بىر-بىرىگە يول قويۇش ۋە ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى باشقىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈش ئادىتىنى ئۆگىتىش كېرەك. مۇنداق قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئاتا-ئانا داستىخاندا بۇ ئەخلاققا ئۆزلىرى رىئايە قىلىشى شەرت.

# مېھماندارچىلىقتىكى ئەدەپلەر

مۇسۇلمان ئادەم مەيلى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارسۇن، مەيلى باشقىلارنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرسۇن، داستىخان ۋە زىياپەت ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشى ۋە باللىرىنىمۇ شۇنداق تەربىيەلىشى كېرەك. مۇنداق ئىسلامىي ئەدەپ-ئەخلاقلار مېھمانلار ۋە ساھىبخان ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ئەدەپلەرنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1. مېھماننى ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئەڭ كامالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەش پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان ئىكەن، مېھماننى ھۆرمەت قىلسۇن»(1) دېگەن.

2. مېھمانغا قىزغىن پاراڭ سېلىپ بېرىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش.

3. تاماق ياكى ئىچىدىغان نەرسە نۆۋەت بىلەن كېلىدىغان بولسا، ياشنىڭ چوڭلۇقى، ياكى مەرتىۋىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماي سورۇندىكى باش مېھماننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قولىدىكى مېۋىنى سول تەرىپىدىكى چوڭلارنى قويۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى بالىغا ئاۋۋال بەرگەن.

4. مېھمانلاردىن چوڭلار تاماققا ئېغىز تەگمىگىچە، ئۆي ئىگىسى ۋە كىچىكلەر يېيىشنى باشلىماسلىق كېرەك.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى، «صحيح البخاري» (سەھىھۇل بۇخارى)دىكى 3511- ھەدىس، «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم)دىكى 2065- ھەدىس.

5. مېھمـــان يېيىشـــنى توختـــاتمىغىچە ســـاھىبخان يېيىشـــتىن توختىماسلىقى ۋە ھەمىشە يېيىشكە تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

6. تامـاق يەۋاتقانــدا بىراۋنىــڭ ئالغــان لوقمىســىغا تىكىلىــپ قــاراش قــاتتىق ئەيــب ســانىلىدىغان ئىشــتۇر. شــۇڭا ئېغىزلارغــا ئېلىنىۋاتقــان لوقمىلاردىن كۆزلەرنى قاچۇرۇش كېرەك.

7. ئاغزىــدا تامــاق بــار تــۇرۇپ ئــۇنى يۇتىۋەتمەســتىن گەپ قىلىشــقا بولمايـدۇ. گەپ قىلىشـقا زۆرۈرىـيەت بولـۇپ قالسـا، ئـاغزىنى قـولى بىـلەن توسۇپ تۇرۇپ سۆز قىلسا بولىدۇ.

8. داســتىخاندا مېھمانىنىــڭ كــۆڭلىنى ئايــاش ۋە ئۇنىــڭ ھېسســياتىغا ماسلىشىش لازىم.

9. چەينەكنىــڭ جۈمىكىــدىن، يــاكى ســۇ قاچىســىنىڭ ئاغزىــدىن ئىچــش ئەيــب ســانىلىدىغان ئىشــتۇر. ئــۇنى پىيالىغــا قويــۇپ ئىچــش كېرەك.

10. داســتىخاندا چىشــنى كولىغانــدا بىۋاســتە قــولىنى تىقماســتىن، ئېغىزىنى توسۇپ تۇرۇپ چىش كولىغۇچ بىلەن تازىلاش لازىم.

11. تامــاقنى ئەيــبلەش، يــاكى ئــاز كۆرۈشــتەك قىلىقلارنــى قىلىــپ، ساھىبخانىنى خىجىل قىلماسلىق لازىم.

# ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئەدەپلەر

## 1. نامەھرەمگە تىكىلىپ قارىماسلىق

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ... ﴾يەنى﴿مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىسۇن. مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن...﴾ [1] دەپ ئەمر قىلغان.

مەھرەم—ئەر ياكى ئايال ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جورىسى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقانلىرى دېمەكتۇر.

نامەھرەم—بۇلارنىڭ ئەكسى، يەنى يات كىشىلەردۇر.

ئاياللارنىڭ مەھرەملىرى—ئۇنىڭ ئېرى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئەر تۇغقانلىرىدۇر. ئۇلار: شۇ ئايالنىڭ ئاتىسى، بوۋىلىرى، تاغىلىرى، ئوغۇللىرى، قېرىنداشلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، قېيىن ئاتىسى، ئۆگەي دادىسى، قىزلىرىنىڭ ئەرلىرى، ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئەرلىرى ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن باللار قاتارلىقلاردۇر.

---

(1) 24- سۈرە نۇر 30-، 31- ئايەتلەر.

ئەرنىڭ مەھرەملىرى ــ ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئۆزى بىلەن نىكاھى باغلانمايدىغان ئايال تۇغقانلىرىدۇر.

## تىكىلىپ قاراش بىلەن نورمال قاراشنىڭ پەرقى

تىكىلىپ قاراش كۆپىنچە شەھۋانىيلىق بىلەن قارشى تەرەپكە كۆز تىكىش دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما نورمال قاراش ھەممىگە ئايان. ئۇنىڭدىن قاچقىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىر قېتىملا قارىساڭ بولىدۇ، ئەمما ئىككىنچى قېتىم قاراشقا ھەققىڭ يوق»[1] دېگەن.

يۇقىرىقى ئايەت ئىنسانىنىڭ ۋىجدانىغا بىۋاسىتە خىتاب قىلماقتا. چۈنكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانداق خىياللارنىڭ كېزىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان يېگانە مەخلۇقاتتۇر. بۇ شۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئەھۋال. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە:﴿بَلِ الْإِنْسَانُ عَلَى نَفْسِهِ بَصِيرَةٌ﴾ يەنى﴿ئىنسان ئۆز-ئۆزىنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر﴾[2] دەيدۇ.

شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى ۋە نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماسلىقى لازىم.

---

(1)ئىمام تىرمىزىنىڭ «سنن الترمذي» (سۈنەنى تىرمىزى) ناملىق ھەدىس توپلىمىدا رىۋايەت قىلغان ۋە ھەدىسشۇناس ناسىرۇددىن ئەلبانى «سەھىھ» دەپ باھالىغان ھەدىس.

(2) 75- سۈرە قىيامەت 14- ئايەت.

## 2. نامەھرەم بىلەن يالغۇز قالماسلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يات ئەر بىلەن يات ئايال مەھرەمسىز يالغۇز قالمىسۇن»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ جورىسى ياكى نىكاھى باغلانمايدىغان يېقىن تۇغقىنىنىڭ سىرتىدا، يات بىرى بىلەن خالىي يەردە يالغۇز قېلىشى ئىسلامدا مەنئى قىلىنغان ھارام ئىشتۇر.

بۇ ئاياللارغا ئىشەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قوغداش ئۈچۈندۇر. چۈنكى:﴿ وَخُلِقَ الْإِنْسَانُ ضَعِيفًا﴾ يەنى﴿ئىنسان ئاجىز يارىتىلغان﴾ [2]دۇر. يەنى ئىنسان ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئاجىزدۇر.

### يول قويۇلغان ئۈچرىشىش

(1) كىشىلەر كۆپ يەردە يالغۇز ئۇچرىشىش

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا مەدىنىلىك ئاياللاردىن بىرى كېلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز سۆزلەشتى ۋە ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر (مەدىنىلىكلەر) مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر سىلەر»[3] دېدى.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) 4- سۈرە نىسا 28- ئايەت.

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر توپ جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا يات ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋاللاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ ھەدىستىن، زۆرۈر بولغاندا قىزلارنىڭ سىنىپتا باشقا دوستلىرى بار يەردە ئوغۇل ساۋاقدىشى بىلەن، ئاياللارنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا ياكى بازاردا باشقا ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامەھرەم ئەر بىلەن پاراڭلىشىشى جائىز دېگەنلىك چىقىدۇ.

(2) كۆپ ئەرنىڭ يالغۇز ئايال بىلەن ئۇچرىشىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۈگۈندىن باشلاپ ئېرى يېنىدا بولمىغان ئايال بىلەن يېنىدا ئۆزى بىلەن يەنە بىر ياكى ئىككى ئەر بولماستىن ھېچكىم كۆرۈشمىسۇن.»[1] ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە: «بۇ ھەدىستە، يامان نىيەتتە بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئىشەنچلىك جامائەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېگەن.

بۇ ھەدىستىن، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئىشەنچلىك ۋە دىيانەتلىك ئەرنىڭ يالغۇز ئايال بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە سۆزلىشىشى جائىز دېگەنلىك چىقىدۇ.

(3) نامەھرەم ئەرنىڭ بىر توپ ئاياللار بىلەن يالغۇز قېلىشى

بۇ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن چۈشىنىلىدۇ. چۈنكى مەنئى قىلىنغىنى يات ئەر بىلەن يات بىر ئايالنىڭ ئادەم يوق يەردە يالغۇز ئۇچرىشىشىدۇر.

---

(1)ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» (سەھىھ مۇسلىم) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 2173ـ ھەدىسى.

## 3. گۇمان قوزغايدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئېتىكاپتا ئىدى. بىر كېچىسى مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن باردىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتىم. ئاندىن قايتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇۋىدىم، رەسۇلۇللاھ مېنىڭ بىلەن سىرتقا چىقتى. شۇ ئەسنادا ئەنسارلاردىن[1] ئىككى كىشى يولدا كېتىۋاتاتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ قەدەملىرىنى تېزلەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «توختاڭلار، بۇ سەفىيەدۇر» دېۋىدى، ئۇلار: (قانداقمۇ سىلىدىن يامان گۇمان قىلىمىز؟ دېگەننى ئىپادىلەپ) سۇبهانالللاھ، يارەسۇلۇللاھ! دېيىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «شەيتان ئادەمدە گۆش بىلەن قاننىڭ ئارىسىدا يۈرىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلۈڭلارغا بىرەر يامان گۇمان سېلىپ قويۇشىدىن قورقتۇم»[2] دېگەندەك بىر گەپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەرستۇر. شۇڭا مەيلى ئەر، مەيلى ئايال ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدىشى ۋە ئۆزى ھەققىدە يامان گۇمانغا سەۋەب بولىدىغان ئىش-ھەرىكەت ۋە گەپ-سۆزلەردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

## 4. قىستىلاڭ جايلاردىن يىراق تۇرۇش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا مەسجىدلەردە ئاياللارنىڭ سېپى ئەرلەرنىڭ سېپىنىڭ كەينىدە ئىدى، ئارىسىدا توساق يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نامازدىن سالام بېرىپ بولۇپ، ئاياللارنىڭ

---

(1)مەدىنىلىك ساهابىلەردىن.

(2)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بـۇرۇن چىقىۋىلىشـى ئۈچـۈن ئـازراق ئۇلتۇرۇۋىتـىپ ئانـدىن ئورنىـدىن تۇراتتى.

پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام شـۇ مەقسـەتتە يەنە: «بـۇ ئىشـىكنى ئايـاللار ئۈچۈن خاس قىلىپ قويغان بولساقكەن»[1] دېگەن.

هـــازىرمۇ مەدىـــنە مـــۇنەۋۋەرە شـــەھىرىدىكى مەســـجىدى نەبەۋى (پەيغەمــبەر مەســجىدى)دە، «بابۇننىســا» (ئايــاللار ئىشــىكى) دېــگەن مەخسۇس ئىشىك ھېلىھەم باردۇر.

## 5. يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا گۇناھتىن ساقلىنىش

ئاللاھ تائالا قۇرئـان كەرىمـدە: ﴿وَذَرُوا ظَاهِرَ الْإِثْمِ وَبَاطِنَهُ إِنَّ الَّذِينَ يَكْسِبُونَ الْإِثْمَ سَيُجْزَوْنَ بِمَا كَانُوا يَقْتَرِفُونَ﴾ يەنــى﴿ئاشــكارا ۋە يوشــۇرۇن گۇنــاھلارنى تەرك ئېــتىڭلار، شۈبھىســىزكى، گۇنــاھ قىلغــۇچىلار ئــۆز قىلمىشــلىرى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلىدۇ﴾[2] دېگەن.

ئـــاللاھ تائـــالا يەنە:﴿وَلَا تَقْرَبُـوا الْفَـوَاحِشَ مَـا ظَهَـرَ مِنْهَـا وَمَـا بَطَـنَ ﴾ يەنى﴿ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار﴾[3] دېگەن.

ھەر قانــداق بىــر يامــان ئىشــنىڭ كىشــىلەر كۆرەلەيــدىغان ئاشــكارا تەرىپــى بولغىنىــدەك، ئــاللاھ تائــالادىن باشــقا ھــېچكىم بىلمەيــدىغان يوشــۇرۇن تەرىپىمــۇ بولىــدۇ. ئــاللاھ تائــالا يــۇقىرىقى ئــايەتلەردە بىزنــى ئاشــكارا ۋە يوشــۇرۇن گۇناھلارنىــڭ ھەممىســىدىن يىــراق تۇرۇشــىمىزنى

(1) ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سنن أبي داود» (سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد) ناملىق ھەدىس توپلىمىنىڭ 462۔ ھەدىسى.
(2) 7۔ سۈرە ئەنئام 120۔ ئايەت.
(3) 7۔ سۈرە ئەنئام 151۔ ئايەت.

تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنداق بىر گۇناھلار باركى، كۆرۈنىشى غۇبارسىز، ئەمما ھەقىقەتتە ئەڭ ۋەھشىي جىنايەتلەردۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر»[1] دېگەن ۋە يۈرىكىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە»[2] دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان.

(1)بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# باللارغا ئۆگىتىش زۆرۈر بولغان سۆزلەر

باللارغا كىچىكىدىن ئۆگىتىپ ئادەتلەندۈرۈش زۆرۈر بولغان ئەدەپ-قائىدىلەردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم** ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلاش ئالدىدا ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم** بىرەر مۇسۇلمان بىلەن ئۇچراشقاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى: « سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

**ۋەئەلەيكۇم ئەسسالامۇۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ** سالام قىلغان كىشىگە جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

**ماشائاللاھ** خۇشاللىنارلىق ياكى ھەيران قالارلىق بىرەر ئىشنى كۆرگەندە ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**ئىنشائاللاھ** كېلەچەكتە قىلماقچى بولغان ھەر قاناق ئىش ئۈچۈن دېيىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھ خالىسا...» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**سۇبھانالللاھ** بىر ئىشتىن تەئەججۈپلەنگەندە ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھ تائالا جىمى نۇقسانىدىن پاكتۇر» دېگەنلىك بولىدۇ.

**ئەلھەمدۇ لىللاھ** ئاللاھ تائالاغا مىننەتدارلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھقا شۈكۈر» دېگەنلىك بولىدۇ بولىدۇ.

**ئاللاھقا ئامانەت** ئۇزىتىشقاندا ئېيتىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دېگەنلىك بولىدۇ.

**رەھمەت، ئاللاھ رازى بولسۇن** بىراۋدىن بىرەر ياخشىلىق كۆرگەندە ئېيتىلىدۇ.

**ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن** ئالدىنقى تىلەكنى ئېيتقۇچىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئېيىلىدۇ.

**جەللە جەلالۇھۇ** ئاللاھ تائالانىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھنىڭ شەنى ئۇلۇغدۇر» دېگەنلىك بولىدۇ.

**سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا دېيىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

**ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!** بىراۋنىڭ ۋاپات خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ئېيتىلىدۇ.

**ئاللاھ شىپالىق بەرسۇن!** كېسەل يوقلىغاندا ئېيتىلىدۇ.

**مۇبارەك بولسۇن!** بىرەر ئۇتۇق قازانغان ياكى يېڭى كىيىم كىيگەن بىرەر كىشى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

**ئىجازەت سوراش** بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكنى سىلىق قېقىپ، ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت سوراپ كىرىش.

**كەچۈرۈڭ** بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەم چىرايلىقچە ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

**ھېچ ۋەقەسى يوق** كەچۈرۈم سورىغان كىشىگە جاۋابەن تەبەسسۇم بىلەن چىرايلىقچە ئېيتىلىدۇ.

**خوش، لەببەي** ئاتا-ئانا ياكى ئۇستاز چاقىرغاندا دېيىلىدۇ.

**ئەلھەمدۇ لىللاھ** چۈشكۈرگەندە دېيىلىدۇ.

**يەرھەمۇكەللاھ** چۈشكۈرۈپ، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەن ئادەمگە دېيىلىدۇ. مەنىسى: «ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ.

**ئاللاھ قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن** تاماق يېگەندە، تاماق ئەتكەن كىشى ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

**ئاللاھ ئاسانلىق بەرسۇن** قىيىنچىلىقتا قالغان بىرىنى كۆرگەندە دېيىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا باللارغا يەنە تۆۋەندىكىلەرنى ئۆگىتىش لازىم:

1— ئۆيگە، ياكى ئىشخانىغا، ياكى قانداقلا ئادەم بار يەرگە كىرگەندە ياكى چىققاندا، ئۇلارغا سالام بېرىش.

2— ئۆيدىكىلەردىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولغاندا، ئىشىكنى چېكىپ، ئىجازەت سوراپ كىرىش.

3— بىرەر سورۇنغا بارغاندا ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالماسلىق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىش.

4ـ ئۈچ كىشى بىر يەردە ئولتۇرۇۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بىرىنى قايرىپ قويۇپ، يەنە بىرى بىلەن پىچىرلاشماسلىق.

5ـ ھەر قانداق يەرگە كىرىپ. چىقىشتا ياشتا ياكى ئىلىمدە چوڭلارغا يول بېرىش.

6ـ يول يۈرگەندە ئاتا-ئانىنىڭ ئالدىدا ماڭماسلىق، تاماقتا ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزارتماسلىق.

7ـ مەسجىدكە، ياكى قانداقلا بىر سورۇنغا بارغاندا، ياكى بىرەر مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا چىققاندا، چىرايلىق كىيىنىپ چىقىش.

8ـ مەسجىدكە كىرگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش، چىققاندا سول پۇتى بىلەن چىقىش.

9ـ ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدە كىشى بولسۇن ياكى بولمىسۇن سالام قىلىپ كىرىش.

10ـ تاماقتىن ئىلگىرى ۋە تاماقتىن كېيىن قولنى يۇيۇش.

11ـ تاماق يېگەندە بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم دەپ يېيىش.

12ـ تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېيىش.

13ـ تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن يېيىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نەرسىگە قول ئۇزارتماسلىق.

14ـ باشقىلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە تويغان بولسىمۇ، داستىخاندىن تۇرۇپ كەتمەسلىك، باشقىلارنىڭ يەۋېلىشىنى كۈتۈش.

15ـ ئاغزىدا تاماق بار تۇرۇپ سۆزلىمەسلىك.

16ــ تاماقتىن كېيىن، بۇ لەززەتلىك تاماقلارنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلىش.

17ــ قاچىسىدىكى تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىق.

18ــ ئاتا-ئانىغا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىماسلىق، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىش.

19ــ ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇش.

20ــ ھاجەتخانىغا كىرگەندە سول پۇتى بىلەن كىرىش ۋە ئىشتاننى تۈرۈپ كىرىش.

21ــ ھاجەتخانىنى پاكىز تازىلىۋېتىپ، ئاندىن چىقىش ۋە ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىش.

22ــ ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىن قولنى سوپۇنلاپ پاكىز يۇيۇش.

23ــ بىراۋ بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنى تونۇسۇن ياكى تونىمىسۇن ئۇنىڭغا سالام بېرىش.

24ــ ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىك، بىكار قالسا پايدىلىق كىتابلارنى ئوقۇش.

25ــ ئاپتوبۇسلاردا يېشى چوڭلارغا، ھامىلىدار ياكى قۇچىقىدا بالىسى بار ئاياللارغا ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىش.

26ــ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلارنى كۆرسە ياردەم قىلىش.

# ئەتىگەن-ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

1.﴿ اَللّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَّلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي ٱلْأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيْطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَيَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيْمُ﴾

(بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).

2.﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ . اَللَّهُ الصَّمَدُ . لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ . وَلَمْ يَكُنْ لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ﴾.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

3.﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ . وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ . وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ﴾. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

4. ﴿قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ . مَلِكِ النَّاسِ . إِلَهِ النَّاس . مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ . الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ . مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ﴾. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

5. أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلّهِ،(ئاخشاملىرى: «أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلَّهِ» دەپ ئوقۇلىدۇ) وَالْحَمْدُ لِلَّهِ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هٰذا الْيَومِ وَ خَيْرَ ماَ بَعْدَهُ، (ئاخشاملىرى: «هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ.) وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا فِي هٰذا الْيَوْمِ وَ شَرِّ ماَ بَعْدَهُ (ئاخشاملىرى: «هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهَا» دەپ

ئوقۇلىدۇ) رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ . رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ النَّارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ.

6.اَللَّهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا، وبِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ نَحْيَا، وبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ النُّشُورُ

(ئاخشاملىرى «وإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» دەپ ئوقۇلىدۇ). (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

7.اَللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، خَلَقْتَني وَأنَا عَبْدُكَ وَأنَا عَلَى عَهْدِكَ ووَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعوُذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَعَلَيَّ، وَأبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوْبَ إلاَّ أنْتَ.

8. اَللَّهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي (ئاخشاملىرى: «ماَ اَمْسَى بِي» دەپ ئوقۇلىدۇ) مِنْ نِعْمَةٍ أو بأحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فمِنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، ياَ رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كماَ يَنْبَغِي لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَعَظِيْمِ سُلْطاَنِكَ.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

9. اَللُّهَّم عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللَّهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إلاَّ أَنْتَ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ . اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إلاَّ أَنْتَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ)

10.﴿حَسْبِيَ اللهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ.﴾

(يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ).

11.بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

12. رَضِيْتُ بِاللهِ رَبّاً، وَبِالْإِسْلاَمِ دِيْناً، وَ بِنَبِيِّناَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً وَرَسُولاً.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

13.سُبْحَانَ اللّهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

14. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ.

(10 قېتىم ئوقۇلىدۇ).

15. أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ.

## يۇقىرىقى زىكىر ۋە دۇئالارنىڭ تەرجىمىسى

1. (بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى، كەينىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ مەلۇماتى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان-زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)[1]

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 255 ـ ئايەت.

2.﴿ئېيتقىنكى، ئۇ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[1]

3.﴿«مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، سۆيىنىڭ رەببى ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگىن﴾[2]

4.﴿«ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن﴾[3]

5. «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، (بىز كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا كەچ كىردى)، پۈتۈن ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. رەببىم! بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ ياخشىلىقىنى تىلەيمەن)، ساڭا سىغىنىپ بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ

(1) 112ـ سۈرە ئىخلاس.

(2) 113ـ سۈرە فەلەق.

(3) 114ـ سۈرە ناس.

تىلەيــمەن). رەبــبىم! ســاڭا ســىغىنىپ ھۇرۇنلــۇقتىن، قېرىلىقنىــڭ يامانلىقــدىن پانــاھ تىلەيــمەن. رەبــبىم! ســاڭا ســىغىنىپ دوزاختىكــى ئازابتىن ۋە قەبرىدىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن»[1]

6. «ئى ئاللاھ! ئەتىگەندە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن تـۇردۇق، سېنىڭ قۇدرىتىــڭ بىــلەن كەچلىــدۇق، ســېنىڭ قۇدرىتىــڭ بىــلەن ياشــايمىز ۋە ســېنىڭ قۇدرىتىــڭ بىــلەن ئــۆلىمىز، تىرىلىنىــدىغان جــاي ســېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. (قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ تەرىپىڭدۇر)»[2]

7. «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمسـەن، سـەندىن باشقا مەبـۇد يـوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەنـدەڭ، مەن (پەيغەمبەرلەرنىـڭ تىلـى ئارقىلىق مەندىن ئالغان) ئەھـدەڭنى ۋە ۋەدەڭنـى كۈچۈمنىـڭ يېتىشـىچە ئەمەلــگە ئاشۇرۇشــقا تىرىشــىمەن. ســاڭا ســىغىنىپ ئىشــلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتـا قىلغـان نېمەتلىرىڭنـى تونـۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئـى ئـاللاھ! گۇنـاھلىرىمنى مەغپىـرەت قىلغىــن، ھەقىـقەتەن گۇنـاھلارنى سـەندىن بـۆلەك مەغپىـرەت قىلغـۇچى يوقتۇر»[3]

8. «ئـى ئـاللاھ! ماڭـا يـاكى بەندىلىرىڭـدىن بىرەرسـىگە ئەتىگەنـدە ( ھەمدە ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئـۇ چوقـۇم سـېنىڭدىندۇر. سـېنىڭ ھـېچ شـېرىكىڭ يـوق، ھەمـدۇ-سانا ۋە شـۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. ئى رەببىم! سـېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كـاتتىلىقى

(1) ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2)تىرمىزى رىۋايىتى.
(3)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋە مەرتىۋەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[1]

9. «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھى مەبۇد يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ كۇفۇرلۇقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھەقىقي ئىلاھ يوقتۇر»[2]

10.«ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا يۆلەندىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ رەببىدۇر»[3]

11. «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[4]

12. «ئەگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[5]

13. «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە، ئەرشىنىڭ زىننەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشقا يېتەرلىك سىياھلارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغىچە ھەمدۇ-ساناغا لايىقتۇر»[1]

(1)ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(2) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(3) 9- سۈرە تەۋبە 129 - ئايەت

(4)ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(5) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

14. «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. پادىشاھلىق، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئۇ ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى زاتتۇر»[2]

15. «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[3]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئەبۇ داۋۇد،ئىبن ماجە رىۋايىتى.
(3)ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

— ئۇخلاشتىن بۇرۇن: بِاسْمِكَ اَللَّهُمَّ أَمُوْتُ وَأَحْيَا.

«ئى ئاللاھ! سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە نامىڭ بىلەن تىرىلىمەن»[1]

— ئويقۇدىن تۇرغاندا:اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ.

«بىزنى ئويقۇ بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قايتا ھايات بېغىشلىغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىمەن. ئاخىرقى قايتىش ئۇنىڭ تەرىپىگىدۇر»[2]

— كىيىنگەندە: اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي كَسَانِي هَذا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِّنِّي وَلاَ قُوَّةٍ.

«ماڭا بۇ كىيىمنى كىيگۈزگەن ۋە بۇنى مېنىڭ تىرىشچانلىقىمسىز ماڭا ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن»[3]

— ھاجەتخانىغا كىرىشتە: اللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَالْخَبَائِثِ.

«ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئەركەك-چىشى شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن»[4]

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ــ هاجەتخانىدىن چىقىشتا: غُفْرَانَكَ، اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي اَذْهَبَ عَنِّي الْأَذَى وَعَافَانِيَ.

«ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن، مەندىن زىيان زەخمەتنى يوق قىلغان ۋە مېنى سالامەت قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[1]

ــ تاھارەت ئېلىشتا: بِسْمِ اللهِ.

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»[2]

ــ تاھارەتتىن كېيىن: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُه.

«يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلىقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[3]

ــ تاماقتىن بۇرۇن: اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْمَا رَزَقْتَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ بِسْمِ اللَّهِ.

«ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگەيسەن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغايسەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن»[4]

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) ئىبنۇس سۇننە رىۋايىتى.

ــ تاماقتىن كېيىن:اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هَذَا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِّنِّي وَلاَ قُوَّةٍ.

«جىمى ھەمدۇ-سانا مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن، مېنى بۇ تاماق بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1]

ــ ئۆيدىن چىقىشتا: بِسْمِ اللهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللهِ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاّ بِاللهِ.

«ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»[2]

ــ ئۆيگە كىرىشتە: بِسْمِ اللهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى اللهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا.

«ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كىردۇق، ئۇنىڭ نامى بىلەن چىقتۇق ۋە رەببىمىز ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدۇق»[3]

ــ قاتناشقا ئولتۇرغاندا: «سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِيْنَوَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ».

«بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز بۇنىڭغا (چىقىشقا) قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»[4]

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(3) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(4) 43- سۈرە زۇخرۇف 13-ئايەت.

ــ ئەزان ئوقۇلـۇپ بولغانــدا: اَللّٰهُمَّ رَبَّ هَـذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً ن الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَاماً مَحْمُوداً الَّذِي وَعَدْتَهُ.

«ئـى مۇشـۇ ئۇلـۇغ چاقىرىقنىـڭ ۋە ئوقۇلـىدىغان نامازنىـڭ ئىگىسـى ئـاللاھ! پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا شـاپائەت قىلىــش پەزىلىتــى بەرگىــن ۋە ئــۇنى ســەن ۋەدە قىلغــان ئــالىي ماقامغــا ئېرىشتۈرگىن»[1]

ــ مەسجىدكە كىرگەندە: اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ.

«ئى ئاللاھ! ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئېچىپ بەرگىن»

ــ مەسجىدتىن چىققاندا: اَللّٰهُمَّ إِنِّيْ أَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ.

«ئى ئاللاھ! ئۇلۇغ پەزلىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[2]

ــ مەسجىدتىن چىققاندا: اَللّٰهُمَّ اعْصِمْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ.

«ئى ئاللاھ! مېنى قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىغىن»[3]

ــ ئەجەبلىنىش ۋە خۇشاللىقتا: مَاشَاءَ اللهُ لاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللهِ

«ئاللاھنىــڭ خــالىغىنى بوپتــۇ . ئاللاھنىــڭ ياردىمىســز قــولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.»

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(3)ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ــ كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغانــدا: قَدَّرَ اللهُ و مَاشَاءَ اللهُ اَلْحَمْدُ لِلَّهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ.

«ئاللاھنىــڭ تەقــدىرى، ئــۇ خــالىغىنىنى قىلــدۇ، ھەمــمە ھــالىتىمىزدە ئاللاھقا شۈكۈر.»

ــ بىرەر ياخشىلىق قىلغان كىشىگە: جَزَاكَ اللهُ خَيْرًا.

«ئاللاھ سىزنى ياخشى مۇكاپاتلىسۇن»[1]

ــ قىيىنچىلىققــا ئۇچرىغانــدا:اَللَّهُمَّ لاَسَهْلَ إِلاَّ مَا جَعَلْتَهُ سَهْلًا، وَأَنْتَ تَجْعَلُ الْحَزْنَ سَهْلاً إِذَا شِئْتَ.

«ئى ئاللاھ! ســەن ئاســان قىلمىغــچە ئاســانلىق يــوق، ســەن خالىســاڭ قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا ئۆرۈپ بېرىسەن»[2]

ــ سەپەرگە چىققاندا: اَللَّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذاَ، وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَه.

«ئى ئاللاھ! بىزگە بــۇ ســەپىرىمىزنى ئوڭايلاشــتۇرۇپ بەرگــىن، ئۇنىــڭ يىراقلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بەرگىن»[3]

ــ كېسەل يوقلىغاندا:اَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ أَنْ يَشْفِيْكَ.

«ئۇلــۇغ ئەرشــنىڭ ئىگىســى بولغــان ئــاللاھتىن ســىزگە شــىپالىق تىلەيمەن»[4]

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.
(2) ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(4) تىرمىزى رىۋايىتى.

ــتەزىيەدە:عَظَّمَ اللهُ اَجْرَكَ.

«ئاللاھ ئەجرىڭىزنى زىيادە قىلسۇن!»

ــقاتتىق غەزەپلەنگەندە: أعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ.

«ئاللاھقا سىغىنىپ قوغلانـدى شـەيتاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1]

ــساھىبخانغا دۇئا قىلغاندا: اَللَّهُمَّ أَطْعِمْ مَنْ أَطْعَمَنِي وَأَسْقِ مَنْ سَقَانِي.

«ئـى ئـاللاھ! مېنـى غىزالانـدۇرغاننى غىزالانـدۇرغىن ۋە مېنـى سۇغارغاننى سۇغارغىن»[2]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
2 ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# پايدىلانغان مەنبەلەر

## ئەرەبچە ئاساسلىق مەنبەلەر


| كىتاب ئىسمى | ئاپتورى |
|---|---|
| تربية الأولاد وسائل وأهداف | ناهد عليش |
| تربية الأولاد في الإسلام | د.عبدالله ناصح علواني |
| منهج التربية الإسلامية | الأستاذ محمد قطب |
| منهج التربية النبوية للطفل | محمد نور عبدالحفيظ |
| وقفة مع الأباء في تربية الأبناء | د. محمد بكر اسماعيل |
| كيف نربي أؤلادنا | د.سعيد اسماعيل علي |
| أصول التربية الإسلامية وأساليبها | الأستاذ عبدالرحمن النحلاوي |
| هكذا نربي أولادنا | الأستاذ حسن العشماوي |
| تربية الأولاد في سؤال وجواب | د. سعد رياض |
| من أخطائنا في تربية أولادنا | د.محمد بن عبدالله السحيم |

## ئۇيغۇرچە ئاساسلىق مەنبەلەر

| ئاپتورى | كىتاب ئىسمى |
| --- | --- |
| يۈسۈپ خاس ھاجىپ | قۇتادغۇبىلىك |
| مۇھەممەد يۈسۈپ | ئىسلام ئەخلاقى |
| مۇھەممەد يۈسۈپ | ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى |
| مۇھەممەد يۈسۈپ | ھالال-ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار |
| مۇھەممەد يۈسۈپ | ئىلاھىي قۇرئان |
| رىزائۇددىن فەخرۇددىن | ئىلمىي ئەخلاق |
| يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق | قائىدە-يوسۇنلىرىمىز |
| رۇزىمۇھەممەد مۇتەللىپ | مۇھەببەت |